ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

( ئىجتىمائىي پەن قىسمى )

3

1986

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى
(ئىجتىمائىي پەن قىسمى) ★
1986 - يىل 3 - سان
شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلدى
(ئومۇمى 27 سان)

# مۇندەرىجە

مىللىي ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى مۇھىم بىر مەسىلە…
………………………… هاكىم جاپپار 1
مەكتەپلەردە ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى
توغرىسىدا ………………… ئىسمايىل نىياز 9
پەلسەپەدىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش لازىم ………………
………………… ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 19
پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن تاۋار ئىگىلىكىنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكى
توغرىسىدا ………………… جالالىدىن پازىل 34
قانۇن ئىجراچىلىرى «بىر قولدا قۇرۇلۇشنى، يەنە بىر قولدا قانۇنچىـ
لىقنى تۇتۇش» ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشى كېرەك ………… راخمان نىياز 40
پەنلەر كلاسسىفىكاتسىيىسى توغرىسىدا ………… مەمتىلى دانى 46
قەدىمكى ئۇيغۇر خىرىستىيان يادىكارلىقلىرى………… قاھار بارات 58
ياڭ زېڭشىن ۋە شىنجاڭدا ئىسلام دىنى ………… ۋېي چاڭخۇڭ 84
يەر ناملىرى ھەققىدە بەزى مۇلاھىزىلەر ………… ئابلىمىت روزى 108
ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئىلھام مەسىلىسى ………… تۇرسۇن قۇربان 127
ھىجرىيە ۋە مىلادىيە كالېندارىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى …………
………………… يۈسۈپ ئوربىلى 141

www.uyghurkitap.com

新疆大学学报 季 刊

（哲学社会科学版）

1986年第3期

新疆大学学报编辑部
编辑出版
（总第27期）

# 目　　录

提高民族教育质量的一个重要问题……阿克木·贾帕尔
加强学校思想政治工作的必要性……司马义·尼亚孜
哲学也要改革……阿布都许库尔·买买提明
计划经济与商品经济的辩证统一……贾拉立丁·帕孜力
学习“一手抓建设，一手抓法制”的思想……热合曼·尼亚孜
关于科学的谱系分类问题……买买提利·达尼
基督教在新疆的传播和基督教文物……卡哈尔·巴拉提
杨增新与新疆伊斯兰教……魏卡洪
对一些地名的探讨……阿布利米提·肉孜
文艺创作中的灵感问题……图尔逊·库尔班
回历与公历对照表……玉苏甫·乌儿华力

# مىللىي ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى مۇھىم بىر مەسىلە

(مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشى ھەققىدە)

ھاكىم جاپپار

مەملىكىتىمىز ھازىر سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى بىر تارىخىي دەۋرىگە كىردى. دۇنيا مىقياسىدىكى يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىدا بىر قاتار يېڭى نەتىجىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، يېڭى پەن - تېخنىكا ساھەلىرىنىڭ ئېچىلىشى، يېڭى ئۇچۇر تارقىتىش ۋاستىلىرى ۋە بىلىش قوراللىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشان — بىزدىن ئېلىمىزنىڭ مۇندىن كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرالايدىغان ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش بىلىملىرىنى بىلىدىغان، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان، مىليونلىغان ھەر مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى تەلەپ قىلماقتا. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مائارىپ، پەن - تېخنىكىنى ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇپ، مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدا مەخسۇس قارار ئېلان قىلىشى بۇ جەھەتتە قوللىنىلغان بىر مۇھىم تەدبىر.

مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تۈپ مەقسىتى ئىختىساسلىق كىشىلەرنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ، مىللىتىمىزنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئالغاندا، شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، شىنجاڭنى XXI - ئەسىردە مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىي يېزا ئىگىلىك، زامانىۋىي سانائەت بازىلىرىدىن بىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ھەر مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىگە مۇھتاج. شىنجاڭ داشۆ — شىنجاڭدىكى ئۇنىۋېرسال ئالىي مەكتەپ. ئۇ، ھازىرغىچە شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن 16 مىڭدىن كۆپ ھەر مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ بەرگەن

بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىلىق خادىملارنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسى ئاشقىنى يوق. بۇ ئۇلۇغ ھەم شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن مەكتىپىمىز ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئىزچىل ئۆستۈرۈشى، پەن تەتقىقات سەۋىيىسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشى، ئەلا سۈپەتلىك ئىقتىساس ئىگىلىرىنى بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئىقتىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىشقا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەكتىپىمىزنىڭ تەرەققىياتى خېلى تېز بولدى. ئوقۇغۇچىلار سانى يىلمۇ يىل ئېشىپ باردى، ئېھتىياجىغا قاراپ يېڭى كەسىپلەر تەسىس قىلىندى، ئوقۇتۇش ساھەسىگە يېڭى كۈچلەر كۆپلەپ قوشۇلدى. بىراق ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتلىرىمىزنىڭ تەلەپكە لايىقلىشالمىغانلىقى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى شەرت-شارائىتلارنىڭ تولۇق بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئوقۇتۇش سۈپىتى، بولۇپمۇ مىللىي ئوقۇتۇشنىڭ سۈپىتى تەلەپكە يېتىشەلمەي كېتىۋاتىدۇ.

مىللىي ئوقۇتۇشنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە مىللىي ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تېز يېتىلدۈرۈش (ئوقۇتقۇچى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا)، ئوقۇتقۇچىلار سۈپىتىنى ياخشىلاش، مىللىي تىلدىكى دەرسلىك مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىش، ئوقۇتۇش سايمانلىرى، تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇقلاپ، رولىنى تولۇق جارى قىلىش، كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىدىيىۋى، سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىش زۆرۈر. لېكىن شۇنىمۇ كۆرسىتىمىز كېرەككى، مىللىي ئوقۇتۇشنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز مىللىي تىل-يېزىقىنى پۇختا ئىگىلىشى بىلەن بىرگە، خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئىگىلىشىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئىگىلىشى بۇ يالغۇز ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىلا مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ قالماستىن، بەلكى پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزملىق مىللىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش، مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىكىنى تەمىن ئېتىش، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئالغا ئىلگىرىلىشىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئازادلىقتىن كېيىنكى 30 نەچچە يىلدىن بېرى مەكتىپىمىز مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىشكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشىدە نەتىجىلەرمۇ خېلى زور بولدى. ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتىپىمىزگە كىرگەندىن كېيىن بىر يىل مەخسۇس خەنزۇچە تەييارلىق سىنىپىدا ئوقۇشىدىمۇ خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بىز بۇ جەھەتتە تەجرىبە ساۋاقلىرىمىزنى يەكۈنلىشىمىز لازىم. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتىپىمىزگە كىرگەندىن كېيىن بىر يىل مەخسۇس خەنزۇچە ئۆگىنىشىدىن ئىبارەت بۇ ئۆتكۈنچى چارىنى يەنە بىر مەزگىل داۋاملاشتۇرۇشقا توغرا



www.uyghurkitap.com

كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۆز تىل-يېزىقىدا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئوقۇشى جەريانىدىكى خەنزۇچە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئالىي مەكتەپكە چىققاندا بىۋاستە خەنزۇچە تىل-يېزىقنى ئىشلىتىشتە قىينالمايدىغان سەۋىيىگە يەتكەندە بۇ ئۆتكۈنچى چارە ئۆزلىگىدىن ئەمەلدىن قالىدۇ. شۇڭا بىز نۆۋەتتە مەكتىپىمىزدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خەنزۇچە تىل-يېزىق ئۆگىنىشنى مىللىي ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتەك ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇشىمىز ۋە بۇنىڭدا ھەم قەتئىي چىڭ تۇرۇشىمىز ھەم ئەستايىدىل بولۇشىمىز لازىم. ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە جۈملىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەرگە نۇرغۇن بالايى-ئاپەتلەرنى كەلتۈردى. ئۇچىغا چىققان «سول» چىلىق تۈپەيلىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىل-يېزىقى ئىنكار قىلىنىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. مىللىي تىل-يېزىقتا ئوقۇيدىغان مەكتەپلەر تارقالدى. مىللىي ئوقۇتقۇچىلارغا زىيانكەشلىك قىلىندى. مىللىي مائارىپقا ئىنتايىن يامان تەسىرلەرنى ۋە زىيانلارنى يەتكۈزدى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن بۇ ئۇچىغا چىققان «سول» چىللىققا خاتىمە بېرىلىپ، ئىشلار ئوڭشىلىپ، تىل-يېزىقى بار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل-يېزىقىدىكى مەكتەپلىرى كۆپلەپ ئەسلىگە كەلدى ۋە يېڭىدىن قۇرۇلدى. مىللىي مائارىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپلەر تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. بۇنىڭ بىلەن مىللىي ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىشىغا ئوڭۇشلۇق شەرت-شارائىتلار ھازىرلاندى ۋە زور بىر تۈركۈم مىللىي خادىملار مەكتەپ پۈتتۈرۈپ سوتسىيالىزىمنىڭ قۇرۇلۇشقا ئاتلاندى. 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن خىزمەتلىرىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكىلىپ، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ ئېھتىياجى ئېشىپ بارغانلىقتىن مىللىي ئىقتىساس ئىگىلىرىگە بولغان تەلەپمۇ ئاشماقتا. بەلكى بۇ تەلەپ يالغۇز ساندىلا ئەمەس مۇھىمى سۈپەت جەھەتتە ئۆسمەكتە. ئەپسۇسكى زامانىۋىلىشىش تەلەپ ئېھتىياجىدىن قارىغاندا مىللىي ئوقۇتۇشنىڭ سۈپىتى تېخى تۆۋەن. ئوخشاش بىر يىللىقتىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيەسىنى سېلىشتۇرغاندا بەزى پەرقلەرمۇ بار. مىللىي ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ كەملىكى ۋە ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى، دەرسلىك قوللانمىلاردىن پايدىلىنىش، تۈرلۈك تەجرىبە سايمانلارنى ئىشلىتىش جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلەردىن باشقا مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىل-يېزىقىنى بىلىش بىلمەسلىك مەسىلىسى ئەمەلىي بىر مەسىلە بولۇپ قالدى.

مەكتىپىمىزدە بىر قىسىم دەرسلىكلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە مىللىي تىل يېزىقتا تۈزۈپ، تەرجىمە قىلىپ دەسلەپكى تەلەپ-ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كېلىۋاتىمىز.

ھازىرغىچە مىق مەتبەئە ۋە ماي باسمىسىدا بېسىلغىنى 300 خىلدىن ئاشىدۇ. بىراق تەلەپنى قاندۇرۇشتىن يەنىلا يىراق. بىز كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتسەكمۇ [illegible] دەرسلىك مەسىلىسىدىكى تەلەپنى قاندۇرۇپ كېتەلمەيۋاتىمىز. بۇ مەكتەپىمىزدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان گەۋدىلىك بىر مەسىلە. بۇنى ئەترابلىق ئويلاپ، تەھلىل قىلىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىر مەكتەپىمىزدە 23 كەسىپنىڭ 420 خىلدىن ئارتۇق دەرس تۈرى بار. يېقىنقى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا قاراپ مېڭىشى بىلەن دەرسلىكلەرنىڭ مەزمۇنىدا يېڭىلىق ۋە ئۆزگىرىشلەر زور بولماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى كەسىپلەردە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئاز بولغانلىقتىن مىللىي تىلدا بېسىلىدىغان كىتابلارنىڭ تىراژىمۇ ئازىيىپ كىتابنىڭ تەننەرقى بەك يۇقىرى بولماقتا. شۇڭا ئالىي مەكتەپلەردە ئۆتىلىدىغان ھەممە دەرسلىكلەرنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدا نەشر قىلىش ئىمكانىيىتى يوق، بۇنىڭغا ۋاقتىمۇ يار بەرمەيدۇ. مۇنداق دېگەنلىك مىللىي تىلدا دەرس ئۆتمىسىمۇ بولىدۇ، مىللىي تىلدا دەرسلىك نەشر قىلمىسىمۇ بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىز مىللىي تىلدا قەتئىي دەرس ئۆتىمىز، مىللىي تىلدا دەرسلىك نەشر قىلىشنى داۋاملىق كۈچەيتىمىز. بۇلەيمۇ مەكتەپىمىزدىكى ھەر قايسى كەسىپلەردە ئۆتىلىدىغان ئاساسىي بىلىم دەرسلىكلىرىنى، ئورتاق ئۆتىلىدىغان دەرسلىكلەرنى ۋە شىنجاڭنىڭ ئۆزىگە خاس تۈزۈلگەن مىللەتلەر تىل ۋە ئەدەبىيات دەرسلىكلىرى، تارىخ، جۇغراپىيە، قانۇن ئاخبارات قاتارلىق دەرسلىكلەرنىمۇ تۈزۈپ نەشر قىلىمىز. لېكىن سۇبيېكتىپ جەھەتتە قانچە تىرىشقان بىلەنمۇ مەكتەپىمىزدىكى ھەممە پەن تۈرلىرىدىكى دەرسلىكلەرنى مىللىي تىلدا نەشر قىلىشقا ئىمكان بولمايدۇ. ھەر قانچە كۈچەپ نەشر قىلغان بىلەنمۇ داۋاملىق قوللانغىلى بولمايدۇ.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارىدا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كەسىپ دائىرىسىدە بەك تار بولۇپ قالغان ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش، ئوقۇش مەزمۇننى ئىخچاملاش ۋە يېڭىلاش، ئەمەلىيەت ھالقىسىنى كۈچەيتىش، ئوقۇتۇش شەرت قىلىنغان دەرسلىكلەرنى ئازايتىپ، تاللاپ ئوقۇلىدىغان دەرسلەرنى كۆپەيتىش، ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىش، دەرستىن سىرتقى ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنى كۆپەيتىش تەلەپ قىلىنغان. دېمەك، دەرسلىك ۋە دەرسلىك مەزمۇننى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ ئۆزگەرتىپ تۇرۇش ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ تەلىپىدۇر. دەرسلىكتىن باشقا قوشۇمچە ئۆگىنىدىغان، پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللاردىن ئالغاندا، بۇلارنىڭ مىللىي تىل-يېزىقتىكىسى ناھايىتى چەكلىك. مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەگىشىپ نۇرغۇن قېرىنداش ئالىي مەكتەپلەردە بۇ خىل يېڭى ماتېرىياللار ناھايىتى كۆپ تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنىۋاتىدۇ. خەنزۇچە بىلمىگەندە بۇلاردىن پايدىلىنىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتـ

تە. مەملىكىتىمىزدە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ئۆز ئارا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش كەڭ ئەۋج ئالماقتا. مەكتىپىمىز چەت ئەللەرگە مىللىي ئوقۇغۇچى چىقىرىش، ئاسپىرانتلىققا ئەۋەتىش جەھەتلەردە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، سۈپەت چەكلىمىسى، تىل چەكلىمىسى (چەت ئەل تىلى چەكلىمىسى) گە دۇچ كېلىۋاتىمىز. خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ياخشى ئىگىلىمەي تۇرۇپ، بىرەر چەت ئەل تىل-يېزىقىنى ئىگىلىلەشمۇ ئانچە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئالدى بىلەن خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئىگىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىرەر چەت ئەل تىل-يېزىقىنىمۇ ئىگىلىشى لازىم. بۇ يولنى جەزمەن بېسىپ ئۆتمەي بولمايدۇ. بىز چوقۇم مۇشۇ تەلەپكە يېتىشىمىز كېرەك.

1. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئىگىلىشىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قالدۇرۇپ كەتكەن ناچار تەسىرلەرنى تازىلاپ، خەنزۇچە ئۆگىنىشتە توغرا تونۇشنى تىكلىشىمىز، ئۆگىنىش پوزىتسىيىسىنى توغرىلىشىمىز لازىم. مەكتىپىمىزدە خېلى بىر قىسىم مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ياخشى بولۇپ، بۇلاردىن بەزىلىرى مەكتەپ پۈتتۈرگىچە خەنزۇ تىل يېزىقىنىلا ئەمەس، ھەتتا بىرەر چەت ئەل تىل-يېزىقىنىمۇ ئىگىلەپ چىقماقتا. لېكىن يەنە بىر تۈركۈم مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى مۇجمەل، ئىشەنچىسى يېتەرسىز، قىزغىنلىقى تۆۋەن، ئەستايىدىل تىرىشىپ ئۆگەنمەيدۇ. بىز شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، مەملىكىتىمىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت. مەملىكىتىمىزدە 50 تىن ئارتۇق مىللەت بار. خەنزۇ خەلقى مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 90% تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسلىق مىللەت. ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا باتۇر، ئەمگەكچان ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى خەنزۇ خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئېلىمىزنىڭ پارلاق مەدەنىيەت تارىخىنى بىرلىكتە بەرپا قىلدى. ھازىرمۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى بىرلىكتە ئېلىپ بارماقتا. تارىخىي ۋە ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندىمۇ ئۇلار ئۆز ئارا ئۆگىنىش، مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە ئالماشتۇرۇشتا خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئورتاق ئالاقە قورالى قىلىپ كەلدى. بۇ خەنزۇ تىل-يېزىقىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تۇرمۇشىدا تۇتقان يۇكسەك ئورنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. خەنزۇ تىل-يېزىقى خەلقئارادىمۇ زور تەسىرگە ئىگە چوڭ تىل تۈرى بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان بەش خىل خىزمەت تىلىنىڭ بىرى. ھازىر خەنزۇ تىل-يېزىقىنى قوللىنىۋاتقانلار دۇنيا ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن بىر نى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇندىن قالسا مەملىكىتىمىز پەن-مەدەنىيەت جەھەتتە بۇرۇن تەرەققىي قىلغان، ئىنسانىيەت مەدە-

نىيىتىگە ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان تارىخى ئۇزۇن بىر دۆلەت. دۆلىتىمىزنىڭ تارىخى، پەن مەدەنىيىتى، تارىخىي يادىكارلىقلىرى، زور قىممەتكە ئىگە مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە ئەسەرلىرى ئاساسەن خەنزۇ تىل-يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن بولغاچقا، ھازىر خەلقئارادىمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلار خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگەنمەكتە. مەملىكىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، خەلقئارادا خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش، جۇڭگونى تەتقىق قىلىش دولقۇنى قوزغالماقتا. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ئالاقە قىلىشتا قوللىنىدىغان خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش — ھازىرقى زامان پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگەللەش، تارىخىي مىراسلىرىمىزنى تەتقىق قىلىش سوتسىيالىستىك زامانىۋى قۇرۇلۇشنى تېزلىتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ستراتېگىيىلىك ئىش. ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا، مىللىتىمىزنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە، ئورتاق گۈللىنىشكە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش.

بىزنىڭ مەكتىپىمىزدىكى بارلىق مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا قويىدىغان تەلىپىمىز ئۆز مىللىي تىل-يېزىقىنى پۇختا ئىگەللەش بىلەن بىرگە، خەنزۇ تىل-يېزىقىنىمۇ ياخشى ئىگەللەش ۋە چەت ئەل تىلىدىن بىرەر تىلنى ئۆگىنىپ چىقىش تەلىپىگە يېتىشتىن ئىبارەت. ئۆز مىللىي تىل-يېزىقىنى ياخشى بىلمىگەندە ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئۆز مىللىتىنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى يۈكسەلدۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغىلى بولمايدۇ (بۇ تەرەپتىن كىچىكىدىن تارتىپلا خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغان مىللىي بالىلارمۇ ئۆز تىل-يېزىقىنى ئىگەللىشى زۆرۈر). بۇ ئالدىنقى شەرت. شۇنىڭ بىلەن خەنزۇ تىل-يېزىقىنىمۇ جەزمەن ئىگەللىشى زۆرۈر. بىر ئونىۋېرسال ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ دۆلەت تىلى (خەنزۇ تىلى) نى بىلمەسلىكى بىر كۈلكىلىك ئىش بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ داۋاملىق ئۆگىنىپ ئالغا بېسىشىغىمۇ، ئۇنىڭ كۆرۈش، بىلىش دائىرىسىگىمۇ زور تەسىر يېتىدۇ. ئۆز تىل-يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردىن، شۇنداقلا، شىنجاڭدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ، بىلىم دائىرىسى چەكلىنىپ قالىدۇ. بىز مەكتىپىمىزدىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشىدىكى تەجرىبە ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىشىمىز، خەنزۇچە ئۆگىنىشتە ئۆتكەلدىن ئۆتۈشنى مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى ئالاھىدە بىر مەسىلە قاتارىدا تۇتۇشىمىز لازىم. ئالدى بىلەن خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى يۈكسەك ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا، ئۇچكە يۈزلىنىش يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىمىز، ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىدىيىسىدە جەزمەن خەنزۇچە بىلىش كېرەك دېگەن ئىدىيىنى تۇرغۇزۇشىمىز لازىم. ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جەريانىدا، ئۆز تىل-يېزىقىدا

دەرس ئۆتۈش بىلەن خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشنى قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويىدىغان ناتوغرا ئىستىللارنى توغرىلىشىمىز ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ «سول» چىللىق تەسىرىگە خاتىمە بېرىشىمىز لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىللە مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھازىرقى خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشتە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلىرىنىمۇ ھەل قىلىشىمىز كېرەك. ئالايلۇق، مەكتىپىمىزگە قوبۇل قىلىنغان مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇنجى يىلى بىر يىللىق تەييارلىق بۆلۈمدە توپلىنىپ خەنزۇچە ئوقۇغىنى ئەۋزەلمۇ، ياكى ھەر قايسى فاكۇلتېتلارغا تەقسىم قىلىنىپ، تۇنجى يىللىق خەنزۇچە ئۆگىنىشنى كەسىپكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگەنگەن ئەۋزەلمۇ؟ مېنىڭچە قايسى چارە بولمىسۇن ئوقۇتۇش ۋاقتى ئوخشاش بەش يىل بولۇشى كېرەك. مېنىڭ دەسلەپكى قەدەم تەتقىق قىلىپ كۆرۈشۈمچە دەسلەپكى بىر يىللىق مەخسۇس خەنزۇچە ئۆگىنىشنى ھەر قايسى فاكۇلتېتلارغا تەقسىم قىلىپ تارقاق ئۆگەنگەن ياخشىراق تۇرىدۇ، سەۋەبى بىرىنچىدىن ھەرقايسى فاكۇلتېتلارغا تەقسىم قىلىنغاندا باشقۇرۇش ياخشىراق بولىدۇ. رەھبەرلىك كۈچى مەركەزلىشىدۇ، ئوقۇغۇچىنىڭ كاللىسىدا بەش يىل شۇ فاكۇلتېتتا شۇ رەھبەرلىكنىڭ تەربىيىسىدە بولىدىغانلىقى ئېنىق بولىدۇ. ئىككىنچىدىن تەييارلىق بۆلۈمدىكىدەك بىر قانچە يۈز مىللىي ئوقۇغۇچى توپلىشىپ قالسا خەنزۇچە ئۆگىنىش ھاۋاسى، شەرت-شارائىتى تازا ياخشى بولمايدۇ. مىللىي خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار فاكۇلتېتلاردىكىدەك ئارىلاش بولمىغاچقا، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، ئۆز ئارا دوستتۇتۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرغىلى، خەنزۇچە ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، تەييارلىق بۆلۈمدە فاكۇلتېتلاردىكىدەك خەنزۇچە دەرسنى كەسىپكە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز كەسىپ دائىرىسىدىكى خەنزۇچە سۆز ئاتالغۇلارنى ئۆگىنىپ بېرىش قولايسىز بولىدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە ساۋاقلارنى ئوبدان يەكۈنلەشكە توغرا كېلىدۇ. مەن يېڭى قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنى فاكۇلتېتلارغا تەقسىم قىلىپ خەنزۇچە ئوقۇتۇشنى قۇۋۋەتلەيمەن.

2 . خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، خەنزۇ تىل-يېزىق ئوقۇتۇشىدىكى ئۇسۇل-مېتودلارنى ياخشىلاش، ئوقۇتۇش پروگراممىسى، دەرسلىك قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئوبدان ھەل قىلىش لازىم. ھازىر خەنزۇ تىل ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەركىبىدە ياش ئوقۇتقۇچىلار نىسبىتى چوڭراق، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلاردىن پېنسىيىگە چىقىۋاتقانلار كۆپ، سالامەتلىكى ياخشى بولمىغانلىق سەۋەبلىك دەرس ئۆتۈشكە قاتنىشىدىغانلار ئاز بولماقتا. شۇڭا ياش ئوقۇتقۇچىلارنى يېتەكلەپ ئۆستۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپىنى سۆيۈش، مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇچە ئۆگىتىشنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنى كەسىپ، ئوقۇتۇش مېتودى جەھەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىن يېتىلدۈرۈش لازىم. خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىغا باشقا پەن ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنىڭ مەكتەپ ئىچىدىكى، جەمئىيەتتىكى ئورنىنى كۆتۈرۈش، تۈرلۈك ئۇنۋان باھالاش، پارتىيىگە قوبۇل قىلىش، ئۆي تەقسىم قىلىش ۋە باشقا تۇرمۇش جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىش لازىم.

3. زۆرۈر بولغان تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇپ ئىجرا قىلىش، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئۆگەنگەن خەنزۇ تىلى بىلىملىرىنى ئۇنتۇپ، تاشلاپ قويماسلىقى ئۈچۈن، كېيىنكى يىللىقلاردا (ياكى 3 - 4 - يىللىقلاردا) مەلۇم دەرسلەرنى خەنزۇچە ئۆتۈشنى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. خەنزۇچە دەرس ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەنلەرنى باشقا پەنلەرنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەنلەر قاتارىدا قاراپ، سىنىپتىن قالدۇرۇش، خەنزۇچە ئاساسى ياخشى، بىۋاستە خەنزۇچە ئاڭلىيالايدىغانلارنى سىنىپ ئاتلىتىپ، ئۇلارنىڭ بىر يىللىق تەييارلىق ۋاقتىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئالدىنقى يىللىق ئوقۇغۇچىلارغا قوشۇۋېتىش لازىم. ئوقۇغۇچىلار خەنزۇچە دەرسنى ساۋەپسىز قالدۇرسا، باشقا پەن دەرسلىرىنى قالدۇرغانلارغا ئوخشاش چارە كۆرۈپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم. مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى، مەسىلەن: خەنزۇچە ھېكايە سۆزلەش مۇسابىقىلىرىنى پات-پات ئۆيۈشتۇرۇش، خەنزۇچە ئىملا، ئىنشا يازدۇرۇشنى كۆپەيتىپ ئېلىپ بېرىش، قارا تاختا، تام گېزىتلىرىگە خەنزۇچە ماقالە يازدۇرۇش، خەنزۇ تىلىدىكى ئاددى، قىزىقارلىق كىتاب-ژۇرناللار بىلەن تەمىنلەش، مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئارا دوست بولۇش، ئۆز سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئارا خەنزۇچە سۆزلىشىنى تۈزۈم قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. قىسقىسى خەنزۇچە ئۆگىنىشكە ياردىمى بولىدىغانلىكى مەدەنىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللەشكە ماھىر بولۇشىمىز لازىم. مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىشكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن مەكتەپتىكى بىر مەسئۇل يولداش، فاكۇلتېتلاردىمۇ بىر مەسئۇل يولداش بۇ ئىشنى ئۆزىگە تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن خەنزۇچە ئۆگىنىش ھەققىدىكى تەشۋىقات-تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ تۇتۇشنى توغرىلاش، ئۆگىنىش ئىستىلىنى ياخشىلاش، رىغبەتلەندۈرۈشنى كۆپەيتىپ ئېلىپ بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەلەپنىمۇ قاتتىق قويۇش لازىم. شىنجاڭ داشۆ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر مىللىي ئالىي مەكتەپ. مەكتىپىمىزدىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى پۇختا ئىگىلىشى ئاساسىدا، خەنزۇ تىلىنىمۇ پۇختا ئىگىلىشى، مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، پەن تەتقىقات سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ھالقىلىق مەسىلە. بۇ مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىش بىلەن بىرگە، سىلىيلارنىڭ چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىشىنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش زۆرۈر. بۇ ئارقىلىق يۇقىرى سەۋىيىلىك مىللىي ئىختىساس ئىگىلىرىنى، ئالىملارنى، دۆلەت ئەرباپلىرىنى

# مەكتەپلەردە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا

ئىسمايىل نىياز

ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. جاۋزىياڭ زۇڭلى «7 - بەش يىللىق پىلاننى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ ھەققىدە ئىزاھات» تا «ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، پۈتكۈل خەلق ئارىسىدا غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنتىزامچان بولۇش توغرىسىدا بوشاشماي چوڭقۇر تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. ئىدىيىۋى ساھەدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا بۇرۇنقى «سول» چىللىق خاتالىقىنى قايتا سادىر قىلماي، يېتەكلەش يەنى سۆز بىلەن قايىل قىلىشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم» دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى. جاۋزىياڭ زۇڭلىنىڭ بۇ كۆرسەتمىدە يېڭى تارىخىي دەۋردىكى دەۋردىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ يۆنىلىش ۋە فاڭجېن ئۇسۇللىرى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. شۇڭا پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە جاۋزىياڭ زۇڭلىنىڭ بۇ كۆرسەتمىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ ئورنى ۋە رولىنى توغرا تونۇش

---

كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىگە يېتىشىمىز كېرەك. شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر ئارىسىدىكى تارىختىن قېلىپ قالغان پەرقنى تۈگىتىپ، ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئۆز ئارا ئۆگىنىپ بىرلىكتە گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ تەلەپكە تولۇق يەتسەك مەكتەپمىزنىڭ تەسىرى رايونىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىمۇ چوقۇم ياخشى بولىدۇ. شۇڭا مەكتەپمىزدە مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئىگىللىشىنى مەركەزنىڭ مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى قىلىپ ئەستايىدىل تۇتۇپ، تېز ئارىدا بۇنىڭدىن تولۇق ۋە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پارتىيىنىڭ مائارىپ يۆنىلىشىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1

ماركسىزم شۇنداق ھېسابلايدۇكى، ئىقتىسات — ئاساس، لېكىن سىياسىي پاسسىپ نەرسە ئەمەس، ئۇ مەلۇم شارائىتتا ئىقتىسادقا قارىتا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىياسىي - ئىقتىسادنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنداقلا ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ ۋە بۇزغۇنچىلىق سالىدۇ. ئېنگېلس سىياسىي بىلەن ئىقتىسادنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىياسىي، قانۇن، دىن، پەلسەپە، ئەدەبىيات، سەنئەت قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىياتى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئاساس قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار يەنە ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەمدە ئىقتىسادىي بازىسقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىقتىسادىي ھالەتلا سەۋەپ، شۇلا ئاكتىپ نەرسە، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى پاسسىپ نەتىجە دېيىشكە بولمايدۇ. بۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز يول ئاچىدىغان ئىقتىسادىي مۇقەررەرلىك ئاساسىدىكى ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش بولىدۇ.»① لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «سىياسىي - ئىقتىسادنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى»، «ئىقتىساد بىلەن سېلىشتۇرغاندا سىياسىينىڭ بىرىنچى ئورۇننى ئىگەللىمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس»، «بىر سىنىپ ئەگەر مەسىلىنى سىياسىي جەھەتتىن توغرا ھەل قىلمىسا، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. شۇڭا، ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنىمۇ ھەل قىلالمايدۇ.»② يولداش ماۋزېدۇڭمۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «ئىدىيەۋى خىزمەت بىلەن سىياسىي خىزمەت ئىقتىسادىي خىزمەت بىلەن تېخنىكا خىزمىتىنى ئورۇنلاشنىڭ كاپالىتى. ئۇلار ئىقتىسادىي بازىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئىدىيە بىلەن سىياسىي — ھەم قوماندان ھەم جان»③ ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەت ئەزەلدىنلا پارتىيىمىزنىڭ ئاممىنى تەربىيىلەش، ئاممىنى تەشكىللەش، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش بىلەن ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئەڭگۈشتەرى بولۇپ كەلدى. ھازىرمۇ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھ قىلىش. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي ۋەزى-

① «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» (پەلسەپە قىسمى) ئۇيغۇرچە نەشرى، 214 - بەت.

② لېنىن: «يەنە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى توغرىسىدا، ھازىرقى ۋەزىيەت توغرىسىدا ۋە تروتسكىي بىلەن بۇخارىننىڭ خاتالىقلىرى توغرىسىدا» 1976 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 37 - 39 - بەتلەر.

③ ماۋزېدۇڭ: «خىزمەت ئۇسۇلى (لايىھە)»، «ئازاتلىق گېزىتى» نىڭ 1969 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈندىكى سانىغا بېسىلغان.

يەنى غەلىبىلىك ئورۇنلاش كۈچلۈك ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتتىن بىردەممۇ ئايرىلالمايدۇ. بۇ ئۇقتىنى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىنى تولۇق ئىسپاتلىغان. لېكىن 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتى ۋە ئېسىل ئەنئەنىسى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتتە ھەق - ناھەق ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلدى. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ ئىناۋىتىگە ئېغىر دەرىجىدە نۇقسان يەتتى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان قالايمىقانچىلىقنى ئۇڭشاش داۋامىدا ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتتىكى ئۆتمۈشتىن قېپقالغان «سول» چىللىقنىڭ تەسىرى تازىلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت توغرا يولغا سېلىنىپ، ئۇنىڭ ئىناۋىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 12 - قۇرۇلتىيىدا سوتسىيالىستىك مەنىۋىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مۇھىم ستراتېگىيىلىك فاڭجېن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. لېكىن بۇ جەرياندا بەزى كىشىلەردە بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىدىغان بىر تەرەپلىمىلىك قاراشلارمۇ يۈز بەردى. بۇنىڭدا بەزى كىشىلەر يېڭى تارىخىي دەۋردە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ خىزمەت نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي خىزمەتنى مەركەز قىلىشقا يۆتكەلدى، مەكتەپلەرنىڭ خىزمىتى ئوقۇتۇشنى مەركەز قىلىشقا يۆتكەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەت بولسىمۇ بولىدۇ، بولمىسىمۇ بولىدۇ دەپ قارىدى. يەنە بەزى كىشىلەر ئاغزىدا پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى ئىنكار قىلمىسىمۇ لېكىن ئەمەلىيەتتە ئىقتىسادىي خىزمەت ۋە تېخنىكا خىزمىتى «قاتتىق ۋەزىپە»، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت «يۇمشاق ۋەزىپە» دەپ قارىدى. ئاغزىدا مۇھىم دېسىمۇ، لېكىن ئىشلىگەندە مۇھىم بولمىغان ئورۇنغا قويدى. ئالدىراش بولغاندا تاشلاپ قويدى. ۋە باشقىلار. بۇنىڭ بىلەن بەزى جايلاردا ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ھەقىقەت بوشىشىپ قالدى. نەتىجىدە بەزى كىشىلەر جۈملىدىن بەزى كومپارتىيە ئەزالىرى سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم غايىسىنى ئەستىن چىقىرىپ قويدى. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىدىدىن چەتنەپ كەتتى. يەنە بەزى كىشىلەر شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ ھەممە ئىشتا پۇلغىلا قارايدىغان بولۇپ قالدى. دۆلەتنىڭ ۋە ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتماي، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىنتىزامنى بۇزۇپ، ھايانكەشلىك، ئالدامچىلىق، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانماقتا. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە يۈز بېرىشى بىزنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقىمىز ۋە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ رولىنى ۋە نوپۇزىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويغانلىقىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مۇشۇ مەسىلىلەرگە قارىتا يولداش دېڭشياۋپىڭ پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا سۆزلىگەن

www.uyghurkitap.com

سۆزىدە «ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتمۇ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت [illegible] ھەرگىز ئاجىزلاشتۇرماي، زور دەرىجىدە كۈچەيتىش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى.

## 2

ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت مەكتەپلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە خىزمىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. يولداش لى پېڭ دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ 1986 - يىللىق خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە «ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئىشلەشنى سوتسىيالىستىك مەكتەپلىرىمىزنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن؛ ئۇ، سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە مەخسۇس ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ كاپالىتى» دەپ كۆرسەتتى. بۇنىڭدا پارتىيىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنىڭ مەكتەپلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە خىزمىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن ۋە رولغا ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. مەكتەپلەردە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ئىشلەشنىڭ مەقسىدى ئوقۇغۇچىلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئومۇميۈزلۈك يېتىلدۈرۈپ، ھەم قىزىللاشقان ھەم ئىختىساسلاشقان كوممۇنىستىك ئاڭغا، ئەخلاق پەزىلەتكە ئىگە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ مەخسۇس ئىختىساس ئىگىلىرىدىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشتىن ئىبارەت. بۇنى مەكتەپلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە تەربىيىلەش نىشانىسى بەلگىلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش لازىم.

چۈنكى، بىرىنچىدىن: سوتسىيالىستىك مائارىپ ئىشلىرى سوتسىيالىستىك تۈزۈم تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇ سوتسىيالىزم ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار خىزمەت ئورۇنلىرىغا بارغاندىن كېيىن دۆلەتنىڭ كادىرى بولىدۇ. بەزىلىرى ھەتتا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم رەھبىرىي كادىرلىرى بولۇپ قىلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي ئەھۋالى ۋە ئەخلاق پەزىلىتىنىڭ قانداق بولۇشى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىنىڭ قانداق كىشىلەرنىڭ قولىدا بولۇش مەسىلىسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان چوڭ مەسىلە. مەكتەپلەر تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچىلار غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان، كوممۇنىستىك ئاڭغا ۋە ئەخلاق پەزىلەتكە ئىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئاكتىپ قوغدايدىغان، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن جان - دىل بىلەن ئىشلەيدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇشى كېرەك. ھالبۇكى، بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسىي يولى. 12-قۇرۇلتايدا ماقۇللانغان پارتىيە نىزامنامىسىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئاساسەن سىياسىي، ئىدىيىۋى ۋە تەشكىلىي رەھبەرلىكتۇر. پارتىيىنىڭ توغرا لۇشيەن، فاڭجېن سىياسەتلەرنى تۈزۈشى ۋە ئىجرا قىلىشى، ئۆزىنىڭ تەشكىلىي خىزمىتى ۋە تەشۋىق تەربىيە خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى، بارلىق خىزمەت ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتا پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق ۋە نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم». بۇ يېڭى تارىخىي دەۋردە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسى ۋە بۇ رەھبەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسىي يولى ھەققىدە چىقىرىلغان مۇھىم يەكۈن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ۋە «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى قارارى»نىڭ روھى بويىچە ئىش قىلىپ پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنى ۋە تەربىيىلەش نىشانىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. ئالىي مەكتەپلەر پارتىيىنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت مائارىپ فاڭجېنى، مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا، كەلگۈسىگە، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ئىدىيىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ ئەقلىي جەھەتتىنلا تۇتۇپ ئەخلاقنى تۇتمايدىغان، «ئىقتىساسلىشىش»نىلا سۆزلەپ، قىزىللىشىشنى سۆزلىمەيدىغان، نومۇرغىلا قاراپ ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە ئىدىيە ئۆزگەرتىشكە سەل قارايدىغان خاھىشلارنى تۈزىتىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىزنى يۈكسەك مەدەنىيەتلىك، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. مەملىكىتىمىزنى يۈكسەك مەدەنىيەتلىك، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتا يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەت بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە يۈكسەك مەنىۋى مەدەنىيەتمۇ بولۇشى كېرەك. بۇ پارتىيىنىڭ 12-قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھىم يېتەكچى فاڭجېن، 12-قۇرۇلتايدا بېرىلگەن دوكلاتتا «سوتسىيالىزمنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى ۋە ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى رېئال ئەھۋالى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى بۇ فاڭجېندا چىڭ تۇرۇش-تۇرماسلىق سوتسىيالىزمنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ياكى خاراپلىشىشىغا، غەلىبە قىلىش ياكى مەغ-

لۇپ بولۇشقا مۇناسىۋەتلىك» دەپ كۆرسىتىلدى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. شۇڭا بىز يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىرىشىپ مەنىۋى مەدەنىيەتنىمۇ بەرپا قىلىش لازىم. مەكتەپ مەخسۇس ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئورنى، مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ بۆشۈگى. شۇڭا، مەكتەپلەر ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش لازىم. بۇ ۋەزىپە ھەم شەرەپلىك ھەم جاپالىق بولۇپ ئۇ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

تۆتىنچى، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. شىنجاڭ — كۆپ مىللەتلىك رايون، مىللىي مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش، شىنجاڭدىكى بارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، تىنچ ئىتتىپاق بولۇشقا، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىي خاراكتېرلىك زور مەسىلە. شۇڭا مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى تەربىيىنى چىڭ تۇتۇپ، ماركسىزمنىڭ مىللەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئوقۇغۇچىلاردا مىللىي ئىتتىپاقلىقنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئاڭلىق قوغدايدىغان قاراشنى تىكلەپ «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن مەكتەپلەرنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق ۋەزىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەكتەپلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە خىزمىتىدە ياخشى ۋەزىيەت ياراتقىلى بولىدۇ.

بەشىنچىدىن، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھەر خىل چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ چىرىتىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى، غايىسى ئېتىقادى، سىياسىي يۆنىلىشى ۋە روھىي ھالىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خىزمەت بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇلۇش قۇرۇلۇشىغا ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا قاتنىشىش جەھەتتىكى ئاكتىپلىقىغا، تەشەببۇسكارلىقىغا ۋە ئىجادكارلىقىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش يۆنىلىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم سەملىكتىمىزنىڭ چوڭ قۇرۇلۇشىدا پىۋەشچىكلار بىلەن بۇرژۇئازىيە سىنىپ سۈپىتىدە يوقىتىلدى. سىنىپىي كۈرەش



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاساسىي زىددىيەت بولۇشتىن قالدى. لېكىن سىنىپىي كۈرەش مەلۇم دائىرىدە يەنىلا مەۋجۇت. نۆۋەتتە تۈرلۈك چىرىك ئىدىيىلەر كىشىلەرنى بولۇپمۇ ياشلارنى چىرىتمەكتە. شۇڭلاشقا مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتكەندىلا ئاندىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ۋە ئۆگىنىش يۆنۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ كاپىتالىزم ئىدىيىسىنىڭ، فېئودالىزم ئىدىيىسىنىڭ ۋە باشقا چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ چىرىتىشىگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى چەكلەش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى چەكلەش ئىقتىدارىنى، خەلق مەنپەئىتىگە زىيان سالىدىغان ھادىسىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش ئىرادىسى ۋە ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، مەكتەپلەرنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاپ مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

## 3

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ۋەزىپىسى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئاكتىپ قوغدايدىغان سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە مەخسۇس ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپلەردىكى ئادەم سانىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگەللەپلا قالماستىن بەلكى يەنە مەكتەپلەر تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىشتە ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن مەكتەپلەر ئۆز زىممىسىگە ئالغان سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە مەخسۇس ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

نۆۋەتتە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئالدى بىلەن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتى ياخشى، ئۇلار ماركسىزم - لېنىنىزمغا ئىشىنىدۇ. ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئۆگىنىشنى خالايدۇ. سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشنى ياقلايدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىدۇ. پارتىيىنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى فاڭجېن سىياسەتلىرىنى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھىمايە قىلىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدۇ، ۋەتەننىڭ ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۆگىنىش كەيپىياتى قويۇق بولۇپ قېتىرقىنىپ كىتاب ئوقۇپ ھەر خىل بىلىملەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىدۇ. تەتقىق قىلىشقا، ئىزدىنىشكە، ئىجات قىلىشقا جۈرئەتلىك بولۇپ، ئۆزلىرىنى جەمئىيەتكە تۆتنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغان كىشىلەرنى قىلىپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. لېكىن يەنە ئاز بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلاردا ئەمەلىيەتتىن چەتنەپ كېتىدىغان، ئەمەلىيەتكە سەل قارايدىغان، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان، ئاممىغا سەل قارايدىغان، دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، ئۆگىنىش نىشانىسى ۋە مەقسىدى ئېنىق بولمايدىغان، كوممۇنىزملىق غايىدىن گۇمانلىنىدىغان، ئۆگىنىش ئىرادىسى ۋە تەشكىلىي ئىنتىزام كۆز قارىشى كۈچلۈك بولمايدىغان، ئەخلاق كۆز قارىشى ئاجىز ئەھۋاللار ساقلانماقتا. بۇ مەسىلە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئەتراپلىق ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە مەخسۇس ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشكە تەسىر يەتكۈزمەكتە. شۇڭا بۇ مەسىلىلەر بىزنىڭ دىققەت ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى كېرەك.

## 4

مەكتەپلەرنىڭ بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتىكى مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

بىرىنچى: ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن، مەكتەپلەردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ زۆرۈرلىكىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنى پارتىيىنىڭ كۈندىلىك ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، مەكتەپلەردىكى بارلىق خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىگە باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەكتەپ پارتكوملىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ساھەسىدە نېمىنى قوللاش نېمىگە قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسى روشەن بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچى: ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىجتىمائىي پەنگە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت بىر پەن بولۇپ ئۇ ئىجتىمائىي پەن كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ رولىنىڭ كۈچىيىشى پۈتكۈل ئىجتىمائىي پەننىڭ ئورنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە باغلىق. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، پەن، ئىنسانىيەتنىڭ ئەمەلىيەت ۋە بىلىش پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ قىممەت جەھەتتە يۇقىرى - تۆۋەن دەپ ئايرىلمايدۇ، ئەمما ئىجتىمائىي پەن ئادەتتە بىۋاستە ئىقتىسادىي ئۈنۈم بولۇپ ئىپادىلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە ئۇنى كەمسىتىدىغان ئۇنىڭغا سەل قارايدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. ئەگەر بۇنداق مەسىلىلەر ھەل قىلىنمىسا، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتكىلى ۋە سوتسىيالىستىك

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ماددىي مەنپەئەت قۇرۇلۇشىنىلا تۇتۇپ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ۋە سەل قارايدىغان قاراش ۋە ئۇسۇللارنىڭ ھەر قاندىقى توغرا ئەمەس. يولداش چېن يۈن مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ، بۇ ئىككىسىنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ، سوتسىيالىزم ئىشلىرى نۇقۇل ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھەم نۇقۇل مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا ئالدى بىلەن ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ ئاندىن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ». بۇ سۆزدە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇناسىۋىتى ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي پرىنسىپى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن. شۇڭا ئىككى مەدەنىيەتنى تەڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىم.

ئۈچىنچى: ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن تارىخىي تەجرىبىلەرنى توغرا يەكۈنلەپ، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتتىكى ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىستىلىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ھەرگىزمۇ «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش» يولىغا قايتىپ كېلىش، «سىياسىنى گەۋدىلەندۈرۈش» بىلەن شۇغۇللىنىش بولماستىن بەلكى پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە، ئىستىلىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا يېڭى تارىخىي دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ پارتىيىنىڭ فاكچېن سىياسەتلىرىنى تەۋرەنمەستىن ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا، ئىسلاھاتقا ۋە كىشىلەر ئىدىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ يېڭى يولىنى تېپىپ چىقىپ، مەزمۇن ۋە ئۇسۇلنى ياخشىلاپ ئۇنىڭ قۇدرىتىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ مەزمۇن ۋە ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ ئۇنىڭ ئىلمىيلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ئىلمىيلاشتۇرۇش ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم ئامىلى. بىز خىزمەت ئىشلەيدىغان ئوبيېكتلار ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئۇلار بىر قەدەر يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى شەيئىلەرنى بىر قەدەر تېز قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ ئىلمىيلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى، تەسىر كۆرسىتىش كۈچى ۋە قايىل قىلىش كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. بولۇپمۇ ياشلار ۋە زىيالىيلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىدىيىۋى تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە پارتىيـ

نىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر ئارقىلىق خىز-
مەت ئىشلەش لازىم. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتتە مۇۋاپىق شەكىلنى قوللىنىش
كېرەك. ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسىگە مۇئامىلە قىلىشتا ئوقۇغۇچىلارغا باراۋەرلىك
پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىش، يېتەكلەش، يەنى سۆز بىلەن قايىل قىلىش-
نى ئاساس قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، داۋلى سۆزلەش، دېموكراتىك مۇزاكىرە
قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئاددى، قوپال، زورمۇ - زور بېسىمشقا ئوخشاش ئۇسۇللارنى
قوللۇنىشتىن ساقلىنىش لازىم. تەقدىرلەش بىلەن تەنقىدنى بىرلەشتۈرۈپ، تەقدىر-
لەشنى ئاساس قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەككىسى تەلەپلىرىگە
قۇلاق سېلىپ ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى
ئىلىشىپ ياخشىلاش لازىم.

پارتىيىمىزنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت مەسىلىسى
خېلى بۇرۇنلا ھەل قىلىنغان مەسىلە بولۇپ، بۇ جەھەتتە پارتىيىمىز مول ئەنئەنىۋى
ئىستىل ۋە تەجرىبىلەرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يېقىنقى بىر
نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا بۇ قايتىدىن مۇھاكىمە قىلىشقا
ۋە ئىزدىنىشكە ئەرزىيدىغان مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. شۇڭا، بىز پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتى كۆرسەتكەن يۆنىلىشنى بويلاپ داۋاملىق ئىزدىنىپ، تەكشۈرۈپ،
تەتقىق قىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان بولساق، يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئوقۇغۇچى-
لارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇ-
نىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى تولۇق جارى
قىلدۇرالايمىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# پەلسەپىدىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش لازىم

ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن

## 1

بىر پۈتۈن پەلسەپە تارىخى ئەمەلىيەت ۋە بىلىش تەرەققىياتى ئاساسىدا، پەلسەپىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش تارىخىدىن ئىبارەت. نۆۋەتتە، پەلسەپەدە مۇناسىپ بەزى ئىسلاھات ئېلىپ ئېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ئەڭ كام دېگەندىمۇ مۇنداق 2 تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى تارىخى خاراكتېرلىق يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى. تەبىئىي پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەردە ئۆز ئالدىغا غايەت زور مۇۋاپپەقىيەتلەر مەيدانغا كېلىش بىلەن بىللە يەنە تەبىئىي پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەر يېڭى بىر يېقىنلىشىش، بىر مەنبەلىشىش يۈزلىنىشى بويىچە ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە. بۇ ھال بىر قاتار مېتودولوگىيىلىك زۆرۈرىيەتلەرنى تۇغدۇرۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە پەلسەپىنىڭ پۈتۈن بىلىش سىستېمىسىدىكى ئورنىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ مۇناسىپ يېڭىلىنىشىنى تەقەززا قىلماقتا. ئىلمىي پەلسەپىنىڭ ھايات قانۇنى ئۇنىڭ باشقا ھەر قانداق ئىلىملەرگە ئوخشاش يېڭى مەزمۇن ۋە شەكىلدە ئىسلاھ قىلىنىپ تۇرۇشىدا. ئۇنىڭسىز ئۇ ئەمەلىيەت ۋە بىلىشنىڭ ھەقىقىي قىبلەنامىسىغا ئايلىنالمايدۇ.

ئىككىنچى، بىر زامان جانلىق ئىقتىدارغا ئىگە بولغان تەرەققىيپەرۋەر ۋە جەڭگىۋار نەزەرىيە — جۈملىدىن پەلسەپىۋى نەزەرىيە ئەگەر تۇرغۇنلىشىپ، قاتماللىشىپ قالىدىكەن، ئەڭ كام دېگەندىمۇ مۇنداق 3 خىل يامان ئاقىۋەت يۈز بېرىدۇ: 1) ئۇ ئىزچىللىشالمايدۇ، ئۆزىنىڭ توغرا قاراش ۋە يۆلىنىشلىرىنى ئاداققى مەسىلىلەرگىچە ئىزچىللاشتۇرالمايدۇ؛ 2) ئۇ ئۆز رەقىپلىرى ياكى مۇخالىپلىرى تەرىپىدىن خالىغانچە بۇرمىلىنىدۇ، ئۇنىڭ تۇرغۇنلىغان بىقارار مۇخلىسلىرى بىلىش ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتە روشەن داۋالغۇش ھەتتا تارىخى چېكىنىش پەيدا قىلىشتىن خالىي بولالمايدۇ؛ 3) بىر خىل دوگما — نەزەرىيىگە ئەپسانىۋىي ئىقىدە پەيدا

بولىدۇ. مۇنداق ئەقىدە بىلىش پائالىيىتىنى پالەچلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

قەدىمكى گرېك پەلسەپىسىدە ئارىستوتېل مىراسلىرى ئۆزىنىڭ ئىزچىللىقى تۈپەيلى يېڭى پىلاتونىزىمچىلار بىلەن ئاگۇستىن، فوما ئاكۇىنسكى قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئەنە شۇنداق بۇرمىلانغان ئەمەسمىدى؟ گرېك پەلسەپىسىنىڭ گۈللەنگەن بىر دەۋرى ئۆتكەندىن كېيىن، ئىسكەندىرىيە دەۋرىدە يۈز بەرگەن ئاسترولوگىيە، روھانىيەتچىلىك ۋە نۇقۇل دەلىللەش قاتارلىقلار، بولۇپمۇ غەربىي ياۋروپادا ئوتتۇرا ئەسىردە ئەۋجىپ كەتكەن مەدرىسە پەلسەپىسى (چاكىنا پەلسەپە) نەزەرىيىنى ئەقىدە قىلىپ قويمىغانمىدى؟ پەلسەپىنىڭ ئەمەلىيەت ۋە بىلىشتىن ئايرىلىپ، نۇقۇل كاتېگورىيىلەشكەن قېلىپ بىلەن بەند بولۇپ قېلىشى بۇ خىل پەلسەپە تەرەپدارلىرىنىڭ ئۆز پەلسەپىۋى سىستېمىسىغا بولغان ئاڭلىق ساداقىتىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنى تۇنجۇقتۇرۇۋېتىشكە بەل باغلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، خالاس!

پەلسەپە ئىسلاھ قىلىنىشى كېرەك. مۇمداق ئىسلاھات يەنىلا ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخى ئاساسىدا، بولۇپمۇ مۇنداق پەلسەپىۋىي بىلىشنىڭ ئەڭ ئالىي مۇۋەپپەقىيىتى بولغان جانلىق ماركسىزم ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىشى لازىم.

## 2

پەلسەپىگە بېرىلگەن تەبىر ۋە تەرىپلەر خىلمۇ خىل بولماقتا. تولاراق، پەلسەپە — دۇنيا قاراش دەپ ئىزاھلانماقتا. پەلسەپە ئەلۋەتتە دۇنيا قاراشتىن ئايرىلالمايدۇ. پەلسەپە بىلەن بىللە يەنە پۈتكۈل دىنىي ئىدېئولوگىيە، ئاسترولوگىيە ۋە كوسمولوگىيىمۇ دۇنيا قاراشتىن خالى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇنيا قاراش — ئىدىيىۋى كۆز قاراش بولۇپ سۇبيېكتىنىڭ ئوبيېكتقا بولغان ئەڭ ئومۇمى قاراش سىستېمىسىنى كۆرسىتىدۇ؛ شۇنداق ئىكەن پەلسەپىنى دۇنيا قاراش دەپلا قويۇش زادى قانچىلىك روشەن ئېنىقلىققا ئىگە بولىدۇ؟

پەلسەپە - تەبىئەت، جەمئىيەت، تەپەككۇر ھەرىكىتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئومۇمى قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى ئىلىم دېگەن ئېنىقلىمىغا كەلگەندە، بۇ ماتېرىيالىستىك پەلسەپىگە، بولۇپمۇ خاس مەنىدە ماركسىزملىق دىئالېكتىكىغا قارىتىلغان بولۇپ، ھەر خىل پەلسەپىۋى سىستېمىلارغا مۇشۇ ئاساستا مۇئامىلە قىلىشمۇ زادى قانچىلىك روشەن ئېنىقلىققا ئىگە؟

مېنىڭچە، پەلسەپە دۇنيانىڭ ماھىيىتى ۋە ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ئورنى توغرىسىدىكى ئىلىمدىن ئىبارەت. بۇ دۇنيا بىلەن ئىنسان، مەۋجۇدىيەت (ئونتولوگىيە) بىلەن تەپەككۇر (گىنوسېئولوگىيە)، تەبىئەت پەلسەپىسى بىلەن جەمئىيەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ. بۇ ئۆتمۈشتىكى پەلسەپە تارىخىغا ئويغۇن بولۇپلا قالماستىن، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ئومۇمىي پەلسەپىگىمۇ ئويغۇن كېلىدۇ.

3

مېنىڭچە، پەلسەپىنىڭ تۈپ مەسىلىسى ئەلۋەتتە دۇنيانىڭ ماھىيىتى ۋە ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ئورنى مەسىلىسىدىن ئىبارەت بولۇشى لازىم.

مەلۇمكى، ئېنگېلس ئۆزىنىڭ «ليودۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» ناملىق ئەسىرىدە: «پۈتۈن پەلسەپىدىكى، بولۇپمۇ يېقىنقى زامان پەلسەپىسىدىكى زور تۈپ مەسىلە — تەپەككۇر بىلەن مەۋجۇدىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى»، «پەيلاسوپلار بۇ مەسىلىگە قانداق جاۋاپ بېرىشلىرىگە قاراپ ئىككى چوڭ لاگېرغا بۆلۈندى» دەپ يازغان ئىدى. ئېنگېلس بۇ مەسىلىنى تولىمۇ جانلىق، تارىخىي، نىسبىي ۋە روشەن ئىزاھلاپ ئۆتكەن. ئۇنى ھەرگىزمۇ ھازىرقى ئىستېمال مەنىسىدىكىدەك قېلىپلاشتۇرۇپ قويمىغان.

ئېنگېلس بۇ ھەقتە توختالغاندا: بۇ مەسىلە «بارلىق دىنلارغا ئوخشاشلا نادانلىق دەۋرىدىكى نادان ئىدىيىلەردىن كېلىپ چىققان ئىدى»؛ بۇ مەسىلە «ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدرىس پەلسەپىسىدىمۇ غايەت زور رول ئوينىدى ... مەنبە نېمە، روھمۇ ياكى تەبىئەت دۇنياسىمۇ؟ دېگەن مەسىلە — دىنىي جەمئىيەتكە قارىتا* كەسكىن شەكىلدە قويۇلدى: دۇنيانى خۇدا ياراتقانمۇ، ياكى ئۇ ئەسلىدىن بارمىدى؟»؛ «روھنى تەبىئەت دۇنياسىغا نىسبەتەن مەنبە» دەپ ھۆكۈم قىلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى ھېساپتا مەلۇم بىر خىل دۇنيانىڭ يارىتىلغانلىقى تەلىماتىنى ئېتىراپ قىلغانلار ئىدېئالىزىم لاگېرىنى تەشكىل قىلدى، تەبىئەت دۇنياسىنى مەنبە دەپ ھېساپلىغانلار بولسا ماتېرىيالىزىمنىڭ تۈرلۈك ئېقىملىرىغا تەۋە بولدى»؛ «ئىدېئالىزىم ۋە ماتېرىيالىزىم دېگەن بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ئەسلىدە بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق مەنىسى يوق، بۇ يەردە ئۇلار باشقا مەنىدىمۇ ئىشلىتىلمىگەن» دەپ ئىزاھلىغان.

لېنىن «ماتېرىيالىزىم تەجرىبە تەنقىتچىلىكى» ناملىق كىتابىدا: «ئەلۋەتتە، ماددا بىلەن ئاڭنىڭ قارىمۇ قارشىلىقىمۇ، ئىنتايىن چەكلىك دائىرىدىلا مۇتلەق ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇ يەردە، پەقەت قايسىسىنىڭ بىرلەمچى ۋە قايسىسىنىڭ ئىككىلەمچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەت بىلىش نەزەرىيىسىدىكى مۇشۇ تۈپ مەسىلە دائىرىسىدىلا مۇتلەق ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ دائىرىدىن تاشقىرىدا، ماددا بىلەن ئاڭنىڭ قارىمۇ قارشىلىقىنىڭ نىسبىي ئىكەنلىكى شۈبھىسىز» دەپ كۆرسەتكەن، بۇ يەردە لېنىن بۇ مەسىلىنى بىلىش نەزەرىيىسى دائىرىسى بىلەنلا چەكلىگەن.

4

دۇنيا بىر پۈتۈن ماددىي دۇنيا بولۇپ، ئىنسانىيەت دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ

* تەكىتلەش بەلگۈسىنى ئاپتور قويغان.

www.uyghurkitap.com

ئالى نەتىجىسى. تەبىئەتنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان ئەڭ ئالى نامايەندىسىدىن ئىبارەت تەبىئەت پەقەت ئىنسانىيەت ئارقىلىق، پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى ۋە ئەقىل - تەپەككۇرى ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى بىلىشكە مۇيەسسەر بولدى. جەمئىيەت تارىخى، تەپەككۇر تارىخى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، تەبىئەت تارىخىنىڭ تاكامۇللاشقان داۋامىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. جاھالەت، نادانلىق ۋە ئىلاھىيەتچىلىك دەۋرلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، پەلسەپىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ۋە خىزمىتى نېمىنىڭ بىرلەمچى ۋە نېمىنىڭ ئىككىلەمچىلىكىدىن ئىبارەت گۆدەكلىك دەۋرىگە خاس ئېلېمېنتار ۋە مۇقەددىمىلىك ھەقىقەتنى تەكرارلاۋېرىشى بىلەن چەكلىنىپ قېلىش بولماسلىقى كېرەك. بولۇپمۇ تاتىمال پەلسەپىۋى پىكىر ئېقىمىدىكى روھى ھادىسىلەرنى پەس كۆرىدىغان، ئۇنىڭ تەبىئەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە تاكامۇللاشقان سەمەرىسى بولغان ئىجتىمائىي ئىنسانغا خاس ئالاھىدە ئىقتىدار ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدىغان، نەتىجىدە باي ۋە كۆپ خىل روھىي ھادىسىلەر ھەققىدە ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بارمايدىغان ئىنتايىن خاتا كۆز قاراشلارغا چەك قويۇلىشى لازىم. بۇ خىل پىكىر ئېقىمىنىڭ ھەقىقى، ئىزچىل ئىلمىي ماتېرىيالىزم بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق.

## 5

ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئاڭ مەسىلىسىدە ئىقتىسادى پورماتسىيە بىلەن ئىدېئالوگىيىلىك پورماتسىيە مەسىلىلىرى، تارىخى نەرسە بىلەن مەنتىقى نەرسە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. يالغۇز «ئىدېئولوگىيىلىك پورماتسىيە» كاتېگورىيىسىدىن تاشقىرى، يەنە «بىلىش پورماتسىيىسى» كاتېگورىيىسىنى تۇرغۇزۇش لازىم. پەلسەپىلىك پىكىر ئېقىملىرىنى تۈرگە ئاجراتقاندا، مەنتىقىلىق خاراكتېرى بويىچە (مەسىلەن: ماتېرىيالىزم، ئىدېئالىزم، ئوبيېكتىۋ ئىدېيالىزم، سۇبيېكتىۋ ئىدېئالىزم، تارىخى ئىدېئالىزم دېگەندەك) تۈرگە ئايرىش بىلەن بىللە، يەنە تارىخي خاراكتېرى بويىچە، باشقىچە ئېيتقاندا، بىلىش پورماتسىيىسى بويىچە تۈرگە ئايرىش، ئىككى خىل تۈرگە ئايرىشنى بىللە قوللىنىش، تارىخى خاراكتېرى بويىچە تۈرگە ئايرىشنى مەنتىقىلىق خاراكتېرى بويىچە تۈرگە ئايرىشنىڭ ئالدىغا قويۇش لازىم. ئۇنداق بولمىسا، پەلسەپىۋى پىكىر ئېقىملىرى جانلىق، تارىخي خاراكتېرلىق بىلىش پورماتسىيىسىدىن ئايرىلىپ، نۇقۇل، ئابستراكت ئىدېئال قېلىپقا ئايلىنىپ قالىدۇ، بۇ، پەلسەپىۋى پىكىر ئېقىملىرىنى تۈرگە ئايرىشتىكى ئۇزۇندىن ساقلىنىپ كەلگەن بىر تەرەپلىمىلىك.

مېنىڭچە، ئومۇمى ئىقتىسادى پورماتسىيەلەر تارىخىي پورماتسىيەلەرگە نىسبى ماسلاشقان ھالدا بىلىش پورماتسىيىلىرىنى ئانىمىزملىق بىلىش پورماتسىيىسى:

تېئىزملىق (ئىسلاھىيەتچىلىك) بىلىش پورماتسىيىسى؛ پانتېئىزملىق (ياكى ناتۇرال پالېتېئىزملىق) بىلىش پورماتسىيىسى؛ ئاتېئىزملىق (ياكى ماتېرىيالىزملىق) بىلىش پورماتسىيىسى؛ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق بىلىش پورماتسىيىسىگە بۆلۈش مۇمكىن. بۇ، بىلىش پورماتسىيىلىرىنى ئىپادىلەشتىكى بىر خىل ئىبارە شەكلى. بىلىشنىڭ، بولۇپمۇ پەلسەپىۋى بىلىشنىڭ تارىخىي پورماتسىيىسىنى تېخىمۇ ئۆلچەملىك ئەكس ئېتتىدىغان نام ۋە ئىبارىلەر بىلەن ئۇنى ئىپادىلەش تامامەن مۇمكىن ۋە زۆرۈر.

6

ماددىي دۇنيادىكى ھەرىكەت، ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات يۇقىرىغا ۋە تاكامۇللىشىشقا قاراپ يۈزلىنىش جەريانىدا مىنېراللار، ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانات ۋە ئىنسانىيەتكە خاس ھەرىكەت تەرەققىيات باسقۇچلىرى بويىچە ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى مەيدانغا چىقاردى. بىر پۈتۈن دۇنيا تەرەققىياتى جەريانىدا مېخانىك ھەرىكەتتىن تەپەككۇر ھەرىكىتىگىچە بولغان ماددا ھەرىكىتىنىڭ شەكىللىرى شەيئىلەر تۈزۈلمىسىدىكى مۇرەككەپلىشىشكە ئەگىشىپ مۇرەككەپ قاتلام ھاسىل قىلغان. يەنى تەرەققىياتنىڭ كەڭلىك ۋە ئىزچىللىق يۈزلىنىشىنى بويلاپ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشى ماددا ھەرىكىتىنىڭ مەلۇم خاس شەكىللىرىنى تەتقىق قىلغۇچى پەنلەردىن ئەنئەنىۋى كىلاسسىك كۆز قاراشلار توسۇقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەرىكەت شەكىللىرى ۋە ھەرىكەت جەريانلىرىدىكى تۆۋەن باكى بىر قەدەر تۆۋەن ھەرىكەت شەكىللىرى ۋە ھەرىكەت جەريانلىرىنى كۆپ تەرەپلىمە ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىق قىلىشنى تەقەززا قىلماقتا. ئىنسانغا خاس روھىي ۋە تەپەككۇر ھادىسىلىرىنى كۆزەتكەندە، فىزىئولوگىيىلىك، فىزىكىلىق (جۈملىدىن ئېلېكترو ماگنىتلىق) ۋە مېخانىكىلىق ھەرىكەت شەكىللىرىنىڭ مۇرەككەپ ھەم مۇجەسسەم جەريانلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىققا توغرا كېلىدۇ. پاكىتلار شۇ نەرسىنى كۆرسەتمەكتىكى، روھىي ھادىسىلەر يالغۇز ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئۆزىگە تىرەك قىلىپ قالماستىن، يەنە بىر قاتار ئېلېكترو ماگنىتلىق، مۇرەككەپ فىزىئولوگىيىلىك ۋە ھەتتا مېخانىكىلىق ھادىسىلەرنىمۇ ئۆزىگە تىرەك قىلىدۇ. روھىيەت ماددىي دۇنيانىڭ مەھسۇلى دەپ قارىلىدىكەن، ئۇنى گەۋدىلەندۈرگەن ماددىي ھەرىكەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرى تەتقىق قىلىنىشى زۆرۈر.

7

شۇ نەرسە روشەنكى، ماددا بىلەن روھ، مەۋجۇدىيەت بىلەن تەپەككۇر ئىككى مەنبە قىممىتىدىكى ئىككى تەڭداش كاتېگورىيە ئەمەس. روھ بىلەن تەپەككۇر ماددا بىلەن مەۋجۇدىيەتنىڭ داۋامى ۋە ئىنكاسى. پەلسەپىۋى بىلىش تارىخىدا،

نادانلىق ياكى دىنىي ئىدېئولوگىيە ئۈستۈنلۈك ئالغان شارائىتتىلا تەڭداشسىز بولىدىغان بۇ كاتېگورىيىلەر تەڭداش مەنبە سۈپىتىدە جەڭگاھقا ئىشتىرىلىپ چۈشورۈلىشى مۇمكىن. بۇ ئەسلىدە خۇددى مەخلۇق (يارىتىلغۇچى) بولغان نەمرۇتنىڭ خالىق (ياراتقۇچى) بولغان خۇدا بىلەن خالىقلىق (مەنبەلىك) تالاشقىنىغا ئوخشاش بىمەنىلىكتۇر.

يەنە شۇ نەرسىمۇ روشەنكى، ماددى روھ تەرىپىدىن ئىنكاس قىلىنىدۇ، مەۋجۇدىيەت تەپەككۇر تەرىپىدىن بىلىۋېلىنىدۇ. ئۇ ھەقىقەتلىك قىممىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىدە غايەت زور «پائالىيەتچان ئەقىل» (فارابى) رولىنى ئۆتەيدۇ. ئەمما بۇ ماددىنىڭ روھقا، مەۋجۇدىيەتنىڭ تەپەككۇرغا، رېئاللىقنىڭ ئوبرازغا پۈتۈنلەي ئۆزگۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. روھ بىلەن تەپەككۇر، ماددا بىلەن مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى ئۇنىڭ مەنىۋى ئىپادىسى بولۇپ تۇرغىنىدا ئۆزىنىڭ مەنبەلىرىنى ئىنكار قىلالمايدۇ.

قىسقىسى، روھ بىلەن تەپەككۇرنىڭ ماددا بىلەن مەۋجۇدىيەتتىن ئىبارەت مۇشۇ بىردىن بىر، بىر پۈتۈن، مۇتلەق مەنبەدىن ھاسىل بولغان، ئۇنىڭ تەرەققىيات مەھسۇلى، ئۇنىڭ ئىنكاسى بولغان، ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ تەڭداش بولالمايدىغان كاتېگورىيە ئىكەنلىكىنى ھەرگىزمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق زۆرۈر.

8

ئەمەلىيەتتىن بىلىشكە، بىلىشتىن ئەمەلىيەتكە ئۆتۈش جەريانى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئوبيېكتىپ ھەقىقەتلەرنى ئىگەللەش جەريانى ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. بىراق بىلىش جەريانى توز سىزىق بويىچە تەرەققى قىلمايدۇ، ئۇ زىددىيەتلىك ھەرىكەتكە تولغان مۇرەككەپ جەرياندىن ئىبارەت. بىز بىلىش سۇبيېكتى بىلەن بىلىش ئوبيېكتى ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەت ۋە بىلىش پائالىيىتىنىڭ ھەر قايسى سۇبيېكتلەردە (كىشىلەردە) بىردەك بولمايدىغانلىقىنى، ھەتتا بەزىدە پەرق ۋە يەكۈننىڭ پۈتۈنلەي بىر-بىرىگە زىت بولىدىغانلىقىنى كۆرىمىز.

شۇ نەرسە روشەنكى، بىلىش جەريانىدا تۇرۇۋاتقان كونكرېت شەخس ئۆزىنىڭ مۇشۇ بىلىش جەريانىغا ئۆزىگە خاس تارىخى، ئىجتىمائىي ۋە ئىندىۋىدۇئال ئالامەتلەرنى سىڭدۈرىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، باشتىن-ئاياق مۇئەييەن كاتېگورىيىلىك تەپەككۇر قېلىپى (范式) ئاساسىدا قاتنىشىدۇ. بۇ ھال بىلىش جەريانىنىڭ ئوبيېكتىپلىقى، سۇبيېكتىپلىقى، تارىخىي (ئىجتىمائىي) خاراكتېرىنىڭ كونكرېتلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ئەينەن، راۋان، توز سىزىق بويىچە ئىنكاس قىلىشتىن پەرقلىنىدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. مۇنداق كاتېگورىيىلىك تەپەككۇر

قېلىپلىرى بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغىچە بولغان بىلىملەر سىستېمىسى، بىلىم زاپاسلىرى-نىڭ دەرىجىسى ئاساسىدا شەكىللىنىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ پەقەت سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى كاتېگورىيىلىك تەپەككۇر قېلىپلىرى ئايلىدارلىقى بويىچە بىلىش ئوبيېك-تلىرىنى تاللاش، كۆپلىگەن سىگناللىق ھېسسىي مەلۇماتلارنى ئۆزىنىڭ بىلىش قېلىپلىرى بويىچە تاللاپ چىقىرىۋېتىش ئاساسىدا مۇستەھكەملىنىپ، «پىكىر قىلىش ئېنېرتسىيىسى» گە ئايلىنىدۇ. بۇ ھال ئىنسان مېڭىسىنىڭ ھېسسىي مەلۇماتلارنى قوبۇل قىلىش ئىمكانىيەتلىرىنىڭ چەكسىزلىكى بىلەن، مۇنداق ھېسسىي مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالىنىڭ چەكلىكلىكى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ بىر تەرەپلىمىلىك، ئەقىدىچىلىك، قاتماللىق، مۇبالىغىلاشتۇرۇش، سۇبيېك-تىپچىلىقنىڭ بىلىش جەھەتتىكى يىلتىزى، بىلىش نەزەرىيىسى بىلىش جەريانىدىكى بۇ خىل زىددىيەتلىك ھەرىكەتنى تەپسىلىي يورۇتۇپ بېرىشى لازىم.

## 9

تارىخ پرىنسىپى پەلسەپىنىڭ ھۇلۇق پرىنسىپلىرىدىن بىرى. تەبىئەت تارىخى بىلەن جەمئىيەت تارىخىنى ئۈزۈۋەتمەسلىك، بىلىش تارىخى بىلەن پەلسەپە تارىخىنى ئۈزۈۋەتمەسلىك، شەرق بىلەن غەربنىڭ بىلىش تارىخىنى بىر-بىرىدىن ئۈزۈۋەتمەسلىك كېرەك. بۇ، دۇنيانى ماتېرىيالىستىك بىلىش تارىخى بىلەن دۇنيانى ئىدېئالىستىك بىلىش تارىخىنى ئۈزۈۋەتمەسلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىدېئالىستىك، مېتافىزىكىلىق، تارىخىي ئىدېئالىستىك كۆز قاراشلار خاتا. بۇنىڭدا شۈبھە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما بىلىش تارىخى، بولۇپمۇ پەلسەپىۋى بىلىش تارىخى بىر قېتىمدىلا ياكى بىر قانچە قېتىمدىلا ئۇزۇل-كېسىل مۇتلەق ھەقىقەتلەرنى ئىختىرا قىلىۋېتىدىغان ئاددىي جەريان ئەمەس. بىلىش تارىخى ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، بىر تەرەپلىمىلىكتىن ھەر تەرەپلىمىلىككە قاراپ راۋا-جلىنىش تارىخى. بۇ جەرياندا، ھەر خىل ماتېرىيالىستىك تەلىماتلارنىڭمۇ، ئىدې-ئالىستىك تەلىماتلارنىڭمۇ بىلىش جەريانىدا تۇتقان ئۆزىگە خاس تارىخىي ئورنى، بىلىش تارىخىدىكى قوزغاتقۇچ ۋە ئىلھاملاندۇرغۇچ رولى، بىلىش تارىخىغا قوشقان مۇئەييەن تۆھپىسى بولىدۇ. ئەگەر ئىنسانىيەت تارىخىنى زىددىيەتلىك كۈچلەرنىڭ بىللە ياشاش ۋە بىر بىرى بىلەن كۈرەش ئېلىپ بېرىشىنىڭ تارىخىي شەجەرىسى دەپ قارايدىكەنمىز، پەلسەپىۋى بىلىش تارىخىنىمۇ مۇنداق زىددىيەتتىن خالىي قىلىۋې-تەلمەيمىز. ھەقىقىي كۆز قاراشلار بىلەن ھەقىقىي بولمىغان كۆز قاراشلار پەلسەپە تارىخىنىڭ قانۇنىي مەزمۇنى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنىشى، ئېتىۋارغا ئېلىنىشى كېرەك.

شۇ نەرسىنىمۇ دىققەتكە ئېلىش لازىمكى، بىر قاتار قىممەتلىك پەلسەپىۋى كۆز قاراشلار ئىدېئالىستىك پەلسەپىۋى سىستېمىلارنىڭ قارا قۇلۇلىسىدە خۇددى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەۋقەيىت ئۇنچىلىرىدەك ئۆسۈپ يېتىلگەن.

پەلسەپە تارىخىدا ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتتە ئۆچىغا چىققان [illegible]يەتچى ياكى دىنىي ئەكسىيەتچى ئايرىم مۇتەپەككۇرلەرنىڭ تەرسالەرچە ئالجىشلىرى مۇستەسنا قىلىنغان ھالدا، ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ھەر خىل پەلسەپىۋى سىستېما ۋە مەكتەپلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك، تارىخىي باھا بېرىش، ئۇلارغىمۇ «مۇتلەق قالپاق» كىيگۈزىۋەتمەسلىك كېرەك.

## 10

شەرق بىلەن غەربنىڭ بىلىش تارىخىنى بىر بىرىدىن ئايرىۋەتمەسلىك، بىر بىرىگە قارشى قويماسلىق، ئومۇمىيۈزلۈك قايتا باھالاش پەلسەپە تارىخىدىكى، جۈملىدىن مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر مۇھىم تېما.

گېگېل «قانۇن پەلسەپىسىنىڭ قائىدىلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 352-پاراگرافىدا مۇتلەق ئىدىيىنىڭ كونكرېت مىللەتلەر ۋە خەلقلەر ئىدىيىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختىلىپ: «ھەر خىل كونكرېت ئىدىيال چۈشەنچە بولغان ھەر خىل مىللى روھ مۇتلەق ئومۇمىيلىقتىن ئىبارەت بولغان بۇ بىر كونكرېت ئىدىيال چۈشەنچە، يەنى دۇنياۋى روھ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ھەقىقىتى ۋە مۇئەييەنلىكىگە ئىگە، ئۇلار دۇنياۋى روھنىڭ خانلىق تەختىنى چۆرىسىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ رېئاللىشىشىنىڭ ئىجراچىسى، ئۇنىڭ سەلتەنىتىنىڭ شاھىدى ۋە بېزەكلىرى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ» دەپ يازغان ئىدى. گېگېل بۇ يەردە بىر تەرەپتىن، ئاتالمىش مۇتلەق «دۇنياۋى روھ» نىڭ كونكرېت مىللى «ئىدىيال چۈشەنچە» لەر بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىنكار قىلالمىسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇنداق كونكرېت مىللى «ئىدىيال چۈشەنچە» نى گرېكلاردا باشلانغان ۋە نېمىسلاردا ئاخىرقى ۋايىگە ئېرىشىدىغان «دۇنياۋى ئىدىيال چۈشەنچە» خانلىق تەختىنىڭ چۆرىسىدە تۇرغۇچى قوشۇمچە پېرسوناژلار دەپ ئىزاھلايدۇ. ئۇنىڭچە «خانلىق تەختى» قۇرغان دۇنياۋى تارىخىي ئەھمىيەتلىك مۇتلەق ئىدىيال چۈشەنچە پەقەت گرېكلار ۋە نېمىسلاردىن ئىبارەت ئىككى ياۋروپا مىللىتىگە تەئەللۇق بولغان. ئۇ جۇڭگو، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان، ئوتتۇرا-يېقىن شەرق قاتارلىق شەرق خەلقلىرى پەلسەپىۋى تەپەككۇرىنى، ھەتتا رىم پەلسەپىسىنىڭ ئۇتۇقلىرىنىمۇ ئەنە شۇنداق دۇنياۋى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولمىغان «مەھەللى» پېرسوناژلار قاتارىغا قويغان.

بىزنىڭ گېگېلدىن دەلىل كەلتۈرۈشىمىزدىكى سەۋەپ شۇكى، ئەنە شۇ گېگېل ئۆزىگىچە داۋام قىلىپ كەلگەن «غەرپ مەركەزلىك نەزەرىيىسى» قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان تىپىك مۇتەپەككۇر بولدى. يەنە مۇشۇ گېگېل ئۆزىدىن كېيىنكى «غەرپ مەركەزلىك نەزەرىيىسى» قاراشلىرىغا كۈچلۈك ئاساس سالغان تىپىك

پەيلاسوپ بولۇپ قالدى. گېگېلدىكى زىددىيەت شۇكى، ئۇ، بىر تەرەپتىن پەلسەپە تارىخىنىڭ ئىلمىي ئاساسلاردىن تەشكىل تاپقانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، پەقەت گرېك ۋە نېمىس مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ كىلاسسىك كۆز قاراشلىرىنىلا پەلسەپە تارىخىنىڭ مۇتلەق يېتەكچى مەركىزى قىلىپ قويىدۇ.

مېنىڭچە، ئەسلى ھەقىقەت مۇنداق: شەرق ۋە غەرب خەلقلىرى پۈتكۈل بىلىش تارىخىغا ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزگىللەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئورتاق ھەسسە قوشقان. شەرق ۋە غەرب خەلقلىرىنىڭ پەلسەپىۋى بىلىش تارىخىغا قوشقان تۆھپىسى، بۇ تۆھپىنىڭ مەنبەلىرى، تارىخىي قىممىتى ۋە كۆرسەتكەن تەسىرى بويىچە قايتا باھالىنىشى لازىم. پەلسەپە تارىخى بايان قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە شەرق ـ غەربتىكى مەملىكەتلەر، مىللەتلەرنىڭ قوشقان تۆھپىلىرى قاتارى بويىچە ياكى ھەر خىل پەلسەپىۋى كۆز قاراشلارنىڭ بىر پۈتۈن پەلسەپە تارىخىغا كىرىپ كېلىشى قاتارى بويىچە ئىپادىلىنىشى، مىللىي ۋە مىللەتتىن ھالقىغان بايان قىلىش شەكىللىرىنى بىللە قوللىنىشى مۇمكىن.

قەدىمكى گرېك ـ رىم پەلسەپىسى ۋە يېقىنقى زامان غەربىي ياۋروپا پەلسەپىسىدىن باشقا، تولىمۇ ئۇزۇن داۋام قىلغان ۋە شەرقتە ئۆزىنىڭ تىپىك شەكلىنى نامايەندە قىلغان ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى پەلسەپىۋى بىلىش تارىخى تەپسىلىي يورۇتۇلۇشى لازىم. شەرق خەلقلىرىدە، ئەڭ كەم دېگەندىمۇ شەرقتىكى ئاساسىي مەملىكەتلەر ۋە رايونلاردا يۈز بەرگەن ئۇيغۇتۇش ھادىسىسى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى بويىچە تەتقىق قىلىنىشى زۆرۈر. يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارسىز شەرق ـ غەرب پەلسەپە تارىخىنى ئىلمىي ئاساستا قايتا قۇرۇپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس.

## 11

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى تولىمۇ كەڭ چۈشەنچە. ئىجتىمائىي پائالىيەت ۋە بىلىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەممە مىللەت ياكى ھەممە مەملىكەت خەلقلىرى تارىخنىڭ ھەممە دەۋرلىرىدە تۈرلۈكچە مەنىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. بىراق، مېنىڭچە، خەلقئارا مەنبەلەردىن ئوزۇقلىنىپ، مەھەللىچىلىك چەكلىمىلىرىنى ھالقىپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىدا بىر باسقۇچلۇق ئالەمشۇمۇل تارىخىي خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسەتكەن «مەدەنىيەت تىپلىرى»نى يېقىنقى زامانغىچە مۇنداق 5 خىل ئۆلگىلىك مەدەنىيەت تىپىگە ئاجرىتىش مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە شەرق ۋە غەربنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىردەكلىك قانۇنى، ۋارىسلىق قانۇنى، تەرەققىيات قانۇنى گەۋدىلەنگەن. بۇ 5 خىل ئۆلگىلىك مەدەنىيەت تىپى: قەدىمكى گرېك — رىم مەدەنىيەت تىپى؛ كوشان دەۋرىدە ئۆزىنىڭ روناق شەكلىگە

www.uyghurkitap.com

ئېرىشكەن بۇددىزم مەدەنىيىتى تىپى؛ سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى جۇڭگو مەدەنىيەت تىپى؛ ئەرەپ يېزىقى مەدەنىيەت تىپى؛ غەربىي ياۋروپا مەدەنىيىتى ئوي-غۇنىشى ۋە يېقىنقى زامان بۇرژۇئازىيە مەدەنىيىتى تىپىدىن ئىبارەت. بۇ 5 خىل ئۆلگىلىك مەدەنىيەت تىپى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ خۇددى بۇرما شەكىللىك بىلىش تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخىدىكى چوڭ ھالقىلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇنى بەرپا قىلىشقا پۈتۈن ئىنسانىيەت، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ ئاساسلىق قىسمى قات-ناشقان. مۇشۇ 5 خىل «ئۆلگىلىك مەدەنىيەت تىپى» كاتېگورىيىسى ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ كلاسسىك مەدەنىيىتىنى كونكرېتلاشتۇرۇش، تۈرگە ئايرىش ۋە سىستېمىلاشتۇرۇش مۇمكىن.

## 12

پەن ۋە بىلىشنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك يېڭى نەتىجىلىرى شۇنى ئىپادىلە-مەكتىكى، پەلسەپىۋى كاتېگورىيىلەر ئۈستىدىمۇ يېڭى ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىش زۆرۈر.

مېنىڭچە، «قىممەت» ئىبارىسى «كونكرېت ئالامەتلەردىن مەھرۇم قىلىنغان، ئابستراكلاشقان، پەرقسىز سۈپەتكە ئىگە بولغان ئىنسانىيەتنىڭ ئەمگىكى» دەپ ئىزاھلىنىدىغان تاۋار ئېگىلىكىگە خاس ئىقتىسادىي كاتېگورىيە بىلەن چەكلەنمەس-لىكى، پەلسەپىۋى كاتېگورىيە ھېسابلانغان قىممەت چۈشەنچىسى تۇرغۇزۇلۇشى لازىم. قىممەت ـ ھەقىقەتەن تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر دۇنياسىغا ئورتاق بولغان ئومۇمىي كاتېگورىيە. بىز «مەۋجۇتلۇق قىممىتى»، «رېئاللىق قىممىتى»، «تارىخى قىممىتى»، «ئېستېتىك قىممىتى»، «نەزەرىيە قىممىتى»، «پەلسەپە قىممىتى»، «ئىلمىي قىممىتى»، «ئىستېمال قىممىتى»، «پايدىلىنىش قىممىتى» قاتارلىق جەھەت-لەردە قىممەت كاتېگورىيىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز. ھەقىقەتمۇ بىلىشتىكى بىر قىممەتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئۆز سەۋىيىسىگە قاراپ بىر قانچە دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ.

«تۈركۈم» (群 توپ، تۆدە) ئىبارىسىمۇ پەلسەپىۋى كاتېگورىيە ھېسابلىنىشى كېرەك. ماكرو ۋە مىكرو دۇنيا، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر ئۈستىدىكى بىلىش ۋە كۆزىتىش شۇنى كۆرسەتتىكى، تۈركۈم ـ ماددىنىڭ مۇئەييەن سۈپەت مۇقىملىقى، قۇرۇلما مۇقىملىقى ۋە ھەرىكەت شەكلى مۇقىملىقى بويىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدى-كى بىر شەكلىدىن ئىبارەت. بىز ئۇششاق زەررىچىلەرنىڭ تۈركۈم شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئېلېمېنتلارنىڭ ئاددى ۋە مۇرەككەپ، ئانئورگانىك ۋە ئورگانىك سىكىل ۋە بىرىكمىلەرگە تۈركۈملىشىدىغانلىقىنى، ئاسترونومىيىلىك ھادىسىلاردا، گېئولوگىيە-لىك ھادىسىلاردا، كرىستولوگىيىلىك ھادىسىلاردا، سۈچىلىق ۋە ھاۋارايى ھادىسىلىرىدا،

ھۈجەيرىلەر توقۇلمىلىرىدا، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات تۈر ۋە تۈركۈملىرىدە، ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش، لوگىكىلىق تەپەككۇر، تىل ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتا تۈركۈم ھادىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايمىز. تۈركۈم ئىنتايىن مۇھىم پەلسەپىۋى كاتېگورىيە، ئۇنىڭسىز شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، كلاسسىك پەلسەپىدە قوللىنىلغان، يېقىنقى زامان پەلسەپىسىدە ئىستېمالدىن قالغان «گارمونىيە»، «ئاسسىمىلاتسىيە ۋە دىسسىمىلاتسىيە» (ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئۆزگىلەشتۈرۈش) ئىبارىلىرىنى مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىپ ۋە ئىنقىلابلاشتۇرۇپ قوللىنىش پەلسەپە تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا پايدىلىق.

مېنىڭچە، «گارمونىيە» ئىبارىسىنى شەيئىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدىكى بىر بىرىنى تەقەززا قىلىش، بىر بىرىنى تىزگىنلەش، بىر بىرىگە تەسىر قىلىش قانۇنى بىلەن قارىمۇ قارشى تەرەپلەرنىڭ بىرلىك قانۇنىنىڭ ئاساسلىق شەكىللىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە قوللىنىشقا بولىدۇ.

«ئاسسىمىلاتسىيە ۋە دىسسىمىلاتسىيە» يالغۇز جانلىق تەبىئەتتىكى تۈرلەرنىڭ تەبىئىي ۋە سۈنئىي تاللىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك تەدرىجى تەرەققىيات كاتېگورىيىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شەيئىلەرنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىش ۋە ئۆزئارا يىراقلىشىشقا ئالاقىدار سان ئۆزگىرىشى ۋە سۈپەت ئۆزگىرىشى قانۇنىنى گەۋدىلەندۈرگۈچى ئاساسلىق ھەرىكەت شەكىللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىشى كېرەك. ئاسسىمىلاتسىيە ۋە دىسسىمىلاتسىيە بىر خىل قانۇنىيەتنىڭ ئىككى جەھەتلىك ئىپادىسى بولۇپ ئۇنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېلىپ قوللىنىش توغرا ئەمەس.

## 13

پەلسەپە ئىسلاھاتىدا ھەممىدىن كۆپرەك دىققەت بۆلىدىغان تارماق ئېستېتىكىدىن ئىبارەت. ئېستېتىكىغا ئائىت كلاسسىك ئەسەرلەرنى، ھەر خىل مەخسۇس كىتابلارنى، ھەر خىل مۇنازىرە خاراكتېرلىك ماقالىلارنى ئوقۇغان كىشى پەلسەپىۋى ئىلىملەر سىستېمىسىنىڭ بۇ بىر تارمىقىدا كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان ۋە كىشىگە يۇمۇرلۇق تەسىر كۆرسىتىدىغان قىزىقارلىق ئىختىلاپ ۋە مۇنازىرىلەرنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئېستېتىكا ئەلۋەتتە، ئۆزىنىڭ راۋاجلىنىش قانۇنى بويىچە راۋاجلىنىشى لازىم. شۇنداقتىمۇ بۇ خىل راۋاجلىنىشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن بەزى يۈزەكى قاراشلىرىمنى تىزىش شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

1. پۈتكۈل ئېستېتىكا تارىخىدىكى مۇئەييەن ئېستېتىكىلىق كۆز قاراشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسلى — كلاسسىك ئەسەرلەرنى قايتىدىن تەتقىق قىلىپ كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ سىستېما تۈزەشتىكى تىپىك كۆز قاراشلىرىنى، جۈملىدىن ئۇلار-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نىڭ ئۇچۇق ياكى يوشۇرۇن (پوتېنسىئال) نەتىجىلىرىنى روشەنلەشتۇرۇش كېرەك. بۇ بىر خىزمەت ئېستېتىكىدىكى «تارىخىي نەرسە» بىلەن «مەنتىقى نەرسە» نى بىلىۋېلىپ، ھازىرقى ھەر خىل ئېستېتىكىلىق سىستېما ۋە ئېقىملارنىڭ ئىدىيەۋى مەنبەلىرى، ئۆزگەرگەن شەكىللىرى، ساقلانغان مەسىلىلىرىنى ئېنىقلىۋېلىشقا پايدىلىق.

2. ماركسنىڭ «1844 - يىلقى ئىقتىساد شۇناسلىق، پەلسەپە قولىيازمىلىرى» ماركسنىڭ تېخى ماركسىزمنى ئىجات قىلمىغان ۋاقتىدا يېزىلغان ئۆگىنىش خاتىرىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسى نۇقتىسى ئېستېتىكا مەسىلىلىرىگە قارىتىلمىغان. بۇ قولىيازمىدىكى قىممەتلىك پىكىرلەردىن پايدىلانغاندا، ئۇنى جارى قىلدۇرغاندا ماركسىزملىق كىلاسسىك ئەسەر تەرىقىسىدە قارىماسلىق كېرەك. ماركسىزملىق كىلاسسىك ئەسەرلەرگىمۇ «ھەقىقەتنىڭ ئاخىرلىشىشى» دەپ قاراش ماركسىزمغا ئۇيغۇن ئەمەس.

3. گۈزەللىك بىلەن ئېستېتىكىلىق ئېستېتىكىدىكى ئىككى ئاساسىي كاتېگورىيە سۈپىتىدە بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلىشى كېرەك. ئېستېتىك باھانىڭ مەھسۇلى ھېسابلانغان (مەسىلەن: بۇ نەرسە گۈزەل ئىكەن، ئۇشەيئى گۈزەل ئىكەن دېگەندەك) گۈزەل ياكى خۇنۇك ئىبارىسى بىلەن مۇنداق ئېستېتىك باھاغا مەنبە بولغان ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئۆزىدىكى مەۋجۇت گۈزەللىكنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. ئەگەر ئېستېتىكىدىكى بۇ بىرلەمچىلىك (ئونتولوگىيىلىك) نى ۋە ئىككىلەمچىلىك (گىنسېئو لوگىيىلىك) نى ئىپادىلەيدىغان ئىككى ھۆللۈق كاتېگورىيە ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئورنىغا قانداقتۇر «ئېستېتىكىلىك ئاڭ» (ئېستېتىكىلىقنىڭ ئۆزى بىر خىل ئاڭ ئەمەسمۇ؟)، «ئېستېتىكىلىقنىڭ ئوبيېكتى»، «ئېستېتىكىلىقنىڭ شەرتى»، «ئوبيېكتىپلىق ۋە سۇبيېكتىپلىق» دېگەندەك ئىبارىلەر ئىشلىتىلىدىكەن، يەنە ئىككى مىڭ يىلدىن كېيىنمۇ ئېستېتىكا ئىلمى يېڭى شارائىتتا ئۆزىنىڭ كونا تارىخىنى ئۆزگەرگەن شەكىلدە تەكرارلاۋېرىشتىن خالى بولالماسلىقى مۇمكىن. مېنىڭچە، گۈزەللىك («ئەسلى گۈزەللىك») ۋە ئېستېتىكىلىق مۇقىم سۈپەت ئېنىقلىمىسى بىلەن پەرقلەندۈرۈلىشى، ئەسلى گۈزەللىك ئېستېتىكا سارىيىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىلمەسلىكى كېرەك. مېنىڭچە، ئەسلى گۈزەللىكنىڭ مۇقىم سۈپەت ئېنىقلىمىسى، ئۇنىڭ ئېستېتىكىلىق باھاغا نىسبەتەن مۇستەقىل ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلىقى ۋە مۇنداق ئوبيېكتىپ شۇنىڭ مۇتلەقلىقىدىن ئىبارەت. ئېستېتىكىلىقنىڭ مۇقىم سۈپەت ئېنىقلىمىسى، ئەسلى گۈزەللىك ئوبيېكتىنى ئەكس ئەتكەن ئوبيېكتىپ خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن سۇبيېكتنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن سۇبيېكتىپ خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ بىردەكلىكىدىن ئىبارەت.

4. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تارىخىنى پۈتكۈل دۇنيانىڭ راۋاجلىنىش تارىخىدىن ئۈزۈۋالماسلىق كېرەك. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ياراتقان ۋە «بىز ئۈچۈن نەرسە»

بولۇپ ھېسابلانغان پۈتكۈل ماددىي ۋە مەنىۋىي مۆجىزىلەر مۇتلەق مەنىدە يەنىلا «ئۆزى ئۆچۈن نەرسە» ھېسابلانغان پۈتكۈل ماددىي دۇنيانىڭ ئۆز مۆجىزىلىرىنىڭ داۋامىدىن ئىبارەت. ئېستېتىكىدىمۇ «قۇدۇقنىڭ ئاغزى — ئاسمان» دېگىلى بولمايدۇ!

گۈزەللىك مەسىلىسىگە كەلگەندە، ئۇنى تارىختا ھەر خىل چۈشەندۈرۈپ كېلىشتى. ھازىرقى كۈندىمۇ يەنە «تەبىئەت بويىچە چۈشەندۈرۈش»، «جەمئىيەت بويىچە چۈشەندۈرۈش»، «تۇرمۇش بويىچە چۈشەندۈرۈش»، «ئېستېتىكىلىق بويىچە چۈشەندۈرۈش»، «ئەمەلىيەت بويىچە چۈشەندۈرۈش»، «ئوبيېكتىپ - سۇبيېكتىپ بويىچە چۈشەندۈرۈش» دېگەن ئېقىم ۋە سىستېمىلار ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىپ كەلمەكتە. مېنىڭچە، گۈزەللىكنى «قاتلام» بويىچە چۈشەندۈرۈش «قاتلام ئېستېتىكىسى» سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش لازىم. جانسىز تەبىئەتنىڭمۇ، جانلىق تەبىئەتنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا كۆپ خىل قاتلاملىرى بار. ئىنسان ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى كۆپ قاتلاملىق چوڭ بىر قاتلام. «سپارتاك» ناملىق رومان تەسۋىرلىنىشىچە، سپارتاكقا ئاشىق يۇنان قىزى ئېۋتىبىدا ھۆسن جەھەتتە تولىمۇ گۈزەل بولغان. ئېۋتىبىدا يۇقىرى بىر قاتلام ھېسابلانغان قەلبى گۈزەللىكتىن مەھرۇم بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھۆسن جامال قاتلىمىدا تۇتقان ئۆزىگە خاس ئورنىنى قانداق ئىنكار قىلغىلى بولسۇن. كۆپ قاتلاملىق مۇرەككەپ شەيئى بەزى قاتلاملاردا گۈزەل، بەزى قاتلاملاردا خۇنۈك بولۇشى تامامەن مۇمكىن. گيۇگونىڭ «پارىژدىكى بۈۋى مەريەم ئىبادەتخانىسى» ناملىق ئەسىرىدىكى پېرسوناژلاردىن گۈزەل ۋە ئاق كۆڭۈل قىز ئىسمىلادا، گۈزەل ئەمما قەلبى خۇنۈك ياساۋۇل باشلىقى، كۆركەمسىز بىراق قەلبى پاك داڭ ئۇرغۇچى خاشمۇدا ھەر خىل قاتلاملاردا ئۆزىنىڭ گۈزەللىك ياكى خۇنۈكلىكىنى ئىپادىلىگەن ئەمەسمۇ؟

«گۈزەللىك ئىجتىمائىي ئەمگەك»، «گۈزەللىك — ئىنساننىڭ ماھىيەتلىك كۈچلىرىنىڭ سىرتلىشىشى» دېگەن تاشەببۇسقا كەلگەندە، شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، بۇ گۈزەللىك تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى قاتلىمى دائىرىسىدىلا ھەقىقەتلىك قىممىتىگە ئىگە، خالاس.

پىفاگورنىڭ گۈزەللىك «مىقدار»، گۈزەللىك «شەكىل» دېگەن كۆز قارىشىدىن تاكى گۈزەللىك «ئەمگەك»، گۈزەللىك «قەلب» دېگەن كۆز قاراشقىچە بولغان ۋە شاھمات تاختىسىدا ئۆزئارا جەڭ قىلىۋاتقان پېشكىلارغا ئوخشايدىغان ھەر خىل بىر تەرەپلىمىلىك چۈشەندۈرۈشلەر ئۆزىدىكى قىسمەنلىك ھەقىقەت بويىچە ئۆزىنىڭ تارىخىي قاتلىمىغا تىزىلىپ كۆرسۈنچۇ، شۇ چاغدىلا قاتلاملىق ئېستېتىكىنىڭ تارىخىي ۋە مەنتىقىي جەھەتتىكى مىسلىسىز ئەۋزەللىكى ئۆزىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ. روشەنكى، ئالەمنىڭ بىردىن بىر مەنبەسى بولغان ماددىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنىڭ مەڭگۈلۈك ئالامىتى ھېسابلانغان گۈزەللىك، ماددىي

دۇنيا بىلەن بىللە تاكامۇللىشىشنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغا جايلاشقان. گۈزەللىك قانۇنىيەتلىرىمۇ ھەممە ئاساسلىق قاتلاملاردا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، يۇقىرى قاتلامدا تۆۋەن قاتلام ئالامەتلىرى ۋە قانۇنىيەتلىرىنىڭ مۇرەككەپ ھالەتتە ئىپادىلىنىشى شۈبھىسىز، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## 14

مېنىڭچە، «تەپەككۇرنىڭ تارىخىي شەكلى» دېگەن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، ئۇ پەلسەپە تەتقىق قىلىدىغان مۇھىم بىر تېما بولۇشى كېرەك. مەن تەپەككۇرنىڭ تارىخىي شەكلى دېگەندە مۇئەييەن بىر تارىخىي دەۋردىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغان پىكىر قىلىش مايىللىقى ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى نەزەردە تۇتىمەن. مەلۇمكى، ھەر قايسى ئاساسلىق تارىخىي دەۋرلەردىكى تەپەككۇر شەكىللىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ۋە مايىلدارلىق بىلەن بىر - بىرىدىن پەرقلەنگەن. ياۋايىلىق ۋە نادانلىق دەۋرىدىكى، قۇلدارلىق ۋە فېئوداللىق دەۋرىدىكى تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخىي ئۆزگىچىلىكلىرى بولغانلىقىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى «تەپەككۇر» دېگەن بىرلا ئىبارە بىلەن بىردەك قىلىپ قويغىلى بولمايدۇ.

كۆز ئالدىمىزدىمۇ 3 خىل تارىخىي خاراكتېرلىق تەپەككۇر شەكلى مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا: يېزا جەمئىيىتى شەكلىدىكى تەپەككۇر ئۆتمۈشكە يۈزلەنگەن بولۇپ، غايىۋى ئۈلگىلەر ۋە كىشىلىك جەمئىيىتى نامايەندىلىرىنى ئۆتمۈشتىن ئىزدىشىدۇ. بۇ خىل تەپەككۇر شەكلى ئۆتمۈشتە ئېرىشىلگەن مۇۋاپىقىيەت، تەجرىبە - ساۋاقلار ئاساسىدا جەمئىيەتنى تەدرىجى ئىلگىرىلىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. سانائەت جەمئىيىتى شەكلىدىكى تەپەككۇر رېئاللىققا يۈزلەنگەن بولۇپ، تاۋار ۋە قىممەت قانۇنى نۇقتىئىنەزەرى بويىچە، ماركا ۋە ئەمەلىي مەنپەئەت نۇقتىئىنەزەرى بويىچە ھەممىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇرىنىدۇ. ئىنفورماتسىيە جەمئىيىتى شەكلىدىكى تەپەككۇر شەكلى بولسا كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن بولۇپ، جەمئىيەتنى غايىۋى نۇقتىئىنەزەر بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ خىل تەپەككۇر شەكلى جەمئىيەتنى ئۇچقاندەك راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى غايىۋى لايىھەلەر ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز قايتا تەشكىللەش لازىم دەپ قارايدۇ. تەپەككۇرنىڭ بۇ ئۈچ خىل تارىخىي شەكلىدىكى كىشىلەر بىر - بىرىنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرىنى ياراتمايدۇ، غەلىتىلىك ھېس قىلىشىدۇ. تەپەككۇرنىڭ مۇنداق تارىخىي شەكلى كىشىلەرنىڭ كىشىلىك قاراشلىرىغا، ئىجتىمائىي قاراشلىرىغا، ئېستېتىك قاراشلىرىغا، ئۇلاردىكى كاتېگورىيىلىك پىكىر قىلىش قېلىپلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىپ، غايەت زور ئىجتىمائىي كۈچ ھاسىل قىلىدۇ.

ھەقىقىي ئىلمىي پەلسەپە كىشىلىكنىڭ تەپەككۇر تارىخىدىكى بۇ خىل پاكىتلارنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، كىشىلەرنى توغرا تەپەككۇر ئۇسۇلىغا يېتەكلىشى لازىم. تارىخىي تەجرىبىلەر ھەم ئىنكار قىلىنمايدىغان، ھەم ئەقىدىگە ئايلاندۇرۇلمايدىغان، غايىۋى تەلپۈنۈش ھەم خىيالغا ئايلىنىپ قالمايدىغان، ھەم قۇدرەتلىك ئەمەلىي كۈچكە ئىگە قىلىنغان ئۇنىۋېرسال ئىلمىي ۋە ئەمەلىي، تارىخىي ۋە غايىۋى تەپەككۇر شەكلىنىڭ شەكىللىنىشى مۆلچەرلىگۈسىز ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 15

ماركسىزملىق پەلسەپە پەن-تېخنىكىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە مەيدانغا كەلگەن بىلىش مېتودولوگىيىسى يېڭىلىقلىرىنى پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەر بويىچە تەتقىق قىلىشنى بىر مىنۇتمۇ بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقى لازىم. مەلۇمكى، ھەقىقەتلەرنى بىلىش، ھەقىقەتلەرنى ئىختىرا قىلىش ئۇسۇللىرىمۇ ئوخشاشلا ھەقىقەتلىك سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇشى، ئاڭلىق ئىلمىي تەپەككۇرنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە نەزەرىيىۋى جەھەتتە يورۇتۇلغان بولۇشى لازىم. ئەگەر پەلسەپە تەتقىقاتى پەن-تېخنىكا ساھەسىدە ئاللىقاچان مەيدانغا كەلگەن مۇۋاپپەقىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتىكىلا ئىنتىۋار بېرىپ، پەن-تېخنىكا ساھەسىدە يېڭى مۇۋاپپەقىيەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، پۈتۈن بىلىش ھادىسىلىرى ۋە ئوبيېكتلىرى ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مۇھىم مېتودولوگىيىلىك مەسىلىلەر تەتقىقاتىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىكەن، ئۆز ئىشىنى تولۇق ئۆتىمىگەن بولىدۇ، ۋاھالەنكى، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر يېڭىۋاشتىن يۇقىرى دەرىجىدە بىرلەشتۈرۈلۈپ تەتقىق قىلىنىشقا يۈزلەنگەن بۈگۈنكى دەۋردە مېتودولوگىيە تەتقىقاتى ئالاھىدە ئورۇن تۇتماقتا.

ئىشىنىمىزكى، ئەمەلىيەت ۋە بىلىش، تۇرمۇش ۋە كۆز قاراشلار ئومۇمىيۈزلۈك يېڭى يۈكسۈلۈشكە يۈزلەنگەن مۇشۇ تارىخىي پەللىدە پەلسەپىگە مۇناسىپ بەزى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىلغار ئەھمىيىتىگە گۇمانلانغۇچىلار كۆپ بولماسلىقى مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com

# پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن تاۋار ئىگىلىكىنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكى توغرىسىدا

جالالىدىن پازىل

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارىدا «پىلان تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتا، ھەممىدىن بۇرۇن، پىلانلىق ئىگىلىكنى تاۋار ئىگىلىكى بىلەن قارىمۇ قارشى قىلىپ قويىدىغان ئەنئەنىۋى قاراشنى تۈگىتىپ، سوتسىيالىستىك پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ قىممەت قانۇنىنى ئاڭلىق ھالدا ئاساس قىلىشى ۋە تەدبىقلىشى زۆرۈر بولغان ئومۇم مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشىنىشىمىز كېرەك» دەپ كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭدا سوتسىيالىزمنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن تاۋار ئىگىلىكىنىڭ مۇقەررەر ھالدا بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

پىلانلىق ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان ئومۇم مۈلۈكچىلىك ئاساسىدا، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرنىڭ ۋە خەلق ئىگىلىكىنى پىلانلىق نىسبەت بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇش قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، دۆلەتنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى بىر تۇتاش پىلان بويىچە باشقۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ. پىلانلىق ئىگىلىكتە ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى دۆلەتنىڭ قولىغا مەركەزلىشىدۇ، دۆلەت بىر تۇتاش پىلان ئارقىلىق ئومۇمىيۈزلۈك تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ، بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلاننى يولغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالنى تەڭشەيدۇ، شۇ سەۋەپتىن پىلانلىق ئىگىلىك ـ ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى ۋە سوتسىيالىستىك ئومۇم مۈلۈكچىلىكنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كاپالىتى. تاۋار ئىگىلىكى بولسا، ئىشلەپچىقارغۇچى ئۆزىنىڭ ئىستېمالى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

تاۋار بىر خىل تارىخىي ھادىسە بولۇپ، ئىپتىدائىي جەمئىيەت بىلەن كوممۇنىزم جەمئىيىتىدىن باشقا جەمئىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ،

چۈنكى بۇ جەمئىيەتلەردە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي شارائىتلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتنىڭ تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇلۇشى زۆرۈر بولىدۇ، شۇڭا بۇ جەمئىيەتلەردىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەممىسى تاۋار خاراكتېرىدە بولىدۇ. بۇ ھەقتە ماركس مۇنداق دېگەن: «تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئوبوروتى بىر-بىرىگە زادى ئوخشىمايدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسىدە بولىدىغان ھادىسە». گەرچە ئۇلار دائىرە ۋە رول جەھەتلەردىن بىر-بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، شۇ سەۋەپتىن، پەقەت بۇ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىغا ئورتاق بولغان ئابستراكت تاۋار ئوبوروتى كاتېگورىيىسىنىلا بىلگەن بىلەن، بۇ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى زادى بىلگىلى بولمايدۇ. بۇ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارغىلىمۇ بولمايدۇ.»① ماركس بۇ سۆزىدە تاۋارنى كونكرېت ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا باغلاپ تۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. بىزدە ئۇزاقتىچە «سول» چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا تاۋار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەتتا دېھقانلارنىڭ توخو، ئۆدەك، تۇخۇم، مېۋە-چېۋە قاتارلىق نەرسىلىرىمۇ چەكلىنىپ، ھەتتا كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرىدۇ، دەپ قارىلىپ، پۈتۈنلەي مەنئى قىلىنغان ئىدى. بۇ ھال ئەمەلىيەتتە سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي-مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈردى.

دەرۋەقە، كاپىتالىزم جەمئىيىتى تاۋار ئىگىلىكى ئاساسىدىكى جەمئىيەت، تاۋار مۇشۇ جەمئىيەتتىلا ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا ئۆتۈپ، پۈتكۈل جەمئىيەت ھاياتىنى بەلگىلەيدۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ھەر قانداقىنى كاپىتالىستىك ئىگىلىك دېيىشكە بولمايدۇ، بولۇپمۇ بىزگە ئوخشاش تەرەققىي قىلىۋاتقان مۇشۇنداق ئەلدە تاۋار ئىگىلىكى كاپىتالىزمغا باراۋەر قىلىپ قويۇلسا، بۇنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ، بۇ نۇقتىنى تارىخ ئىسپاتلىدى، قايسى خىل تاۋار ئىگىلىكىنىڭ كاپىتالىستىك ياكى سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى ئىكەنلىكىنى ئايرىشتا، ئەڭ مۇھىمى، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىگە، يەنى شۇ خىل تاۋارنىڭ قايسى خىل ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدا ئىشلەپچىقىرىلغانلىقىغا قاراش لازىم. مەملىكىتىمىزدەك ئومۇم مۇلۇكچىلىك مۇتلەق ئۈستۈنلۈك ئورۇندا تۇرغان جەمئىيەتتە تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنىڭ پايدىسى باركى، قىلچە زىيىنى يوق، ئۇنىڭ كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بىزدە كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرىدىغان ئوبيېكتىپ ئاساسلار پۈتۈنلەي يوق قىلىنغان. سوتسى-

① ماركس: «كاپىتال» 1 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 133 - بەتتىن ئىزاھ (73)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يالىستىك جەمئىيەتتىكى تاۋار ۋە تاۋار ئىشلەپچىقىرىش، كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشتىن ماھىيەت جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا، [illegible] تاۋار ئىگىلىكى بىلەن پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ مۇناسىۋىتى دىئالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، پەلسەپىدىكى دىئالېكتىك بىرلىك بىردەكلىك، ئوخشاشلىق دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، ئۇ بىر-بىرىگە زىت بولغان ۋە بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان قارىمۇ قارشى تەرەپلەرنىڭ بىر پۈتۈنلۈكتە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە بىر-بىرىگە سىڭىشىپ، ئۆتۈشۈپ، بىر-بىرىگە ئايلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى تاۋار ئىگىلىكى بىلەن پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ شۇنداق.

پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تاۋار ئىگىلىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى لازىم. سوتسىيالىزم شارائىتىدا پىلانلىق ئىگىلىكلا ئېتىراپ قىلىنىپ، تاۋار ئىگىلىكى ئېتىراپ قىلىنمىسا، پىلانلىق ئىگىلىك يۈكسەلمەيدۇ ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. بۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتمەسلىك لازىم. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى»دا، «سوتسىيالىستىك پىلان تۈزۈلمىسى پۈتۈنلۈك بىلەن جانلىقلىق ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈلمە بولۇشى كېرەك» دېيىلگەن. بۇ يەردىكى پۈتۈنلۈك بىر تۇتاش پىلانلاش، باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مەركەزلەشتۈرۈش قاتارلىقلارنى كۆرسەتسە، جانلىقلىق بازار ئارقىلىق تەڭشەش، كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ، جانلىقلىق سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تاۋارلىق خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ، ئۇنىڭدىكى «ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن» دېگەن سۆز دىئالېكتىك بىرلىكنى يەنى زۆرۈر بولغان بىرلىككە كەلتۈرۈش بولمىسا، پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويۇپ، پۈتكۈل ئىگىلىكنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە جانلىقلىق بولمىسا، پۈتۈنلۈكنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا پۈتكۈل سوتسىيالىزم باسقۇچىدا، بۇ ئىككىسىنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر ئىككى تەرەپكە مۇۋاپىق ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم، ھازىرقى باسقۇچتا بولسا تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

يولداش دىڭ شياۋپىڭ «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرايلى» دېگەن ماقالىسىدا: «سوتسىيالىزم باسقۇچىدىكى ئەڭ تۈپ ۋەزىپە — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش»، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرغاندىلا مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخى-

رىدا «ھاللىق سەۋىيىگە يېتەلەيمىز» دەپ كۆرسەتتى. تەجرىبە-ساۋاقلار ئىسپاتلىدىكى، تاۋار ئىگىلىكى بىلەن پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئورگانىك بىر پۈتۈنلىكى بولغاندىلا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. چۈنكى، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ رىقابەت خاراكتېرى بولغانلىقى ئۈچۈن، تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۆز مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا، تېخنىكىنى يېڭىلاپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، تەننەرقىنى چۈشۈرۈپ، تاۋارغا كەتكەن ئايرىم ئەمگەك سەرپىياتىنى ئىجتىمائىي ئەمگەك سەرپىياتىدىن تۆۋەنلىتىدۇ، بۇ ئارقىلىق تېخنىكىسى ئىلغار، باشقۇرۇشى مۇۋاپىق بولغانلار پايدىنى ئاشۇرىدۇ، ئەكسىچە بولغانلار زىيان تارتىدۇ، بۇ تەبىئىي ھالدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن تاۋار ئىگىلىكىنىڭ بىرلىكى تاشقى جەھەتتىكى مېخانىك بىرلىك بولماستىن، بەلكى ئورگانىك بىرلىكتۇر. سوتسىيالىزمدا، ئىجتىمائىي ئەمگەك پىلانلىق تەقسىم قىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئەمگەكتىن كەلگەن مەھسۇلات پۈتكۈل جەمئىيەت مىقياسىدا قىممەت شەكلى بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ، بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بىر تۇتاش پىلان بولمىسا، ئەمگەكنى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىغا نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلغىلى بولمايدۇ ھەمدە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى نىسبەت بويىچە راۋاجلاندۇرۇلمىسا، سوتسىيالىستىك ئىگىلىك پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلىنالمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى تۆھپىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى پەرقلەندۈرگىلى، ئەمگەك مېۋىسى بىلەن ماددىي مەنپەئەتنى زىچ بىرلەشتۈرگىلى بولمايدۇ، بۇ ھال كارخانىلارنىڭ ھاياتى كۈچى ۋە جانلىقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پىلان بىلەن بىرلەشمىگەن تاۋار ئىگىلىكى سوتسىيالىستىك ئىگىلىك بولمىغىنىغا ئوخشاش، تاۋار شەكلىدىن ۋاز كەچكەن پىلانلىق ئىگىلىكمۇ سوتسىيالىستىك ئىگىلىك بولالمايدۇ، بۇ ئىككىسى بىر پۈتۈن نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خۇددى زىددىيەتنىڭ ئوخشاشلىقى بىلەن كۈرەشكە ئومۇمىي تەرەققىيات جەريانىدا تەڭ ئېتىۋار بەرگىنىمىزگە ئوخشاش، پۈتكۈل سوتسىيالىزم شارائىتىدا پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن تاۋار ئىگىلىكىگە ئوخشاش ئېتىۋار بېرىش كېرەك. دېمەك، تاۋار ئىگىلىكى يولغا قويۇلمىسا ھەر قايسى تارماق ۋە كارخانىلار ئوتتۇرىسىدا، پەقەت مەھسۇلات ئالماشتۇرۇشلا بولۇپ، تاۋار ئالماشتۇرۇش بولمايدۇ، ھەر قايسى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتى تاۋار قاتارىدا ئالماشتۇرۇلمىسا، سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسىنى راۋاجلاندۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، سوتسىيالىزمدا ئەمگەك يەنىلا تىرىكچىلىك ۋاستىسى سۈپىتىدە تۇرغانلىقتىن، سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئەمگەك مېۋىسى بىلەن جەمئىيەتتىن ئالىد-

غان مەنپەئەتىنىڭ بىرلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى [illegible] ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، بۇ تەلەپنى قاندۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش يولغا قويۇپ، ھەر قايسى كارخانا ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك مېۋىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ماددىي مەنپەئەتىنى زىچ بىرلەشتۈرگەندە، ئۇلارنىڭ ئەمگەكتىكى ئاكتىپچانلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، تەرەققىياتنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

تاۋار بىلەن بازارنىڭ مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندىمۇ، تاۋار بىلەن پىلاننىڭ مۇناسىۋىتى دىئالېكتىك بىرلىكتە بولىدۇ. بۇ ھەقتە لېنىن مۇنداق دېگەن ئىدى: «بازار تاۋار ئىگىلىكى كاتېگورىيىسى»، «تاۋار ئىگىلىكى مەيدانغا كەلگەن ھامان، مەملىكەتنىڭ ئىچكى بازارلىرىمۇ مەيدانغا كېلىدۇ.»① سوتسىيالىزمدا، بولۇپمۇ شارائىتى ئالاھىدىراق بولغان بىزنىڭكىگە ئوخشاش سوتسىيالىزمدا بازارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش سورۇنى بولغان بازار مەۋجۇت ئىكەن، بۇ بازاردا ئالماشتۇرۇلىدىغان تاۋار بولۇشى لازىم. بازار بىلەن پىلان بىرلىشىشى، يەنى پىلان يېتەكچىلىكىدىكى بازار، بازار ئاساسىدىكى پىلان بولۇشى كېرەك. بۇلار بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىلىدىغان بولسا، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا تۇسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ.

بىر-بىرىگە زىت نەرسىلەر بىر-بىرىگە سىڭىشكىنىگە ئوخشاش، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن تاۋار ئىگىلىكىمۇ بىر پۈتۈنلۈكتە بىللە مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر-بىرىگە سىڭىشىپ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىر-بىرىنىڭ ئورگانىك تەركىبىگە ئايلىنىدۇ. بۇ مۇنداق جەھەتلەردىن ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچىدىن، پىلانلىق ئىگىلىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تاۋار ئىگىلىكىنى نىسبەت بويىچە تەكشۈك ھالەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تاۋار ئىگىلىكىدە خىلمۇ خىل ئىقتىسادىي قالايمىقانچىلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئۇ يەنە خىلمۇ خىل قەرز، ئامانەت، بانكا قاتارلىق ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ، تاۋار ئىگىلىكىنى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرىدۇ. شۇنداقلا تاۋار ئىگىلىكىمۇ پىلانلىق ئىگىلىكنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىدۇ. تاۋار ئىگىلىكى راۋاجلانسا ۋە ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلسا، پىلانلىق ئىگىلىك ئۆز ئىچىگە ئالالمايدىغان نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر ھەل بولۇپ، پىلانلىق ئىگىلىك جۇشقۇن بولىدۇ، ئىگىلىكنى پىلانلاش ياكى پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويۇشنىڭ نۇرغۇنلىغان ماددىي ئاساسى ھازىرلىنىدۇ، ئالايلۇق، ئېلىمىزنىڭ يېزا ئى-

① لېنىن: «روسىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتى»، «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 161-، 186-بەتلەر.

گىلىكى ئىزچىل تۈردە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ياكى ئاساسەن تەمىنلەيدىغان تەبىئىي ئىگىلىك خۇسۇسىيىتىدە ئىدى. مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ كۆتىرە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە، تاۋار ئىگىلىكى ئۈچقاندەك راۋاجلىنىپ زور بىر تۈركۈم كەسپىي ئائىلىلەر مەيدانغا كەلدى، بۇلار بازارلارغا يۈزلىنىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشقا خام ئەشيا يەتكۈزۈپ بېرىپ، دۆلەت پىلانىنىڭ ئورۇنلىنىشىنى ۋە تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە يولغا قويۇلۇشىنى كاپالەتلەندۈردى. بۇ بىر بىرىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا سىڭىپ كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە تاۋار ئىگىلىكى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. پۈتكۈل جەمئىيەتتە بىر تۇتاش پىلان بولمايدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ھۆكۈمەتسىزلىك ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەمما چوڭ-كىچىك كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھامان پىلان بولىدۇ، يەنە قىممەت قانۇنىمۇ ئىستىخىيىلىك ھالدا تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. سوتسىيالىزمدا بولسا كاپىتالىزمدىكى بۇ خىل ئەھۋال ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپىگە ئايلىنىپ، پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنى يەنى ھەم تاۋار، ھەم پىلان بولغان ئىگىلىكنى شەكىللەندۈرىدۇ، كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش پۈتۈن مەملىكەتتە پىلان بولمىغان، ئايرىم كارخانىلاردا پىلان بولغان شەكىلدە ئېلىپ بېرىلسا، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئىشلەپچىقىرىش پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. قىسقىسى، سوتسىيالىزم شارائىتىدا تاۋار ئىگىلىكى بىلەن پىلانلىق ئىگىلىك بىر پۈتۈن نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى بولۇپ، بۇلار بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، بىر-بىرىگە سىڭىشىدىغان دىئالېكتىك بىرلىكتە تۇرىدۇ.

سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ھەم پىلانلىق ئىگىلىك، ھەم تاۋار ئىگىلىكى دەپ ئاتاش بىر-بىرىگە زىتتەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىك پىلانلىق ئىگىلىك دېگەنلىكىمىز سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى پىلانلىق تەرەققى قىلىدۇ دېگەنلىكتىن؛ بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىك تاۋار ئىگىلىكى دېگەنلىكىمىز پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ مەزمۇنى تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش دېگەنلىكتىن ئىبارەت. شۇڭا ئىككىسى قوشۇلۇپ پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بىر گەۋدىگە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن تاۋار ئىگىلىكىنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان ۋە قارىمۇ قارشى قىلىپ قويىدىغان ھەر قانداق قاراشلار توغرا ئەمەس.

# قانۇن ئىجراچىلىرى «بىر قولدا قۇرۇلۇشنى يەنە بىر قولدا قانۇنچىلىقنى تۇتۇش» ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشى كېرەك

راخمان نىياز

دۆلىتىمىز ئازادلىقتىن كېيىنكى ئوتتۇز نەچچە يىل جەريانىدا قانۇنچىلىق جەھەتلەردىمۇ ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتى، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئەلىمىزدىكى قالايمىقانچىلىق ئوڭشالدى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى كۈچەيتىپ، قانۇنچىلىقنى تۇتۇش جەھەتلەردە يىلمۇ-يىل مۇقىم ئىلگىرلەش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلدى. سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش ئارقىلىق. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىمۇ ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلىپ، ئىجتىمائىي كەيپىيات بىلەن جەمئىيەت ئامانلىقىدا زور ياخشىلىنىشلار بولدى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ تارىخىي تەجرىبە ساۋاقلارنى ئىلمىي هالدا يەكۈنلەپ «بىر قولدا قۇرۇلۇشنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا قانۇنچىلىقنى تۇتۇش» تىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى غەزىنىسىگە يېڭى تۆھپە قوشتى. نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى هەر مىللەت خەلقى بىر تەرەپتىن سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن كەڭ شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق بىلەنمۇ كەڭ شۇغۇللىنىپ، قانۇن بىلىملىرىنى ئىخلاس بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرماقتا «بىر قولدا قۇرۇلۇشنى، يەنە بىر قولدا قانۇنچىلىقنى تۇتۇش» ئىدىيىسى ھەقىقەتەنمۇ سىياسىي

قانۇن ئورگانلىرىنىڭ ئۆز فۇنكسىيەسىنى قانداق جارى قىلدۇرۇشتا ئالاقىدار بولغان چوڭ بىر مەسىلە بۇ ئىدىيىنى ياخشى ئۆگىنىش، تولۇق ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلار تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ئىرىشىپ ياخشى ئىشلىشى لازىم.

«بىر قولدا قۇرۇلۇشنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا قانۇنچىلىقنى تۇتۇش» ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن مەيدانى مۇستەھكەم بولۇشى لازىم. چۈنكى قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ زىممىسىگە سوتسىيالىستىك قانۇننى باشلامچىلىق، نەمۇنىلىك بىلەن ئىزچىل ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيىتى يۈكلەنگەن. قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار دۆلىتىمىزگە ۋاكالىتەن سوتسىيالىستىك قانۇنىمىزنى ئىجرا قىلىپ، بارلىق قانۇنغا خىلاپلىقنى جازالاپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ياخشىلارنى يۆلەپ، خاتاغا قارشى تۇرىدۇ. توغرا بىلەن خاتاغا باھا بېرىپ، ماجىرالارنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، خەلقنىڭ ئىتتىپاقىنى ياخشىلايدۇ. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە يېقىندىن بېتىشىپ، «زەربە بېرىش، ئۆزگەرتىش، ئالدىنى ئېلىش، تەربىيىلەش، قوروش» نى ئەڭ تۇتۇدۇ «ئېغىر، تېز جازالاش» فاڭجېنىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بارلىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى، قاتىللىق قىلغان، بۇلاڭچىلىق قىلغان، ئوت قويغان، پارتلاتقان، باسقۇنچىلىق قىلغان، جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر ھالدا بۇزغۇنچىلىق قىلغان (ئوغرىلىق قىلغان، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ياسىغان، ساتقان كىشىلەرنى بۇزۇقچىلىق قىلىشقا ئازدۇرغان، ئادەم ساتقان، شەھۋانە كىتاب، رەسىم سىنئالغۇ، ئۈنئالغۇ قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ نەپ ئالغان) جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالاپ، «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشنى قوغداش، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى بىر مەيدان مەسىلىسى بولۇپ، ھەرگىزمۇ بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ.

«بىر قولدا قۇرۇلۇشنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا قانۇنچىلىقنى تۇتۇش» ئۈچۈن ئەلۋەتتە يەنە ياخشىغا ئۆۋال قىلماسلىق، يامانىنى قولدىن چىقارماسلىق لازىم. بۇ مەسىلىدە قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ مەۋقەسى مۇستەھكەم، مۇھەببەت-نەپرىتى ئېنىق، خىزمەتتە تېز پۇختا، كەمتەر ئېھتىياتچان بولۇشى لازىم. ھەر قانداق چاغدا، ھەر قانداق ئورۇندا ئىمتىياز بىلەن شۇغۇللانماسلىقى، پاك نىيەت ئومۇمىيەتچىل بولۇشى لازىم. ئۇلار ئۆزلىرى قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلار بولغانلىقتىن، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا چوقۇم قەتئىي بولۇشى، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، قانۇنغا بوي سۇنۇشتا نەمۇنىچى بولۇشى لازىم. قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ خىزمىتىنىڭ مەقسىدى خەلق مەنپەئىتىنى قوغداش بولۇپ، خەلق مەنپەئىتىگە پايدىلىقلا ئىش بولىدىكەن، ئۇنى قوللاشلىرى مۇھاپىزەت قىلىشلىرى، خەلقىمىزگە، دۆلىتىمىزگە مۇتلەق سادىق بولۇشلىرى كېرەك. بارلىق ئەكسىلئىنقىلابچىلار ۋە جىنايەتچىلەر دۆلىتىمىز ھەم

خەلقىمىزگە ھەر تۈرلۈك زىيانلارنى كەلتۈرۈدۇ، «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشنى بۇزۇدۇ، مۇقىم ياخشىلىنىۋاتقان ۋەزىيەتنى يامانلاشتۇرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا جىنايەتتىن قول تارتمىغان قانۇنسىزلار ئاياپ قويۇلماسلىقى، ئۇلارنى جازالاشتىمۇ ئارسالدى بولۇنماسلىقى، قانۇننى بۇزغان جىنايەتچىلەر قانۇن تورى سىرتىدا كۆرەڭلەپ يۈرمەسلىكى كېرەك.

پارتىيە ۋە خەلق مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش بىزنىڭ ئېتىقادىمىز، چوڭ ھەق، چوڭ ناھەقنى ئايرىشتىكى مۇھىم شەرتىمىز. ئۇنداق بولمىغاندا تۆپكى سەيدان تەۋرەپ تۇرغان بولىدۇ-دە، «بىر قولدا قۇرۇلۇشنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا قانۇنچىلىقنى تۇتۇش» ئىدىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشمۇ قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار ئىرادىسى مۇستەھكەم بولۇشى، ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ زوراۋانلىقنى ئىشقا سالىدىغان «مەنسەپدار» نىڭ رايىغا باقماسلىقى، ئىقتىسادىي چارە، پارتىيە ئىنتىزام چارىسى، مەمۇرىي چارە قاتارلىقلارنى جىنايى جازا ئورنىغا قويماسلىقى، بولۇپمۇ، مەنسۇپىنى گۇنايى ئورنىغا قويىدىغان فېئوداللىق ساقىندىلارنى كېرەك قىلماسلىقى لازىم. دەۋادىكىلەر يولسىزلىق قىلىش، ئۆچ ئېلىش، نەپ بېرىپ يېنىغا تارتىش قاتارلىق ھىلى-مىكىرلەرنى ئىشقا سالسىمۇ ھەرگىز تەسلىم بولماسلىق، سۈلھى قىلماسلىق كېرەك. قانۇننى ئىجرا قىلىشتا چوقۇم پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش، جازامۇ جىنايەتكە لايىق بولۇش، دەل بولۇشقا قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىش، خاراكتېرىنى چوقۇم توغرا بېكىتىش، قانۇن بولغان ئىكەن چوقۇم ئاساسلىنىش، قانۇنغا خىلاپلىقنى چوقۇم سۈرۈشتە قىلىش لازىم. قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلار دۆلەتنىڭ ھاۋالىسى ۋە خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى ئۈزىگە ھەمراھ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق مەنپەئەتىنى قوغداشتا پىداكارانە بولۇش كېرەك. نۆۋەتتە جەمئىيەت ئامانلىقى تېخى تۈپتىن ياخشىلانغىنى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىنىپىي كۈرەش مۇئەييەن دائىرىدە يەنىلا مەۋجۇت. ئېكسپىلاتۇر سىنىپلارنىڭ قالدۇق ئىدىيىلىرى يەنە مەۋجۇت بولغانلىقتىن، خەلق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تۈرلۈك ھادىسىلەر، بولۇپمۇ ناتوغرا ئىستىللار تۈرلۈك توسقۇنلۇقلارنى كەلتۈرمەكتە، قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىشقا توسقۇن بولۇپلا قالماي، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغىمۇ نۇقسان كەلتۈرمەكتە. جىۋ ئەرفۇ، ياڭ شاۋمىڭغا ئوخشايدىغان كىشىلەرمۇ چىقىپ تۇرماقتا. شۇنداق بولغاچقا قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار خەتەرگە تىز پۈكمەي، يولۇققان مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرماي، ئومۇملۇقنى ئېتىۋار قىلىپ، قانۇننى قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ «بىر قولدا قۇرۇلۇشنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا قانۇنچىلىقنى تۇتۇش» ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىزگە كۈچلۈك مەدەت بېرىۋاتقاندا، قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار چوقۇم ئۆز

تەپسىلدىن كېچىپ خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان بولىشى لازىمكى «مەنسەپدارنىڭ ھەممە سۆزى قانۇندۇر» دەپ قارىماسلىقى لازىم. قانداق كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە پائالىيەت قىلىشنى ئەسلا ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. «بىر قولدا قورۇلۇشنى، يەنە بىر قولدا قانۇنچىلىقنى تۇتۇش» ئۈچۈن خىزمەتتە دادىل، ئەندىشىدىن خالى بولۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئىنتايىن ئاز ساندىكى يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك قىلمىشلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ ھەققانىيەتنى ئەۋج ئالدۇرغىلى بولىدۇ.

قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار خىزمەتتە قەتئىي بولۇشى كېرەك. «بىر قولدا قورۇلۇشنى، يەنە بىر قولدا قانۇنچىلىقنى تۇتۇش» ئىدىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسى قورالىنىڭ سېپىنى چىڭ تۇتۇشتا قەتئىي بولۇشى، ھەر قانداق يامانلىقلارغا نەپرەتلىنىشى، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قەتئىي بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق مەنپەئىتىگە، قانۇن-تۈزۈمگە، پاكىتنىڭ ئەينەن بولىشىغا سادىق بولۇش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا دىكتاتورا تىغىنى ئۆزىمىزگە قارىتىش خەۋپى كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ھەر قانداق ئەھۋال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر قانداق كىشى شەخسىي ئىرادىسىنى قانۇننىڭ ئورنىغا قويۇۋالماسلىقى، شەخسىي قارىشى بويىچە قانۇننى بۇزماسلىقى كېرەك. شۇڭلاشقا قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار ئېغىر جىنايەتكە يېنىك ھۆكۈم قىلماسلىقى، جىنايىتى بارلارنى قانات ئاستىغا ئالماسلىقى، يېنىك جىنايەتكە ئېغىر ھۆكۈم قىلماسلىقى، جىنايەتسىزگە قەستەن ھۆكۈم قىلماسلىقى، چوقۇم ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى لازىم. بولۇپمۇ قانۇننى ئۆلچەم قىلماي، شەخسىي رايىنى ئۆلچەم قىلىشقا ئەسلا روخسەت قىلىنمايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ پۇقرالىرى قانۇن ئالدىدا باپ-باراۋەر، سوتسىيالىستىك قانۇنىمىزچىلىققا ئىگە. شۇڭلاشقا قانۇنىمىزدا تەبىقە ئىمتىيازىغا ئورۇن يوق. جۇملىدىن پۇقراغا ۋە مەنسەپدارغا قوللىنىدىغان قانۇن دەپ ئايرىلىدىغان قانۇنمۇ يوق. بۇنداق ئەھۋالدا قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلار ئەمەلىيەتتە چارە كۆرۈشتە تەبىقە ئىمتىيازىنى ئېتىراپ قىلىدىغان چارە كۆرۈش بىلەن بىر ئاز بولسىمۇ شۇغۇللىنىدىغان بولسا، بولۇپمۇ ئۆز نەپسىنى دەپ دەۋاگەرلەرگە بولۇشۇپ بەرسە دۈشمەننى يېتىم قالدۇرالمىسا، توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرمىسا، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا يۈز خاتىرە قىلسا، «بىر قولدا قورۇلۇشنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا قانۇنچىلىقنى تۇتۇش» تىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. نەسىھەتنى رەت قىلىپ تەكرار تەربىيەنى قوبۇل قىلمىغان «نوچى»لار قانۇن تورىغا چۈشكەندىن كېيىن بىراقلا بىچارە قىياپەتكە كىرىپ، يىغلاپ يالۋۇرغان قىياپىتىنى كۆرسىتىپ، قۇۋلۇق ئويۇننى ئىشقا سېلىپ «ياردەم» قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا مەۋقەدە تەۋرىمەي، جىنايى قىلمىش ئۈچۈن غەزەپلىنىپ، يۇمشاق قوللۇقنى چۆرۈپ

ئاشلاپ قەتئىي ھالدا قانۇن بويىچە جازالاش كېرەك. قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنى جەمئىيەت تولىمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ. شۇڭا ھەر تەرەپتىن كەلگەن مەدھىيەۋە ھۆرمەتنى ساداللىرى ئىچىدە ئاڭگىراپ قالماي، سۇداپىتە ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈش لازىم. كەمتەر، ئېھتىياتچان، ئىنچىكە بولۇپ، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىقى، مەغرۇرلانماسلىقى كېرەك. بېشىدا دۆلەت بەلگىسى، ياقىسىدا قىزىل بايراق، مۇرىسىدە پاگون تۇرسىمۇ قول سېلىپ ئادەم ئۇرىدىغان، ئادەم سىلكىشلەيدىغان، ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ كۆرەڭلەيدىغان بولماسلىقى كېرەك. قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ قانۇنسىزلىق بىلەن ئادەم ئۇرۇشى ئەمەلىيەتتە پارتىيە سىياسىتى، دۆلەت قانۇنىنى ئۇرۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ھوقۇقىنى پارتىيە ۋە خەلق بەرگەن بولغاچقا، ئاممىنىڭ چاكىرى بولۇش كېرەككى ھەرگىز تۆرە بولماسلىق كېرەك. «بىر قولدا قورۇلۇشنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا قانۇنچىلىقنى تۇتۇش» ئۈچۈن، پارتكوم رەھبەرلىكىدە، ئاممىۋىي لۇشيەندە مېڭىش، جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئېغىر جىنايەتكە تېز ھەم ۋاقتىدا زەربە بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەردە قانۇن قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپلا قالماي، ئۈستى قۇرۇلمىنىڭ ھەر قايسى جەھەتلىرىنىمۇ تولۇق سەپەرۋەر قىلىشقا تېگىشلىك. شۇنداق بولغاندىلا ئاممىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلغىلى، باشباشتاقلىققا قارشى تۇرغىلى، مۇداپىئە كۆرۈش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ.

قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار پاك دىل، شەخسىيەتسىز بولۇشى لازىم. ئەشەكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش فاڭجېنى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن جەمئىيەت ئاماننىلىقىدا بىر قىسىم يېڭى مەسىلىلەر يۈز بەردى، ئازادلىق ھارپىسىدىلا يوقىتىلغان بەزى نەرسىلەر قايتا باش كۆتەردى. فېئودالىزم كاپىتالىزملىق نەرسىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. شەھ-ۋانە سىنئالغۇ، ئۈنئالغۇ، شەھۋانە كىتاب، رەسىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يامانلىققا ئازدۇرىدىغان قىلمىشلار ئۆسمۈرلەرنى، ياشلارنى چىرىتمەكتە. قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار پاك دىلى بىلەن ئىنقىلاب قىلىدىغان، شەخسىيەتچىلىك قىلمايدىغان ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان بولۇشى كېرەك. گەرچە بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ئۈلگىلەر تىكلەنگەن بولسىمۇ لېكىن ئىنتايىن ئاز ساندىكى بەزى كىشىلەر ھوقۇقىدىن پايدى-لىنىپ سوغا قوبۇل قىلماقتا. «سوغا» دېگەن ئىبارەت قالتىس ئوق تەككەن ھامان ئۇ خىل كىشىلەر دۆلەت نامىدىن قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار دېگەن سەپتىن ۋە سالاھىيەتتىن مەھرۇم بولۇپ، «سوغا ئوق» نىڭ تەسلىمى ئورنىغا چۈشۈپ قالماقتا. جەمئىيەتتە شۇنداق بىر ئوچۇم كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار پۇلنىڭ تارتىش كۈچىنى ئىشقا سالغاندىن باشقا يەنە «سەتەڭلەر قۇدرىتى» نىمۇ ئىشقا سالماقتا. ئۇلار شۇملۇق قىلمىشى پاش بولۇپ، جىنايىتى ئۈچۈن جاۋاپكارلىققا تارتىلىش نۆۋىتى ئالدىدىمۇ يەنە «شاكرات ئويۇنى» قوزغاپ سەتەڭلەرنى ئىشقا سېلىپ، كادىرلىرىمىزنى چىرىتمەكچى.



www.uyghurkitap.com

شۇڭا قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار ئۆزىنى گۆھەردەك پاك ساقلىشى، ھاۋايى ھەۋەسكە بېرىلمەسلىكى، ئالتۇنغا كۆز قىرىنى سالمايدىغانلا ئەمەس، سەتەڭلەرنى كۆرگەندىمۇ ھەۋەسكە پاتماسلىقى كېرەك. قانۇننى ئىجرا قىلىشتا «ساۋاپلىق» تىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەگەر «سوغا» ئېلىپ، سەتەڭگە مەپتۇن بولۇپ، زىبايەتنى يەپ قويىدىغانلا بولسا، «سوغا»نىڭ سالامى ئۈچۈن، «زىبايەتنىڭ مېھرى ئۈچۈن، «سەتەك»نىڭ جىلۋىسى ئۈچۈن روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئەسىر بولۇپ، ئېغىز ئاچالماس بولۇپ قالىدۇ.

جەمئىيەت ۋە تۇرمۇشنىڭ يولى مۇرەككەپ، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ. «بىر قولدا قۇرۇلۇشنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا قانۇنچىلىقنى تۇتۇش» تىن ئىبارەت بۇنداق چوڭ ستراتېگىيىلىك ئىدىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كادىرلىرىمىز زامان تەلىپىگە لايىق كېلىدىغان، كەسپىي بىلىمنى پىششىق بىلىدىغان بولۇشى لازىم. يالغۇز سوبستانسىيەلىك قانۇنلارنى بىلىپلا قالماي، تەرتىپ قانۇنلىرىنىمۇ پىششىق بىلىشى، قانۇن بولغان ئىكەن ئۇنىڭغا ئاساسلىنىشى لازىم، دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى قانۇنلىرىنى پۇختا بىلىپلا قالماي، بۇرۇنقى قانۇنلارنىڭ روھى، ماھىيىتىدىنمۇ خەۋەر تېپىشى، جۇڭگو قانۇنلىرىنى بىلىپلا قالماي، چەت ئەل قانۇنلىرىنىمۇ بىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە پارتىيىمىزنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋرىدىكى بىر قاتار فاڭجېن سىياسەتلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ، ئىدىيە، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەك بولۇش كېرەك. نۆۋەتتە يەنە، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزۈشتىن ئىبارەت باش فاڭجېننى، جىنايەتكە زەربە بېرىش، ئالدىنى ئېلىش، ئۆزگەرتىش جەھەتلىرىدىكى جىنايى ئىشلار سىياسەتلىرىنىمۇ ئىخلاس بىلەن ياخشى ئۆگىنىش، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدىنى تولۇق ئاقلاش لازىم.

---

(بېشى 126 - بەتتە)

㉒ «قەشقەر شەھرى يەر - جاي ناملىرىنىڭ تەزكىرىسى» 4 - بەت.

㉓ «شەجەرەئى تۈرك» 1910 - يىل قازان.

㉔ «سىبىرىيە تارىخى» 1910 - يىل قازان 110 - بەت.

㉕ «شىنجاڭنىڭ بەرپا قىلىنىش جەريانى ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى» 1985 - يىل خەنزۇچە، 51 - 52 - بەتلەر.

㉖ پەرسەخ — 575.5 كىلومېتىر ياكى ئۈچ ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتىكى مۇساپە.

㉗ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 - توم، 186 - بەت.

㉘ «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1983 - يىل 3 - سان، ئۈنچى دەرياسى بويىدىن تېپىلغان قەۋرىستانلىق كىشىلىرى.

㉙ «شىنجاڭنىڭ بەرپا قىلىنىش جەريانى ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى» خەنزۇچە، 1986 - يىل ئۈرۈمچى 36 - بەت.

㉚ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 - توم، 495 - بەت.

㉛ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم، 310 - بەت.

㉜ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم، 153 - بەت.

㉝ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 - توم، 599 - بەت.

# پەنلەر كلاسسىفىكاتسىيىسى ھەققىدە

ەمتلاي دانى

ھازىرقى زامان ئىلىم-پەننىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى ھەر قايسى پەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا باغلىنىش، چېتىشىش ھەم سىڭىشىشنى شۇنداقلا ئۆز ئىچىدىن بۆلۈنۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نۇرغۇنلىغان ئۇنىۋېرسال پەنلەر، چېتىشما پەنلەر، بۆرتمە پەنلەر، كەسمە يۈز خاراكتېرلىك پەنلەر ۋە تارماق پەنلەرنى بارلىققا كەلتۈرمەكتە. نەتىجىدە يېڭى پەنلەر شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، پۈتكۈل ئىلىم-پەن ساھەسىنى بېيىتماقتا ۋە مۇرەككەپلەشتۈرمەكتە.

بۇ خىل ئەھۋال ئىلمىي تەتقىقات خادىملىرى، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ۋە بىلىم ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئالدىغا قانداق قىلىپ پۈتكۈل ئىلىم-پەن گەۋدىسىنى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىنى ھەمدە بۇ تەركىبىي قىسىملارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە پەرقىنى توغرا ئىگەللەپ، ئىلىم-پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى توغرا مۇجەسسەملەش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مەخسۇسلىشىش بىلەن ئۇنىۋېرساللىشىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش، شۇنداقلا بۇ ھەقتىكى كىتاب ماتېرىياللاردىن قانداق پايدىلىنىش مەسىلىسىنى قويماقتا.

بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى بولغان پەنلەر كلاسسىفىكاتسىيىسى ھەر قايسى پەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە پەرقنى تەتقىق قىلىدىغان بىر مەخسۇس پەن. بۇ پەننىڭ ۋەزىپىسى كلاسسىفىكاتسىيە ئارقىلىق ھەر قايسى پەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەسلى باغلىنىش ۋە پەرقلەرنى، ھەر قايسى پەنلەرنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى، پەنلەرنىڭ بارلىققا كېلىش، راۋاجلىنىش جەريانىنى، ئۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى ۋە يېنىمۇ تەرەققىي قىلىش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىش؛ پەن تەتقىقات خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىلىم-پەن خادىملىرىنىڭ ئالغا بېسىش يولىدىكى ئىزدىنىشىگە يول كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

گەرچە پەنلەرنى تۈرگە بۆلۈش ئىشى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا ئىلىم-پەن پېشىۋالىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بىراق ھەر قايسى دەۋرلەرنىڭ

ئىلىم - پەن تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي ئاساسلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ
ھەل قىلىنىش ئۇسۇلىمۇ ھەر خىل بولۇپ كەلدى. پەنلەر كلاسسىفىكاتسىيىسىنىڭ
تارىخىي تەرەققىياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ نۇقتىنى ناھايىتى روشەن كۆ-
رۈۋالالايمىز.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن بولغان قەدىمكى دەۋر-
دە، ئىنسانلار تېخى تەبىئەت دۇنياسىغا نىسبەتەن سىستېمىلىق ئانالىز ۋە تەتقىقات
يۈرگۈزەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ بىلىشى تومتاق ھالدىكى بىۋاستە كۆرسىتىش باسقۇچىدىلا
بولۇپ، ھەر خىل بىلىملەرنى پەلسەپىدىن ئىبارەت بىر دائىرىدىلا يىغىنچاقلايتتى.
شۇڭا ئۇ دەۋرنىڭ پەيلاسوپلىرى «ئوخشاشلا تەبىئىي پەن ئالىملىرى ئىدى»①. شۇڭا
بۇ چاغلاردا بىر تۇتاش پەلسەپىدىن باشقا مۇستەقىل پەن مەۋجۇت ئەمەس دەپ
قارالغانلىقتىن، پەنلەرنى تۈرلەرگە بۆلۈش مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت بولمايتتى. ئەمما
ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا مەيلى مېخانىكا، ئاسترونومىيە ۋە ماتېماتىكا جەھەت-
لەردىكى تەبىئىي بىلىملەر بولسۇن، ياكى لوگىكا، تىل، سەنئەت ۋە ئېتىكا جەھەت-
لەردىكى ئىجتىمائىي بىلىملەر بولسۇن، بارغانسىرى كۆپىيىپ باردى. بۇنداق ئەھۋال
كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا پەنلەرنىڭ بۆلۈنۈشى مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ
چىقاردى. قەدىمكى ياۋروپادىكى نۇرغۇن بىلىم ئىگىلىرى بۇ ھەقتە ئىزدىنىش باش-
لىدى، بۇلاردىن ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرىغا چىققىنى گىرېك پەيلاسوپى پىلاتون ئىدى.
ئۇ ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزمنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى چىقىش قىلىپ، بىلىم ئوبيېكتىپ دۇن-
ياغا بولغان تونۇش ئەمەس، بەلكى ئىدرەكى دۇنيانىڭ ئەسلىمىسى، دەپ قارىدى.
ئۇ بۇ خىل ئەسلىمىنىڭ رېئاللىققا ئېشىشى ئۈچۈن مۇنازىرە قىلىشقا ماھىر بولۇش
كېرەك دىدى. مۇنازىرە داۋامىدىكى ماھىرلىق ۋە مېتودنى دىئالېكتىكا دەپ ئاتىدى.
مانا بۇ دىئالېكتىكا ئۇنىڭ كلاسسىفىكاتسىيە سىستېمىسىنىڭ بىرىنچى تۈرى ئىدى. ئۇ ئىك-
كىنچى تۈرگە فىزىكا بىلىملىرىنى قويدى. ئۈچىنچى تۈرگە ئېتىكىنى قويدى. ئۇنىڭ-
چە روھ ئەخلاقنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ئەقىل - پارا-
سىتى، باتۇرلۇقى، ئۆزىنى ئىدارە قىلىشى ۋە ئادىللىقى — ئىدرەك، ئىرادە ۋە ھېس-
سىياتتىن ئىبارەت ئۈچ خىل روھتىن تەركىب تاپاتتى.

پىلاتوننىڭ شاگىرتى، قەدىمكى گىرېتسىيەدىكى ئەڭ بىلىملىك مۇتەپەككۇر
ئارىستوتېل ئۆز پەلسەپىسىگە كلاسسىفىكاتسىيە يۈرگۈزگەن چېغىدا، ئادەملەرنىڭ پا-
ئالىيىتىنى ماھىيەتلىك ئۆلچەم قىلىپ، بىلىش پائالىيىتى ئىلمىي نەزەرىيە پەلسەپە-
سى؛ ئادەملەرنىڭ ھەرىكەت پائالىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىمنى ئەمەلىيەت پەل-
سەپىسى؛ ئىجادىيەت، سەنئەت ۋە ئۇتۇق قاتارلىق پائالىيەتلەر توغرىسىدىكى ئىلىم-
نى ئىجادىيەت پەلسەپىسى دەپ ئاتىدى. ئارىستوتېلنىڭ كلاسسىفىكاتسىيە ئىدىيىسى
پىلاتوننىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىدى ھەمدە ئۇنىڭ قەدىمكى ياۋروپادىكى تە-

سىرى ئەڭ زور بولدى. ئەمما ئۇنىڭ كلاسسىفىكاتسىيە ئىدىيىسى ئۆزىنىڭ پۈتكۈل پەلسەپىۋى سىستېمىسىغا ئوخشاش، ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېئالىزم ئوتتۇرىسىدا تەۋرىنىشتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

قەدىمكى گىرېتسىيەنىڭ ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش ئاساسىدىكى بىلىملەر كلاسسىفىكاتسىيىسى سىستېمىسىنى تۇرغۇزغان ئۇلۇغ ئاتوم ئالىمى ئېپىكۇر پەلسەپىنى كىشىلەرگە تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى تونۇتىدىغان، ئۇلارنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىدىغان پەن دېگەن قارىشى ئاساسىدا ئۈچ تۈرگە بۆلدى: بىرىنچى تۈرى فىزىكا بولۇپ، بۇ تەبىئەت توغرىسىدىكى تەلىماتتىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى «ئەڭ ئاساسىي ئەمەلىيەتلەرنىڭ نېگىزىنى توغرا سېزدۈرۈشتۇر»② دېدى. ئىككىنچى تۈرى دۇنيانى بىلىشنىڭ ئۇسۇلى ۋە يولى ھەققىدىكى تەلىمات بولۇپ، ئۇ قېلىپلاشتۇرۇش ئىلمى، يەنى لوگىكا ئىلمىدىن ئىبارەت. ئۈچىنچى تۈرى ئېتىكا بولۇپ، ئۇ قانداق قىلىپ بەختكە ئېرىشىش ھەققىدىكى تەلىماتتىن ئىبارەت. ئېپىكۇرنىڭ بۇ بۆلۈشى پەنلەرنى ئۆز ئوبيېكتلىرىغا ئاساسەن تەبىئەت توغرىسىدىكى ئىلىملەر، ئىجتىمائىيەت توغرىسىدىكى ئىلىملەر ۋە تەپەككۇرىيەت توغرىسىدىكى ئىلىملەر دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈشنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى ئىدى.

يېقىنقى زامان تەبىئىي پەن ئىلمى XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىملىرىدىن باشلاندى. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، تەبىئىي مەۋجۇداتلار ۋە ھادىسىلەرنى ھەر قايسى تۈرلەرگە ۋە پەنلەرگە بۆلۈپ تەتقىق قىلىش ئېھتىياجى تۇغۇلدى. ئۈچ ئەسىر تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق پەلسەپىنىڭ تەركىبىدىن بەزى كونكرېت پەنلەر ئايرىپ چىقىلدى، ئەمما ھەر قايسى تارماق پەنلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزگىرىش مەسىلىسى توغرا ھەل قىلىنمىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا توساق سېلىپ قويۇلدى. بۇ خىل مېتافىزىكىلىق قاراشلار ئەينى دەۋردىكى غەربىي ياۋروپا كلاسسىفىكاتسىيە ئىدىيىلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. XVII ئەسىرگە كەلگەندە ئەنگلىيە پەيلاسوپى بېكون «بىلىم — كۈچ» دېگەن مەشھۇر خۇلاسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ماتېرىيالىزملىق پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىلىم-پەننىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ۋەزىپىسى بىلىمنى كۆپەيتىش، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش دەپ قارىدى. بىراق ئۇ يەنە فېئودال ئىلاھىيەتچىلىكىگە قارشى تۇرۇش ئېھتىياجىدىن چىقىپ، ئىدرەكنىڭ رولىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. ئۇنىڭچە ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتى ئىنسانىيەتنىڭ ئىدرەكى قابىلىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىدى. شۇڭا ئۇ پەنلەرنى تۈرگە بۆلۈشتىمۇ ئىنسانىيەت ئىدرەكىنى چىقىش قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەت ئىدرەكى ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى ۋە ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل قابىلىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئەنە شۇ

www.uyghurkitap.com

ئۈچ خىل ئىدرەكى قابىلىيەت ئۆزىگە ماس ھالدىكى ئۈچ خىل پەننى تەشكىل قىلاتتى. يەنى تارىخ ئەستە تۇتۇش ئىلمى؛ شېئىر ۋە سەنئەت تەسەۋۋۇر ئىلمى؛ پەلسەپە بولسا ئىدرەكى ھۆكۈم ئىلمى ئىدى. ئۇ پەلسەپە ۋە باشقا پەنلەرنى بىرىنچى پەلسەپە، تەبىئەت ئىلمى ۋە ئىنسانىيەت ئىلمى دېگەنلەرگە بۆلدى.

XVIII ئەسىر فرانسىيە قامۇسچىلىرىدىن دالامبېر بېكوننىڭ يۇقىرقى ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا پەنلەرنى تارىخ، پەلسەپە ۋە سەنئەت تۈرلىرىگە بۆلدى. بىراق رەتكە تىزغاندا سەنئەتنى پەلسەپەنىڭ ئالدىغا قويۇشقا قوشۇلمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىچە، تەساۋۋۇر ئىدرەكتىن مۇرەككەپ بولغاچقا سەنئەت ھەممىنىڭ ئارقىسىغا قويۇلىشى كېرەك ئىدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ تەبىئىي پەنلەرنىمۇ ئادەتتىكى فىزىكا، ماتېماتىكا، خاس فىزىكا، مېتېرولوگىيە (ھاۋارايى ئىلمى)، خىمىيە، بوتانىكا قاتارلىقلارغا؛ ماتېماتىكىنى ساپ ماتېماتىكا ۋە ئارىلاش ماتېماتىكىغا؛ ساپ ماتېماتىكىنى ماتېماتىكىلىق ئانالىز ۋە گېئومېتىرىيەگە؛ ئارىلاش ماتېماتىكىنى بولسا مېخانىكا، گېئوئاسترونومىيە، ئوپتىكا (نۇر ئىلمى) ۋە ئاكوستىكىلار (ئاۋاز ئىلمى)غا بۆلدى.

XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتى ۋە بۆلۈنۈشىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. بۇ مەزگىلدە شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ تالانتلىق ئەربابلىرىدىن سىن-سىمون بىلەن گېگېل ئۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تۈرلۈك توسالغۇلارنى بۆسۈپ تاشلاپ، پەنلەر كلاسسىفىكاتسىيىگە تۇتۇش قىلدى. سىن-سىمون پەنلەرنى 1) ماتېماتىكا؛ 2) نىئورگانىك فىزىكا: ئاسترونومىيە، فىزىكا، خىمىيە؛ 3) ئورگانىك فىزىكا: فىزىئولوگىيە دېگەنلەرگە بۆلدى. ئۇنىڭ بۇ خىل بۆلۈشى ئانچە ئىلمىي بولمىسىمۇ، لېكىن بەلگىلىك مۇۋاپىق تەرەپلىرى بار ئىدى.

دەلىلچى كونت سىن-سىموننىڭ كلاسسىفىكاتسىيە سىستېمىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىش ئاساسىدا ئۇنى بىر ئاز كونكرېتلاشتۇردى. مەسىلەن، ئاسترونومىيەنى گېئوئاسترونومىيە ۋە مېخانىكىنىڭ ئاسترونومىيەگە؛ فىزىكىنى ئېغىرلىق كۈچى تەلىماتى، ئىسسىقلىق دىنامىكىسى، ئاكوستىكا، ئوپتىكا، ئېلېكترونىكىغا؛ خىمىيەنى ئورگانىك خىمىيە ۋە نىئورگانىك خىمىيەگە؛ فىزىئولوگىيەنى جاندارلار قۇرۇلمىسى، توقۇلمىسى، تۈرى، ئۆسۈملۈكلەر فىزىئولوگىيىسى ۋە ھايۋاناتلار فىزىئولوگىيىسى قاتارلىقلارغا بۆلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چوڭ تۈرلەرنىڭ ئارقىسىغا سوتسىئولوگىيە (ئىجتىمائىيەت) دېيىدىغان بىر تۈرنى قوشتى. بىراق، ئۇنىڭ ماتېماتىكىغا بولغان ئاددى قارىشى ئۆزىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن توغرا بولغان يۇقىرقى بۆلۈش نەتىجىلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى.

كېيىن گېگېل ئۆزىنىڭ تەرەققىياتچىلىق ئىدىيىسىنى پەنلەر كلاسسىفىكاتسى-

يىسىگە ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزم ئاساسىغا قۇرۇلغان غايەت كەڭ پەلسەپىۋى سىستېمىسىنى پەنلەرنىڭ كلاسسىفىكاتسىيە سىستېمىسى دېيىشكە بولىدۇ.

گېگېلنىڭ پۈتكۈل پەلسەپىۋى سىستېمىسىدا باشتىن ئاياق مۇتلەق روھنىڭ ئۆزگىرىش، راۋاجلىنىش جەريانى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇ ھەر قايسى پەنلەر مۇتلەق روھنىڭ تەرەققىيات تەرتىپى بويىچە ۋۇجۇتقا كېلىدۇ، يەنى پەنلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى دىئالېكتىك تەپەككۇر پەنلىرى، مېخانىكا، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، گېئولوگىيە، بوتانىكا، زوئولوگىيە، ئىنسانىيەت ئىلمى روھى ھادىسىلەر ئىلمى، پىسخولوگىيە، قانۇن، سەنئەت، دىن ۋە پەلسەپە دېگەن رەتلەر بويىچە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. دېمەك، تەرەققىيات پرىنسىپى گېگېل كلاسسىفىكاتسىيىسىدىكى ئەڭ ئاساسىي ئىدىيە. بۇنىڭدا پەنلەرنىڭ ئورگانىك باغلىنىشلىرى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق، بۇ خىل تەرەققىيات پرىنسىپى مېتافىزىكىلىق ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان بولغاچقا، ئاز بولمىغان توقۇلمىلاردىن، ئىلمىسىزلىكلەردىن خالى ئەمەس ئىدى.

ماركسىزملىق پەنلەر كلاسسىفىكاتسىيىسى نەزەرىيەسىنىڭ بارلىققا كېلىشى تارىختىكى ھەر خىل ئىدىيىلەر، بولۇپمۇ سىن - سىمون ۋە گېگېلنىڭ كلاسسىفىكاتسىيە ئىدىيىسىگە تەنقىدى ئاساستا ۋارىسلىق قىلغانلىقىنىڭ ھەمدە ئۇنى تۈزەتكەنلىكىنىڭ، مۇكەممەللەشتۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولدى.

ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر ئاساسىدا پەنلەرنى تۈرلەرگە بۆلۈشنىڭ توپ پرىنسىپى مۇنداق، ئىككى نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، پەنلەرنىڭ گېئولوگىيەلىك (بىلىش) ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىش. ماركسىزمدىن ئىلگىرىكىلەر پەنلەرنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىسى ھەققىدە كۆپ ئىزدەنگەن ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بىراق بۇ مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىپ كېتەلمىدى. گېگېلنى ئالساق، ئۇ پەننىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسىنى تۆپتىن ئىنكار قىلغانلىقتىن، پەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقى ئىچكى باغلىنىشنى ئېچىپ بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەقەت ماركسىزملا پەننىڭ بىلىش جەھەتتىكى ئىككى ئالاھىدىلىكىنى يەنى بىر جەھەتتىن ئۇنىڭ مەزمۇنى بىلىشنىڭ ئوبيېكتىدىن، شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىدىن كەلگەن بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ مەزمۇننىڭ يەنە بىلىشنىڭ پائالىيەتچانلىق رولى ئارقىلىق پۇت تىرەپ تۇرالايدىغانلىقىنى؛ پەنلەرنىڭ بىلىش ئوبيېكتى پەنلەر مەزمۇنىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسىنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى، سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق بولسا دەل مانا شۇ ئاساس ئۈستىگە ھەر خىل پەنلەرنى تۈرگۈزۈپ چىقىدىغانلىقىنى، ھەر قانداق بىر پەن ئوبيېكتىپ ئاساس بىلەن سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنىڭ بىرلىكىدىن تەشكىل تاپىدىغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

ئەتراپلىق شەرھىيلەپ، پەنلەر كلاسسىفىكاتسىيىسىنىڭ توغرا پرىنسىپىنى تۇرغۇزۇپ چىقىش ئۈچۈن ئاساس تىكلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر قانداق بىر پەننىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى مۇناسىپ ھالدىكى ئۇسۇل ۋە ۋاستىلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان بولغاچقا، پەنلەرنىڭ بىلىشتىكى پائالىيەتچانلىق رولىغا سەل قارىماسلىق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مانا بۇ ماركسىزملىق بىلىش نەزەرىيىسىدىكى دىئالېكتىك خاراكتېرنىڭ پەنلەر كلاسسىفىكاتسىيىسىدىكى كونكرېت ئىپادىسىدۇر. ئىككىنچىسى، ماددىنىڭ ھەرىكەت شەكلىدىكى پەرقلەرنى ۋە ھەرىكەتنىڭ ئەسلى تەرتىپىنى ئاساس قىلىش. دۇنيادىكى مىڭلىغان، مىليونلىغان شەيئى ۋە ھادىسىلەر ماددا ھەرىكىتىنىڭ ئوخشىمىغان ئىپادىلىنىش شەكلىدىن ئىبارەت بولۇپ، ماددىي جىسىملارنى بىلىش دېگىنىمىز — ماھىيەتتە ئەنە شۇ جىسىملارنىڭ ھەرىكەت شەكلىنى بىلىش دېمەكتۇر. ئېنگېلس: «ھەر بىر پەن ئۆزىچە بولغان بىر ھەرىكەت شەكلىنى ياكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە بىر-بىرىگە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بىر قاتار ھەرىكەت شەكلىنى تەھلىل قىلىدۇ»③، «پەنلەرنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى دېگىنىمىز — مۇشۇ ھەرىكەت شەكىللىرىنىڭ ئۆزى ئاساسلىنىدىغان شۇنداقلا بۇ ھەرىكەت شەكىللىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەزەلدىن بار بولغان تەرتىپلەرنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ۋە رەتكە تۇرغۇزۇلۇشىدىن ئىبارەت»④ دەيدۇ. «پەنلەرنى ماددىنىڭ ھەرىكەت شەكلىدىكى پەرقلەر ۋە ئەسلىدە بار بولغان تەرتىپلەرگە ئاساسەن پەرقلەندۈرۈش ۋە رەتكە تۇرغۇزۇش — پەنلەر كلاسسىفىكاتسىيىسىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ھەمدە ئەڭ مۇھىم پرىنسىپىدۇر.»⑤

ئېنگېلس بارلىق ماددىلارنىڭ ھەرىكەت شەكىللىرىنى مۇنداق ئالتە خىلغا يىغىنچاقلايدۇ: بىرىنچىسى، مېخانىكىلىق ھەرىكەت شەكلى. مەسىلەن، يۇلتۇزلارنىڭ ئايلىنىشى، ئوقنىڭ ھەرىكىتى، شۇنداقلا باشقا چوڭ-كىچىك جىسىملارنىڭ بوشلۇقتىكى ھەرىكىتى. ئىككىنچىسى، فىزىكىلىق ھەرىكەت شەكلى. مەسىلەن، ئىسسىقلىق، نۇر، ئاۋاز، ئېلېكتر، ماگنىت قاتارلىقلارنىڭ ھەرىكىتى. ئۈچىنچىسى، خىمىيىلىك ھەرىكەت شەكلى. مەسىلەن، ئاتوملارنىڭ قوشۇلۇش، بۆلۈنۈش، ماددىنىڭ بىر-بىرىگە ئايلىنىش ھەرىكىتى. تۆتىنچىسى، بىئولوگىيىلىك ھەرىكەت شەكلى. مەسىلەن، ماددا ئالمىشىش ھەرىكىتى، پەيدا بولۇش ۋە يوقىلىش ھەرىكىتى. بەشىنچىسى، ئىجتىمائىي ھەرىكەت شەكلى. مەسىلەن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەرەققىيات ھەرىكىتى، زىددىيەت ۋە زىددىيەتلەر كۈرىشى ھەرىكىتى. ئالتىنچىسى، ئەڭ ئالىي ۋە ئەڭ مۇرەككەپ بولغان بىر خىل ماددىي ھەرىكەت شەكلى. مەسىلەن، تەپەككۇر ھەرىكىتى، قەدىمكى ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىكىنىڭ مېتافىزىكىغا، مېتافىزىكىنىڭ يەنە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمغا ئايلىنىش ھەرىكىتى. بىرىنچىسىدىن تۆتىنچىسىگىچە بولغان ھەرى-

گەت شەكلى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھەرىكەت شەكلىنى، بەشىنچىسى ئىجتىمائىي ھەرىكەت شەكلىنى، ئالتىنچىسى تەپەككۇر ھەرىكىتىنىڭ شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئېنگېلسنىڭ پەنلەرنى بۇنداق تۈرگە بۆلۈشى كۈچلۈك دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق پرىنسىپچانلىقتا ئىكەن بولۇپ، بۇ مەسىلىنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھېچكىم مۇنداق ھەل قىلالمىغان ئىدى.

ماددىي دۇنيانىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەبىئەت، ئىجتىمائىيەت ۋە تەپەككۇرىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئاساسىي ساھەگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. ماددىي دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ ئاساسىي ساھەگە مۇناسىپ ھالدا ھازىرقى زامان ئىلىم-پەننى تەبىئەت ئالىمىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان تەبىئىي پەنلەر، ئىجتىمائىي ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە تەپەككۇر پائالىيەتلىرى قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان تەپەككۇر پەنلەر دېگەن ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ يەنە ئۈچ چوڭ ساھەگە ئورتاق ھالدا مىقدار مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ماتېماتىكا، شۇنداقلا ئۈچ ساھەنىڭ ئەڭ ئادەتتىكى قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەلسەپەمۇ بار. ماتېماتىكا بىلەن پەلسەپىنىڭ پەنلەرنىڭ چوڭ تۈرى سۈپىتىدە ئايرىلىشى ئۇلارنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن تەرەققىياتىدا تۇتقان ئورنى ھەم رولى بەلگىلىگەن. ماتېماتىكىنىڭ باشقا تەبىئىي پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولغانلىقتىن، ئۇ ئادەتتە تەبىئىي پەنلەر دائىرىسى ئىچىدىكى ئاساس پەن دەپ قارىلىپ قالىدۇ. ماتېماتىكىنى تەبىئىي پەنلەر بىلەن پەلسەپە ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى پەن دەپ قارايدىغانلارمۇ بار. لوگىكىلاردا بولسا، بارلىق ماتېماتىكىنى لوگىكىغا يىغىنچاقلاپ، ماتېماتىكىنى لوگىكىنىڭ بىر تارمىقى دەپ ھېسابلاش تەشەببۇسى كۈچلۈك. ۋاھالەنكى، بۇ خىل قاراشلار ماتېماتىكىنىڭ پۈتكۈل ئىلىم-پەن تۈرىدىكى پەۋقۇلئاددە ئورنىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ئوخشاشلا بەزىلەردە پەلسەپەنىمۇ ئىجتىمائىي پەننىڭ بىر تارمىقى دەپ قارايدىغان ئادەت بار. بۇمۇ پەلسەپەنىڭ پۈتكۈل ئىلىم-پەن تۈرىدە تۇتىدىغان ئورنىغا توغرا باھا بەرمىگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى ئىلىم-پەننىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇنلىغان كونكرېت پەنلەر ئىلگىرى كېيىن بولۇپ پەلسەپىنىڭ تەركىبىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغان پەنلەرگە ئايلاندى. تەپەككۇر پەنلەرىدىن بولغان لوگىكىمۇ پەلسەپەدىن ئايرىلىپ چىقتى. شۇڭا ھازىرقى زامان پەلسەپىسى ئەندى ھەر خىل ماددا ھەرىكىتىنىڭ كونكرېت قانۇنىيەتلىرىنى ئەمەس، بەلكى، تەبىئەت، ئىجتىمائىيەت ۋە تەپەككۇرىيەتنىڭ ئەڭ ئادەتتىكى قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن بولۇپ قالدى. شۇڭا ماتېماتىكا ۋە پەلسەپە ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن كلاسسىفىكاتسىيىسىدە يۇقىرقى ئۈچ چوڭ تۈر قاتارىدىن ئايرىم

ئورۇن ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھازىرقى زامان ئىلىم-پەنى تەرەققىياتىدىكى ھەر قايسى پەنلەرنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىشىدىن ئىبارەت يېڭى يۈزلىنىشى ئۇنىۋېرسال پەن تۈرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە خاراكتېرى جەھەتتىن بۇ خىلدىكى پەنلەرنى يېنىكلىك بىلەن يۇقىرقى بەش چوڭ تۈرنىڭ بىرسىگە قوشۇۋېتىشكە بولمايدۇ. شۇڭا ئۇمۇ پەنلەر كلاسسىفىكاتسىيىسىدە چوڭ تۈرلەر قاتارىغا قويۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھازىرقى زامان ئىلىم-پەننى، پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر، ماتېماتىكا، تەبىئىي پەنلەر، تەپەككۇر پەنلىرى ۋە ئۇنىۋېرسال پەنلەردىن ئىبارەت ئالتە چوڭ تۈرگە ئايرىتىشقا بولىدۇ.

بۇنىڭ ئىچىدىكى پەلسەپە ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە پەلسەپەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تارماقنى؛ ئىجتىمائىي پەنلەر سىياسىي-ئىقتىساد، سىياسىي پەنلەر، قانۇن، ھەربىي ئىلىم، مەدەنىيەت-مائارىپ، تىل-يېزىق، ئەدەبىيات-سەنئەت، تارىخ، دىن، ئاتېزىم قاتارلىق تارماقلارنى؛ تەبىئىي پەنلەر بولسا فىزىمات، گېئولوگىيە، يەر شارى ئىلمى، خىمىيە، بىئولوگىيە، دورىگەرلىك، يېزا ئىگىلىك ئىلمى، سانائەت ۋە تېخنىكا ئىلمى قاتارلىق تارماقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ئۆز ئىچىدە يەنە نۇرغۇن كونكرېت تارماق پەنلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ھەر قايسى پەنلەر بىر-بىرى بىلەن ھەم باغلىنىشلىق ھەم پەرقلىق بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، پەنلەرنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى كلاسسىفىكاتسىيەلىنىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بىر دەۋردە تۇرىۋاتقان ھەر قايسى ئەللەردىكى كلاسسىفىكاتسىيەلىنىش ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، ئومۇمىي پەنلەردە، بولۇپمۇ تەبىئىي پەنلەردە ئالاھىدە تەرەققىي قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشۇۋاتقان ئامېرىكىنىڭ پەنلەر كلاسسىفىكاتسىيە ئىدىيىسى ۋە ئۇسۇلى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ھازىرقى زامان ئامېرىكىسىدا ئومۇمىي پەنلەر يەتتە چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار ھاياتلىق ئىلمى، روھىي ئىلىم (پسىخولوگىيە)، ماددىي ئىلىم، مۇھىت ئىلمى، ماتېماتىكا ۋە ھېسابلاش ماشىنىسى ئىلمى، تېخنىكىلىق ئىلىم، ئىجتىمائىي ئىلىم (ئىجتىمائىي پەن) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ كونكرېت تەركىبىي قىسىملىرى مۇنداق:

### 1. ھاياتلىق ئىلمى

ھاياتلىق ئىلمى بىئولوگىيە، كلىنىك مېدىتسىنا، يېزا ئىگىلىك ئىلمى، شۇنداقلا باشقا ھاياتلىق پەنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىئولوگىيە تەركىبىگە ئاناتومىيە، زوئولوگىيە، باكتېرىئولوگىيە، بىئوخىمىيە، بىئوجۇغراپىيە، دېڭىز-ئوكيان بىئولوگىيەسى، بىئوفىزىكا، ئېكولوگىيە، ئېمبرولوگىيە

(تۆرەلمەشۇناسلىق)، ئېنتومولوگىيە (ھاشارەتشۇناسلىق)، يېتىلىش بىئولوگىيىسى، ئىرسىيەت ئىلمى، ئىممونولوگىيە[6] مىكروبىئولوگىيە، ئوزۇقلۇق ۋە ماددا ئالماشتۇرۇش ئىلمى، پارازىتولوگىيە (پارازىتشۇناسلىق)، پاتولوگىيە (كېسەلشۇناسلىق)[7]، دورا ماتېرىياللىرى ئىلمى، ئىنسان ساغلاملىقى ئىلمى، فىزىئولوگىيە، بوتانىكا، رادىئاتسىيە (نۇر چېچىش)، بىئولوگىيە، كلاسسىفىكاتسىيە قاتارلىقلار كىرىدۇ.

كلىنىك مېدىتسىنا تەركىبىدە داۋالاش ئىلمى، نېرۋولوگىيە، كۆز دوختۇرلۇقى ئىلمى، ئالدىنى ئېلىش ۋە ساقلىقنى ساقلاش مېدىتسىناسى، پسىخىئاتىرىيە (روھى كېسەللىكلەر ئىلمى)، رادىئاكتىپلىق مېدىتسىنا، ئىچكى كېسەللىكلەر مېدىتسىناسى، تاشقى كېسەللىكلەر مېدىتسىناسى ۋېتېرىنارىيە (مال دوختۇرلۇق ئىلمى)، ستوماتولوگىيە (ئېغىز بوشلۇقى ئىلمى)، فىزىكىلىق داۋالاش ئىلمى، دورىگەرلىك ئىلمى، بالىلار كېسەللىكلىرى ئىلمى قاتارلىقلار كىرىدۇ.

يېزا ئىگىلىك ئىلمى تەركىبىدە تۇپراقشۇناسلىق، دېھقانچىلىق تېخنىكىسى ئىلمى، دېھقانچىلىق خىمىيىسى، ئۆسۈملۈكلەرنى تاقلاش-تەربىيەلەش ئىلمى، ئورمانچىلىق ئىلمى، چارۋىچىلىق ئىلمى قاتارلىقلار كىرىدۇ.

## 2 پسىخولوگىيە

پسىخولوگىيە ئىش-ھەرىكەت، پسىخىكى جەريان، ئەقلى قابىلىيەت، بەككىلىك ۋە توپلۇق قاتارلىقلاردىكى ئالاھىدىلىكلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدە تەجرىبە پسىخولوگىيىسى، ھايۋاناتلار ھەرىكىتى ئىلمى، كلىنىك پسىخولوگىيە، سېلىشتۇرما پسىخولوگىيە، خاراكتېرلارنىڭ شەكىللىنىش ئىلمى، ئىجتىمائى پسىخولوگىيە، سانائەت ۋە قۇرۇلۇش پسىخولوگىيىسى، مائارىپ ئىلمى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە كەسىپلەر پسىخولوگىيىسى، بالىلار پسىخولوگىيىسى، يېتىلىش ۋە خاراكتېر ئىلمى، نىكا پسىخولوگىيىسى، ياشانغانلار پسىخولوگىيىسى، پسىخىكىلىق ئۆلچەپ بېكىتىش ئىلمى، گىپنوزلاپ (ئۇخلىتىپ) داۋاش ئىلمى قاتارلىقلار كىرىدۇ.

## 3 . ماددىي ئىلىم

ماددىي ئىلىم ماددى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇ ئاسترونومىيە، خىمىيە، فىزىكا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاسترونومىيەنىڭ تەركىبىدە ئاسمان جىسىملىرى تەجرىبە فىزىكىسى، ئاسمان جىسىملىرى نەزەرىيە فىزىكىسى، ئوپتىك ئاسترونومىيە، رادىئو ئاسترونومىيە، X نۇرى ئىلمى، $\gamma$ (گامما) نۇرى ۋە نېيترىنو ئاسترونومىيىسى قاتارلىقلار كىرىدۇ.

خىمىيەنىڭ تەركىبىگە ئورگانىك خىمىيە، ئىئورگانىك خىمىيە، فىزىكىلىق خى-
مىيە. مېتال ئورگانىك خىمىيىسى، يادرو خىمىيىسى، رادىئاتىك خىمىيە قاتارلىقلار
كىرىدۇ.

فىزىكىنىڭ تەركىبىگە ئاكوستىكا، ئاتوم ۋە مالېكولا فىزىكىسى، ئاساسى زەر-
رىچە فىزىكىسى، يادرولۇق قۇرۇلما فىزىكىسى، ئوپتىكا، تەڭ ئىئونلۇق جىسىم فى-
زىكىسى، قويۇقلىشىش ھالىتى فىزىكىسى قاتارلىقلار كىرىدۇ.

## 4 . مۇھىت ئىلمى

مۇھىت ئىلمى قۇياش سىستېمىسىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىقى ۋە پاراۋانلى-
قى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ۋاستىلىق تەسىرىنى تەتقىق قىلىدىغان،
ئومۇمى مەنىدىن ئالغاندا، غەيرى بىئولوگىك خاراكتېر ئالغان ئىلىم دەپ قارىلىدۇ.
مۇھىت ئىلمى ئاتموسفېرا ئىلمى، گېئونومىيە (يەر شارى ئىلمى)، دېڭىز-ئوكيان
ئىلمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاتموسفېرا ئىلمى تەركىبىگە ئاتموسفېرا قۇرۇلمىسى ۋە دىنامىكىسى، يۇقىرى
بېسىملىق ئاتموسفېرا فىزىكا خىمىيىسى، قۇياش ئاتموسفېراسى، ھاۋارايىغا سۈنئى
تەسىر كۆرسىتىش ئىلمى، يەر شارى سىرتقى ئاتموسفېرا قاتلىمى ئىلمى، مېتېئورولو-
گىيە (ھاۋارايى ئىلمى) قاتارلىقلار كىرىدۇ.

گېئونومىيە تەركىبىگە يەر شارى تېخنىكا فىزىكىسى، گېئولوگىيە، گېئودېزىيە
(يەر يۈزىنى ئۆلچەش) ۋە ئېغىرلىق كۈچى ئىلمى، يەر ماگنىتىزىمى، گىدرولوگىيە،
يەر شارى ئىئورگانىك خىمىيىسى، يەر شارى ئىزوتوپ خىمىيىسى، يەر شارى ئور-
گانىك خىمىيىسى، يەر شارى تەجرىبە فىزىكىسى، تارىخىي يەر ماگنىتىزىمى، پالې-
ئونتولوگىيە، تەبىئى جۇغرايىيە ۋە چۆرتىيوژلۇق ئىلمى، يەر تەۋرەش ئىلمى قاتار-
لىقلار كىرىدۇ.

دېڭىز-ئوكيان ئىلمى تەركىبىگە دېڭىز-ئوكيان بىئولوگىيىسى، دېڭىز-ئوك-
يان خىمىيىسى، دېڭىز-ئوكيان فىزىكىسى، يەر شارى دېڭىز-ئوكيان فىزىكىسى
قاتارلىقلار كىرىدۇ.

## 5 . ماتېماتىكا ۋە ھېسابلاش ماشىنىسى ئىلمى

ماتېماتىكا ئالگېبرا، سانلىق قىممەت ۋە فۇنكسىئونال تەھلىل، ئەمەلى ماتې-
ماتىكا، ئېھتىماللىق نەزەرىيىسى، ئاساس لوگىكا ۋە ماتېماتىكىلىق لوگىكا، گېئومې-
تىرىيە، ستاتىستىكا، توپولوگىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھېسابلاش ماشىنىسى ئىلمى پروگرامما تىلى، ھېسابلاش ماشىنىسى ۋە ئىن-
فورماتسىيە، ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ سانلىق ئاساسى ۋە ئىشلىنىشىنى لايىھەلەش —

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوللىنىش ئىلمى، ئىنفورماتسىيە ۋە سىستېمالوگىيە، سىستېمىلىق ئانالىز ئىلمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

6 . تېخنىكىلىق ئىلىم

تېخنىكىلىق ئىلىملارنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشى تېخنىكىلىق پرىنسىپلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ياكى ئىلىم-پەن پرىنسىپلىرىنى تېخنىكا ئەمەلىيىتىگە تەدبىق قىلىشتىن ئىبارەت دەپ قارىلىدۇ. ئۇ ئاۋىئاتسىيە تېخنىكىسى، ئالەم تېخنىكىسى، خىمىيىۋى تېخنىكا، بىناكارلىق تېخنىكىسى، ئېلېكتىر ماشىنىلىرى تېخنىكىسى، ماشىنىسازلىق تېخنىكىسى، مېتاللورگىيە ۋە ماتېرىيال ئىلمى قاتارلىق بەزى تارماق پەنلەرنى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى، سانائەت ۋە باشقۇرۇش تېخنىكىسى، يادرولۇق مېخانىكا، دېڭىز-ئوكيان تېخنىكىسى، سىستېمىلىق تېخنىكا دېگەنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

7 . ئىجتىمائىي ئىلىم

ئىجتىمائىي ئىلىم (ئىجتىمائىي پەن) ئىنسانشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق، تارىخ، تىلشۇناسلىق، پولىتىكا (سىياسىي)، سوتسىيولوگىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىنسانشۇناسلىق تەركىبىگە ئىرقشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت ۋە ئىندىۋىداللىق، ئىجتىمائىيەت ۋە مىللەتشۇناسلىق، ئەمەلىي ئىنسانشۇناسلىق قاتارلىقلار كىرىدۇ.

ئىقتىسادشۇناسلىق تەركىبىگە ئىقتىساد ماتېماتىكىسى ۋە ئىقتىساد ستاتىستىكىسى، ئىقتىسادىي ئىدىيىلەر تارىخى، دۇنيا ئىقتىسادشۇناسلىقى، سانائەت ئىقتىسادى، ئەمگەك ئىقتىسادى، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى، ماكرو ئىقتىسادشۇناسلىق، مىكرو ئىقتىسادشۇناسلىق، مالىيە ۋە مالىيە سىياسىتى، ئىقتىساد نەزەرىيىسى، ئىقتىسادىي سىستېما ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات قاتارلىق پەنلەر كىرىدۇ.

تارىخ ئىلمى تەركىبىگە مەدەنىيەت، سىياسەت، ئىجتىمائىيەت، پەنلەر تارىخى، ۋە پەلسەپە قاتارلىقلار كىرىدۇ.

تىلشۇناسلىق تەركىبىگە قەدىمكى ئىنسانىيەت ئىلمى تىلشۇناسلىقى، ھېسابلاش ماشىنىسى تىلشۇناسلىقى، پسىخىكى تىلشۇناسلىقى، سوتسىيولوگىك تىلشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەر كىرىدۇ.

پولىتىكا تەركىبىگە رايون تەتقىقاتى، ھۆكۈمەت سېلىشتۇرمىسى، سىياسىي ئىدىيىلەر تارىخى، خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە خەلقئارا قانۇن، دۆلەت سىياسىسى ۋە قانۇن تۈزۈلمىسى، سىياسىي نەزەرىيە، ئاممىۋى باشقۇرۇش قاتارلىق پەنلەر كىرىدۇ.

سوتسىيولوگىيە تەركىبىگە سېلىشتۇرما سوتسىيولوگىيە ۋە تارىخىي سوتسىيولوگىيە، مۇرەككەپ تەشكىللەش، مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، نوپۇس ستا-

تېخنىكىسى، ئادەملەر توپىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، ئىجتىمائىي مەسىلە ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، سوتسىئولوگىيە نەزەرىيىسى قاتارلىق پەنلەر كىرىدۇ.

ئىجتىمائىي ئىلىم يەنە يۇقىرىدىكى تەركىبلەر گۇرۇپپىسىغا قويغىلى بولمايدىغان قانۇن، مائارىپ، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي جۇغراپىيە قاتارلىق پەنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئامېرىكىلىقلارنىڭ قارىشىچە، يۇقىرىدىكى ھەر قايسى پەنلەرگە ئوخشىمايدىغان يەنە بىر مۇنچە كۆپ تەرەپلىمىلىك پەنلەر ۋە يېڭى ساھەلەر بار.

بىز يۇقىرىدا پەنلەر كلاسسىفىكاتسىيە ئىدىيىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە پەنلەرنىڭ ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر ئاساسىدىكى كلاسسىفىكاتسىيەلىنىشى بىلەن، شۇنداقلا يەنە پەنلەر كلاسسىفىكاتسىيىسىدىكى باشقا ئېقىملارغا ۋاكالىتەن ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان پەنلەر كلاسسىفىكاتسىيە سىستېمىسى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقتۇق. بۇنىڭدىن باشقا ئەللەرنىڭ پەنلەر كلاسسىفىكاتسىيىسىدە يەنە قانداق خاسلىقلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس. بۇ مەسىلە، ئومۇمەن، شۇ ئەلدىكى پەنلەر كلاسسىفىكاتسىيە ئىدىيىسىنىڭ قانداق بولۇشىغا، ھەر قايسى پەنلەرنىڭ ئۆز ئېلىدىكى تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ تېگىشلىك ئورنىغا باغلىق.

بىر ئادەم ئۆز ھاياتىدا ھەر قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ، ھەممە پەنلەردىن مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە بولۇپ كېتەلىشى ناتايىن. لېكىن ئىلىم-پەن خادىملىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەر قايسى پەنلەرنىڭ پۈتكۈل ئىلىم-پەن سىستېمىسىدا تۇتقان ئورنىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى، ئۇلاردىكى ئىچكى باغلىنىشىنى ۋە بىر-بىرىگە بولغان تەسىرىنى بىلىۋېلىش — پەنلەرنىڭ ھەم بۆلۈنۈش ھەم بىرلىشىشتەك ئىككى ياقلىملىق تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىلمىي يوسۇندا ئىگەللەپ، تۈرلۈك ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىنى ئاڭلىق، پىلانلىق ۋە ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىشقا ھەمدە ئۇنى سىستېمىغا، ئىلمىي يولغا سېلىشقا ياردەم بېرىدۇ، شۇنداقلا بۇ جەھەتلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مول نەزەرىيىۋى ئاساسلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

## ئىزاھلار

① ئېنگېلس: «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى»، خەلق نەشرىياتى 1971 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 164 - بەت.

② «قەدىمكى گرېتسىيە رىم پەلسەپىسى»، 1957 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 363 - بەت.

③ ④ ئېنگېلس: «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى». خەلق نەشرىياتى 1971 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 283 - بەت.

⑤ «تەبىئەت دىئالېكتىكىسىدىن لېكسىيەلەر»، 4 - كىتاب، خەنزۇچە نەشرى 18 - بەت.

⑥ ئىممونولوگىيە: جانلىقلارنىڭ ئىممۇنىت رېئاكسىيىسى ۋە ئىممۇنىت ھادىسىسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

⑦ پاتولوگىيە: كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققى قىلىشىنى تەتقىق قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىزاھلاپ بېرىدىغان پەن.

# قەدىمكى ئۇيغۇر خرىستىيان يادىكارلىقلىرى

**قاھار بارات**

خرىستىيان دىنى دۇنيادىكى 3 چوڭ دىننىڭ بىرى. ئۇ مىلادى 1 - ئەسىردە پەلەستىنىدە مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسى تەڭرى بولۇپ ئادەمزاتنىڭ دەسلەپكى ئەجدادى جىنايەت بىلەن دۇنياغا تۆرەلگەن، شۇڭا ئۇ بۇ دۇنيادا ئازاپ ئىچىدە ياشايدۇ، پەقەت تەڭرى ۋە تەڭرى ئوغلى ئەيساغا چوقۇنغاندىلا ئازاپتىن قۇتۇلۇپ، نىجاتلىق تاپالايدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ دىن بىر قانچە مەزھەپلەرگە بۆلۈنىدۇ. بىز ئادەتتە كاتولىك دىنىي، خرىستىيان دىنىي دەپلا بىلىمىز. ئۇلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» دەپ ئىككى چوڭ قىسىمغا ئايرىلىدۇ.①

خرىستىيان دىنى خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشكە باشلىغان. مىلادى 334 - يىلى خوراساندىكى مەرۋە (Marv) ۋە تۇس (Tus) دېگەن جايلاردا ئېپىسكوپىكال سى (Episcopical see) دەرىجىلىك چىركاۋلار بولغان. شەرقىي رىم تارىخچىسى سىموكاتا (Theophylactus Simocata) نىڭ خاتىرىلىشىچە، 6 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا شەرقىي رىم پادىشاسى مائۇرىك (Maurice) ئەسكەر چىقىرىپ پارس پادىشاھى خىسراۋ II (Chosroes II) گە ياردەملىشىپ تۈرك خاقانى (پايتەختى قارا شەھەر يۇلتۇز ۋادىسىدا) بەھرام (Bahram) غا قارشى ئۇرۇش قىلغان. جەڭدە پارس سەركەردىسى نارسى (Narses) تۈرك ئەسكەرلىرىدىن بەزىلىرىنى ئەسىرلىككە ئېلىپ، شەرقىي رىم پايتەختى كونستانتىنىپولغا ئېلىپ بارغان. ئەسىرلەرنىڭ پېشانىسىدىكى كرېست بەلگىلىرىنى كۆرگەن رىم پادىشاسى ناھايىتى ھەيران بولۇپ سەۋەبىنى سورىغان. ئەسىرلەرنىڭ جاۋاب بېرىشىچە ئۇلار كىچىك ۋاقتىلىرىدا تۈرك ئېلىدە يۇقۇملۇق كېسەل تارقاپ كەتكەن ئىكەن، خرىستىيان دىنى تارقاتقۇچى مىسيونېرلار باللارنىڭ پېشانىسىغا كرېست بەلگىسى سالدۇرسا، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ دەپ كرېست سىلىپ قويغان. يەنە بىر رىم تارىخچىسى تېوفانېس (Theophanes) بولسا ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار

بار ئىدى دەپ خاتىرىلىگەن②.

خرىستىيان دىنىدا ئەڭ ئالىي مەرتىۋە پاپا (Pope)، ئۇندىن قالسا، پاترىئارخ (Patriarch)، كاردىنال (Cardinal)، ئارخىبىشوپ (Archbishop)، بىشوپ (Bishop) قاتارلىقلارغا بۆلىنىدۇ. رىم تارىخچىلىرى خاتىرىلىگەن شەرقىي رىم بىلەن غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئۆز ئارا ئەلچى ئەۋەتىشكەن خاتىرىلىرىدىمۇ پاترىئارخ ئوغۇزخان — (Patriarch – Oguz Khan) دېگەن بىر ئىسىم يېزىلغان③.

1906 - يىلى ستەيىن قەدىمكى مىرەن خارابىسىدىن قاناتلىق پەرىشتە بىلەن داڭلىق يونان پىرلىرىدىن ئاتىنا (Athena)، ئېروس (Eros) ۋە خېركۇلېس (Hercules) لارنىڭ تام رەسىمىنى تاپقان④. ھازىر شىئەندە ساقلىنىۋاتقان مەشھۇر «ماچىن نېستورىيان دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرىش خاتىرە تېشى» («大秦景教流行中国碑») دە خاتىرىلىنىشىچە: «نېستورىيان دىنىنى ماچىنلىق ئالوبېن (阿罗本) دېگەن ئادەم 635 - يىلىدىن ئېتىۋارەن جۇڭگوغا تارقاتقان» دېيىلگەن. دېمەك، خرىستىيان دىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىشتىن بۇرۇن شىنجاڭغا تارقالغان ۋە بۇ يەر ئارقىلىق ئۆتكەن. شەرق ئەللىرى ئارىسىدا خرىستىيان دىنىنى تارقاتقۇچىلار كۆپىنچە سوغدىلار، بولۇپمۇ نېستورىيان مەزھىپىدىكى سۇرىيىلىكلەر بولۇپ، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە بەزى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئۇلار ھازىرقى باي ناھىيىسى⑤ ۋە تۇرپاننىڭ بۇيلۇق دېگەن يېرىدە بۇددىستلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان⑥. بۇ يەردىن IX ئەسىرلەرگە تەۋە بولغان ئوتتۇرا پارس تىلىدا يېزىلغان خرىستىيان دىنى فراگمېنتلىرى ۋە تۆت پارچە قەدىمكى تۈركچە فراگمېنت تېپىلغان⑦. ئارخېئولوگ لېكوك تۇرپان قارغوجىدىكى نېستورىيان چىركاۋ خارابىسىدىن ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ يېروسالىمغا كىرىش كۈنى (پاسخا بايرىمى ھارپىسىدىكى يەكشەنبە) تەسۋىرلەنگەن تام سۈرىتى، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر پارچە سۈرەت ۋە كرېست بەلگىسى بار ھەيكەل قاتارلىقلارنى تاپقان⑧ بۇنداق تام سۈرەت خوتەندىنمۇ چىققان⑥. بۇيلۇقتىن چىققان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «ئىنجىل» پارچىسىدا ئوتقا چوقۇنغۇچى زوروئاستروئىزم دىنىنىڭ بەزى مەزمۇنلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇنى بەزىلەر «زوروئاسترىيانلار ئۆزگەرتكەن» دېسە، بەزىلەر «خرىستىيانلار خۇشامەت قىلىش ئۈچۈن قوشۇپ قويغان» دەيدۇ. مالوۋ «بۇ تەرجىمە بەلكىم XIII ئەسىردە نېستورىيانلار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان» دەيدۇ⑧. يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۆت پارچە كىچىك فراگمېنتتىن باشقا، بۇيلۇقتىن يەنە خرىستىيان دىنى ئەسەرلىرىدىن بولغان «سانت گېئورگنىڭ ۋاپاتى» خاتىرىسىنىڭ پارچىسى چىققان. ئېدىقۇت خارابىسىدىن چىققان ئىسوپ مەسەللىرىنىڭ پارچىسى گابائىننىڭ قارىشىچە سۇرىيىلىك نېستورىيانلار ئارقىلىق كىرگەن⑥

نېستورىيان دىنى خرىستىيان دىنىنىڭ بىر چوڭ مەزھىپى بولۇپ، بۇنى

سۈرىيەنىڭ Antioch دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان Nestorius دېگەن كىشى ياراتقان. ئۇ خرىستىيان دىنىدىكى بەزى ئاساسلىق ئەقىدىلەرگە ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئۇنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن 431 - يىلىدىكى Ephesus يىغىنىدا قوغلاندى قىلىنغان. شۇندىن ئېتىۋارەن ئۇ بىر مۇستەقىل دىنىي مەزھەپ بولۇپ بۆلۈنۈپ چىققان. ئۇ-نىڭ داھىسى ئۆزلىرى سايلىغان «پاترىئارخ» بولغان. بۇ مەزھەب بۆلۈنۈپ چىققاندىن كېيىن شەرققە قاراپ كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان، بولۇپمۇ پارس ئەللىرىدە كەڭ تارقالغان. بۇ دىنىنىڭ تارقاتقۇچىلىرى ئاساسەن سۈرىيەلىكلەردىن ئىبارەت ئىدى. چىڭگىزخان دەۋرىدە بۇ دىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىنتايىن كەڭ ئورۇن ئىگىلەشكە باشلايدۇ. تۈركىي قەبىلىلەردىن نايمان، كەرەيت، ئونغۇتلار ئاساسەن بۇ دىنىنىڭ ئېتىقاتچىلىرى بولۇشى بىلەن بىللە ئۇيغۇرلارمۇ كۆپلەپ ئېتىقات قىلىشقا باشلىغان. 1246 - يىلى موڭغۇل ئوردىسىغا كەلگەن ئىتالىيىنىڭ كاتولىك دىنى ئەلچىسى ئۆز خاتىرىسىدە: «چىڭگىزخان...... ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇيغۇرلار خرىستىيان دىنىنىڭ نېستورىيان مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلاتتى.» دەپ يازىدۇ. ③ (1 - توم 205 - بەت). «يۈەن تارىخى» 32 - توم «ۋىنزۇڭ تەزكىرىسى»دە ئىدىقۇت راھىپلىرىنىڭ چوقۇنۇش پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق خاتىرىلەر يېزىلغان. چىڭگىزخاندىن كېيىنكى موڭغۇل ھاكىمىيەتلىرىدە نېستورىيان دىنىي ئىنتايىن كەڭ ئەۋج ئالدى. موڭغۇللارنىڭ يېقىن سەبدىشى بولغان ئۇيغۇرلارمۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرتىدا قالمىغان. XIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىكى نېستورىيان دىنىي ئارخىپىدا قەشقەر 19 - رايون ئىدى③ (1 - توم 209 - بەت). بۇ چاغدا نېستورىيان دىنىنىڭ باشلىقى قەشقەردىمۇ تۇرغان⑨. ماركو پولو خاتىرىسىنىڭ 33 - بابىدا «قەشقەردە نىستورىيان مەزھىپىدىكى خرىستىيانلار ناھايىتى كۆپ، چېركاۋلىرىمۇ بار، سانى ئېنىق ئەمەس» دېگەن. 35 - بابىدا «يەركەندە نېستورىيان مەزھىپى بىلەن ياكوبىت مەزھىپىدىكى خرىستىيانلار بار.» دېگەن، 42 - بابىدا چىڭگىنتالاس دېگەن يەردە نىستورىيان مەزھىپىدىكى خرىستىيانلار بار» دېيىلگەن. بۇ يەردە شۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان ئىككى مەشھۇر شەخس بار سائۇما بىلەن ماركوسنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ: راببان بار سائۇما (Rabban Bar Cauma) يۈەن سۇلالىسى پايتەختى خانبالىق (بېيجىڭ)دا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر بولۇپ، نېستورىيان دىنىنىڭ بېيجىڭغا تەيىنلەنگەن باش ۋەكىلى ئارخېپىسكوپ مار گىۋارگىئوس (Archbishop Mar Guiwarguis)نىڭ شۇسىپىشى (خرىستىيان دىنىغا كىرىشتە چېركاۋدا ئوقۇپ سۇ سېپىش ياكى يۇيۇش مۇراسىمىدىن ئۆتۈش كېرەك)①. بىلەن خرىستىيان بولغان. ماركوس سەنشى خوشەن (ھازىرقى 霍州) لىك ئۇيغۇر خرىستىيان بەينىئېل Bainiel (بۇ ئادەم ئەسلى Mar Nestorius نىڭ سۇ سېپىشى بىلەن دىنغا كىرگەن.) نىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇلار ئىككىسى 1278 - يىلى بېيجىڭ-

دىن مۇقەددەس جاي يېروسالىمغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار يولدا ئاڭغۇتلار ئې-
لىدىن ئۆتۈپ خوتەن، قەشقەر، خوراسان، توس، ئازەربەيجان قاتارلىق جايلار
ئارقىلىق باغداتقا يېتىپ بارىدۇ. يولدا ئۇلار نېستورىيان دىنىنىڭ داھىسى پاترى-
ئارخ دېنخا (Patriarch Mar Denha) غا ئۇچرىشىدۇ. دېنخا ئۇلارغا مۇقەددەس جاي
پەلەستىنگە بارىدىغان تونۇشتۇرۇش يېزىپ بېرىدۇ. ئۇلار بېرىپ، ئاربىلا (Arbela)
شەھرى يېنىدىكى تارېل (Tarel) دېگەن جايغا جايلاشقان Saint Mar Micael ناملىق
چېركاۋغا ئورۇنلىشىدۇ. 1280 - يىلى دېنخا ئۇلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، ماركوسنى
خىتاي دۆلىتىگە ئارخ بىشوپ قىلىپ تەيىنلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا يابالاخا Jabalaha
دېگەن ئىسىمنى بېرىدۇ. ماركوس شۇ يىلى 35 ياشتا ئىدى. بارسائۇمانى بولسا،
چارلاپ يۈرگۈچى باش تەپتىش ۋېزىتۇر گېنېرال Visiteur Gènèral قىلىپ تەيىن-
لەيدۇ. دېنخا 1281 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى باغداتتا ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ ئور-
نىغا دىنىي داھىي سايلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا ماركوس يابالاخا تېخى ئا-
رېبىلادىن قايتمىغان ئىدى. نەتىجىدە سايلامدا ئۇ دىنىي داھىي پاترىئارخ بولۇپ
تەيىنلىنىدۇ. 1281 - يىلى 11 - ئايدا ئۇنىۋان بېرىش مۇراسىمى ئېچىلىدۇ. ئىلخا-
نىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاھى ئاباغاخان (Abaka) ئۇنى تەبرىكلەپ، ئۇنىڭغا
يابالاخا Jabalaha III دېگەن نامنى بېرىدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن بۇ ياش ئۇيغۇر
ماناخ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە 36 يىل دىنىي داھىي بولۇپ تۇرىدۇ. پارس پادى-
شاھى Abaka ئۆلۈپ، 1284 - يىلى 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاباغاخان (Abaka)
نىڭ چوڭ ئوغلى ئارغۇنخان (Arghun) ئىلخانىلار خانى بولىدۇ. ئۇ پەلەستىن
بىلەن سۈرىيەنى بېسىۋېلىش كويىدا ئالدى بىلەن ياۋروپادىكى خرىستىيان پادىشاھ-
لىرىنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولىدۇ ۋە ياۋروپالىقلارنىڭ تىلىنى ئىگە-
لىگەن بارسائۇمانى 1287 - يىلى پۈتۈن ياۋروپاغا باش ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ.
بارسائۇما ئاۋال كونستانتىنپولغا بېرىپ، پادىشاھ ئاندرونىكوس II (Andronicus)
نىڭ ئەتىۋارلىق مېھمىنى بولىدۇ. ئۇ يەردىن رىمغا بېرىپ كاردىنال يېروم Jerome
بىلەن دىنىي مۇنازىرە يۈرگۈزىدۇ. پاپا خونورىئوس II (Honorius II) شۇ يىلى
4 - ئايدا ئۆلگەنتى. 1288 - يىلى Jerome ئۇنىڭ ئورنىغا پاپا بولۇپ سايلىنىدۇ.
بارسائۇما ئۇ يەردىن پارىژ شەھرىگە بېرىپ، فرانسىيە پادىشاھى Philip the Fair)
فىلىپ فائىرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. پارىژدىن (Gascony)
گاسكونى شەھرىگە بېرىپ. ئەنگلىيە پادىشاھى بىلەن كۆرۈشىدۇ. رىمغا قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن پاپا نىكولاس IV (Nicholas) بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇ يەردىن
باغداتقا قايتىپ كېلىدۇ. بارسائۇما 1294 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى باغداتتا
ۋاپات بولىدۇ. ماركوس يابالاخا بولسا 1317 - يىلى 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى
Maragh مارغا شەھرىدە 72 يېشىدا ئۆلىدۇ.③ (1 - توم 214 - بەت). بۇ ئىنىڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كى مەشھۇر شەخس توغرۇلۇق مەخسۇس سۈرىيىچە يېزىلغان تەزكىرە بولۇپ، 1927 - يىلى نيۇ يوركتا كىتابتىن J. A. Montgomery تەرىپىدىن چىقىرىلغان مەخسۇس كىتابتىن باشقا 1958 - يىلى سوۋېتتە چىققان «مارىيابالاخا III ۋە راببان سائۇما تارىخى» دېگەن كىتاب بار. مۇمكىن بولسا تەرجىمە قىلىش زۆرۈر⑩.

1886 - يىلىدىن باشلاپ يەتتە سۇ ۋە شىنجاڭنىڭ ئالمىلىق، قەشقەر قاتارلىق رايونلىرىدىن 1300 چە نېستورىيان قەۋرە تاشلىرى تېپىلغان⑪. ھازىر شىنجاڭ مۇزېيىدىمۇ سەككىز پارچىسى بار. كرېست بەلگىسى ئويۇلغان بۇ تاشلارغا سۈرىيە يېزىقى ئويۇلغان بولۇپ كۆپچىلىكى سۈرىيە تىلىدا قىسمەنلىرى تۈركى تىلىدا يېزىلغان. بۇلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقىسى 1095 - يىلىدىن تارتىپ 14 - ئەسىرگىچە توغرا كېلىدۇ. قەشقەردىن چىققان بەزى تاشلاردا يامتا ۋە نېۋاكېت دېگەندەك ئاياللارنىڭمۇ ئىسمى بار. مالوۋ بۇ تاشلارنىڭ ئارىسىدىن سۈرىيە يېزىقى تۈركى تىلدا يېزىلغان 13 پارچە تاشنى قايتا ئېلان قىلدى.⑫ تۆۋەندە بىزمۇ بۇلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇق. بۇ خاتىرە تاشلاردا قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئېراسى بولغان 12 موچەل بىلەن بىرگە يەنە «ئالېكساندىر ئېراسى»نى قوللانغان. بۇ قەدىمكى گرېكلەرنىڭ ئېراسى بولۇپ ئالېكساندىر ماكېدونىسكىنىڭ قول ئاستىدىكى سېلېفك I نىڭ ۋاقتىدىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى بىز قوللۇنىۋاتقان ئېرادىن 311 يىل بۇرۇن ھېسابلىنىدۇ.

چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردا خرىستىيان دىنىي تېخىمۇ ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئۇيغۇر دۆلىتى ھەتتا تەرسالار Tersa دۆلىتى دەپمۇ ئاتالغان تەرسا tersa ئەسلى پارسچە سۆز بولۇپ ساسانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە پارسلار خرىستىيانلارنى tersa دەپ ئاتىغان ئىدى. بۇ ھەقتە ھېنرى يۇلى (Henry Yule): «ئۇيغۇر دۆلىتى ۋە يېزىقىنىڭ تەرسا (Tarsa) دەپ ئاتىلىشى، نېستورىيان دىنىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقىدىن بولغان.» دەيدۇ③ (3 - توم 54 - 53 - بەتلەر) رىم پاپاسى تەرىپىدىن بېيجىڭغا ئېۋەتىلگەن بىرىنچى قارار ئارخ بىشوپ ئىتالىيىلىك جون مونتېكورۋىنو (John of Montecorvino)، 1305 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يازغان خېتىدە: «مورتلارنىڭ ئىنجىلىنى ئۆگىنىشكە ئەپلىك بولۇشى ئۈچۈن مەن 6 پارچە رەسىم سىزىپ چىقتىم. ئارقىسىغا لاتىنچە، تەرساچە (Tarsic) ۋە پارسچە 3 دۆلەت تىلىدا چۈشەندۈرۈش يازدىم. ھەر قانداق تىلدا چۈشەندۈرەلەيدىغان بولدى» دېگەن. ③ (3 - توم 11 — 3 ۋە 58 — 51 - بەتلەر). بۇ چاغلاردا ئالمىلىق شەھىرى، بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان ۋە خرىستىيان دىنىمۇ كەڭ تارالغان مۇھىم جايلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. 14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە بۇ يەر شەرقى چاغاتاي دۆلىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىدۇ. 1333 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دىن ئىلمى پروفېسسورى نىكولاس (Nicholas) بېيجىڭگە 2 - قارار

تارىخ بىشوپ بولۇپ تەيىنلىنىپ 20 نەپەر روھانى ۋە ئالتە نەپەر پوقرانى باشلاپ يولغا چىقىپ ئالمىلىققا كەلگەندە ياخشى قارشى ئېلىنىدۇ. بۇنىڭغا جاۋابەن پاپا بېنېدىكىت Benedict XII ئالاھىدە رەھمەت خېتى يازىدۇ. بىراق بۇ ئۆمەكنىڭ شۇندىن كېيىن نەگە كەتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس③ (1 - توم 238 - بەتلەر). ئالمىلىقتا تۇرۇشلۇق ئىسپانىيىلىك كاتولىك مىسيونېرى Psacal ئۆز خېتىدە: «مەن قىپچاق تىلىنى، ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەندىم» دەپ يازغان③ (1 -توم 284، 297 - بەتلەر). 1340 - يىلى ئالمىلىقتا يۈز بەرگەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھوقۇق تالىشىش كۆرىشىدە ئالىسولدا تەختكە چىقىدۇ. ئۇ ئەسلى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. تەختكە چىقىپلا دۆلەت ئىچىدىكى خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا قەتئىي ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى بۇيرۇيدۇ. بويسۇنمىغان روھانىلارنى سۆرەپ چىقىپ، بىر ئاغامچىغا چېتىپ سازايى قىلدۇرۇپ، كىشىلەرگە ئۇردۇرۇپ، تىللىتىپ، ئاندىن قۇلاق، بۇرۇنلىرىنى ئاخىرى پۇت - قوللىرىنى كېسىپ ئۆلتۈرىدۇ. شۇ چاغدا ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئالمىلىق شەھىرىنىڭ بىشوپى فرانسىيىلىك رىچارد Richard، ئالېكساندرىيىلىك فرانكىس (Francis)، ئىسپانىيىلىك پاسكال (Pascal) ، ئىتالىيىلىك Provence ۋە رايموند (Raymond) تۆۋەن دەرىجىلىك روھانىلاردىن يەنە ئالېكساندرىيىلىك لاۋېرىنس (Lawrence) ئىتالىيىلىك Peter ، ھىندىستانلىق جون John ۋە يەنە گىلوت، (Gillot) ، ۋىلىيام William، Gerard قاتارلىقلار بار. بۇلار ئۆلۈپ ئۈچ كۈن ئۆتمەي ئالىسولدا ئۆزىمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ، ئوردىسىغا ئوت كېتىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن 1340 - يىلى 9 - ئايدا مارىگنولى (Marignolli) باشچىلىقىدىكى بىر مىسيونېرلار ئۆمىكى ئالمىلىققا كېلىدۇ. بۇلار پاپا ئىننوسېنت (Innocent VI) تەرىپىدىن 1338 - يىلى 12 - ئايدا بېيجىڭغا ئەۋەتىلگەن كاتولىكلار ئىدى. بۇلار ئالمىلىقتا خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ 1342 - يىلى 8 - 7 ئايلاردا بېيجىڭغا بارىدۇ. Marignolli خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەركىزى ئىمپېرىيىنىڭ پايتەختى ئالمىلىققا باردۇق. ئالمىلىقتا ئۇزۇن تۇردۇق ۋە يەر سېتىۋېلىپ بىر چىركاۋ سالدۇق. بىر قانچە يەرگە قۇدۇق قازدۇق. ناخشا ئۆگەتتۇق. بەزى ئادەملەرنى سۇ سېپىشتىن ئۆتكۈزدۇق. ئەركىن - ئاشكارا دىننى تەرغىپ قىلدۇق. بۇلتۇر بىشوپ ۋە روھانىلاردىن ئالتە ئادەم ئۆلگەن...»③ (1 - توم 244-250 - بەتلەر).

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ (745 — 840) ئاخىرلىرىدا ئۇلارنىڭ نايمان، كەرەيىت ۋە ئونغۇت دېگەن قەبىلىلىرى موڭغۇل يايلاقلىرىنىڭ جەنۇبىدا قېلىپ موڭغۇللار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغان ئىدى. كېيىن ئونغۇتلار 1200 — 1398 - يىللار ئارىلىقىدا يەنە بىر مەزگىل راۋاج تاپقان. بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسەن نېستورىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئىدى. 1927 - يىلىدىن 1937 - يىلىغىچە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولغان ئارىلىقتا خۋاڭ ۋېنبى، لاتىمور، جياڭشاگپوفۇ، مارتىن قاتارلىق كىشىلەر ئىچكى مۇڭغۇل «بەيلىڭمياۋ» (白灵庙) نى مەركەز قىلغان كۆنخوت، سۈيۈەن بويىدىكى قاتارلىق بۇرۇنقى ئۇنغۇتلارنىڭ مەركىزى بولغان رايونلاردىن 30 نەچچە پارچە نېستورىيان دىنىغا ئائىت قەۋرە تاش ۋە باشقا يادىكارلىقلارنى تاپتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىسى خەنزۇچە، بەزىسى سۈرىيە يېزىقىدىكى تۈركچە، بەزىسى سۈرىيە يېزىقى بىلەن سۈرىيە تىلىدا يېزىلغان. تۆۋەندە بىز قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىنجىل، سانت گېئورگىنىڭ ۋاپاتى، ئېسوپ مەسەللىرى ۋە يەتتە سۇ مەڭگۈ تاشلىرى بىلەن بىرگە ياپون ئالىمى (佐伯好郎) ئېلان قىلغان 12 پارچە تۈركى تىلىدىكى مەڭگۈ تاشلارنىمۇ تونۇشتۇرىمىز(13).

خەلقئارا ترانسكرىپسىيە ھەرپلىرى ئىچىدىكى: ï — ھەرپى ھازىرقى تىلىمىزدىكى قاتتىق «ئى»، ü=ئۈ، ö=ئۆ، ä=ئە، γ=غ، š=ش، q=ق، č=چ، c=ج ھەرپلىرىگە ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

## 1. ئىنجىلدىن پارچە*

### لاتىنچە ترانسكرىپسىيە

T II B 29

1 barïp yükünälim anïng uluγ qutïnga
2 tip ötündi-lär :: ol ödün xirodis qan
3 inčä tip yrlïqadï olarqa :: y-a ämti
4 amraq oγlan-larïm ädgü ki-ä barïnglar
5 käd köngül tägürüp tilänglär istänglär ::
6 näčükin bulsar siz-lär yana yanïp k[ä]lip
7 manga išitdürünglär mn ymä barïp yükün-
8 äyin angar tip tidi :: inčip ol moγoč-lar
9 näčükin urïslïm-tïn önüp bardï-lar
10 ärsär ol yultuz ymä olar-nï birlä
11 barïr ärdi :: qačan ol:moγoč-lar bidilx-
12 ïm-qa tägdi-lär ärsär ol yultuz
13 täbrämädin šük turdï:: ötrü anta

---

* «ئىنجىل» «خوشخەۋەر»، «تەڭرى ھەمرالىرى»، «ۋەھى» «مەكتۇپلار»، دىن ئىبارەت تۆت چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن 27 بابلىق تۆت كىتاب «خوشخەۋەر» قىسمى تۆت پارچە بولۇپ، ئۇ، ئەيسانىڭ ماتتاي، ماركوس، لوكاس ۋە يوخانناس دېگەن تۆت مۇرىتىنىڭ ئەيسا ھەققىدىكى سۆزلىگەن سۆزلىرىنى ئاساسى مەزمۇن قىلىدۇ.

«ئىنجىل»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ پارچىسى («خوشخەۋەر» (eúaggèlion) نىڭ بىرىنچى پارچىسى) «ماتتاي» (Mnthth ewgeliun) نىڭ 2 - باب 3 - پاراگراپتىكى مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ.

بۇ پارچە پروسسىيە تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈشىدە تۇرپان بۇيلۇقتىن تېپىلغان. دەسلەپ 1908 - يىلى مۇللېر تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان (14). ئۇنىڭدىن كېيىن مالوۋ (8)، گىمىڭشىمىن (15) ۋە ئابدۇقەييۇم (16) قاتارلىقلار روسچە، خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇيغۇرچە تېكىستى ئىنگلىزچىنىڭ Matthew 2 (ماتاي 2 -) كىتابىدىكى Visitors from the East (شەرقتىن كەلگەن زىيارەتچىلەر)، The Escape to Egypt (مىسىرغا پاناللىنىش) ۋە The Killing of the Children (بالىلارنى ئۆلتۈرۈش) دېگەن پارچىلىرىغا توغرا كېلىدۇ (17).

14 bulti-lar mšixa tngri-ig :: ol ödün
15 titirü yaqïn barïp kirdi-lär :: öz
16 yük-lärin acti-lar ärtüdin aču-yïn
17 ötündi-lär kim kälürmiš ärdilär ::
18 üč türlüg közünč altun zmuran
19 küži ymä yükünč yükündi-lär ögmäk
20 alqïš ötündi-lär ilig xan mšixa
21 tngri-kä :: ol moγoč-lar inčä saqïn-
22 -ïp kirdi-lär :: tngri oγlï ärsär
23 zmuran küži alγay ilig xan ärsär
24 altun alγay :: birök otačï ämči ärsär
25 ol yäm alγay tip bir qaban-da
26 urup kigürdi-lär :: mängü tngri oγlï
27 ilig xan mšixa : ol moγoč-lar-nïng
28 könglindäki saqïnčïn bilü yrlïqap ::::
29 üč türlüg közünčin ärtüdin yumqï
30 alï yrlïqadï :: inčä yrlïqadï olarqa
31 äy moγoč-lar-a siz-lär üč türlüg
32 saqïnč üzä kirtingiz-lär tngri oγlï
33 ymä mn ök [ärür-]mn :: ilig xan ymä
34 mn ärür-mn :: otačï ymä mn
35 ök ärür-mn : tip yrlïqädï :: sizig-
36 siz bolup barïnglar tip yrlïqadï :: ol
37 moγoč-larqa taš bišik - ning bulungïn -
38 ta min üzmiš täg bir yumγaq tašïγ
39 üzüp birdi :: ... ol moγoč-lar ol tašïγ alïp
40 öz ät-'öz-läri kötürgäli umatï-lar::
41 yïlqï-qa yütürsär yïlqï kötürü umatï
42 anïn kinggäšti-lär bu taš ärtingü-ü
43 aγïr turur :: bu bir yumγaq taš : nägü-
44 lüg ol bizingä yïlqï ymä kötürü
45 umatïn turur iltgäli umaγay-biz tip
46 sözläšdi-lär :: ötrü antača bir
47 quduγ bälgü[r]ti ol taš- ïγ kötürüp ol
48 [qu]duγ ičintä kämišdi-lär :: anča-a
49 barïp qay kördi-lär :: ol quduγ-γ
50 ičintä bir qorqïnčïγ uluγ yaruq
51 oot yalïn birlä önüp kök qalïq-
52 qa tägi turur ärdi :: inčip ol tang-
53 lančïγ .... bälgü körüp moγoč-lar
54 anglap bilip qorqup töpün tüšüp
55 yü[kü]nti-lär :: inčä tiyür ärdi-lär biz
56 [-ingä] tapïnγu yüküngü ärdini birüp-ä
57 ärmiš biz tapïnγu-qa tägimsiz ärmiš-
58 biz bilmätin quduγ-qa kämišmiš-biz
59 tip ökünti-lär :: ol oγur-qa bükü

60 kün-kä tägi moyoč-lar oot-qa tapın
61 -nmaq tiltaɣï bu ärür :: ol ödün
62 bälgülüg boltï olar-qa ıngridäm
63 vrišti utuzup antïn öngi yolča
64 yorïtdï ol moyoč-larïɣ xirodis xan-
65 qa tägmädi-lär :::: taqï ymä bitiyü-ü
66 täginälim zxari-a uluɣ dintar-nïng
67 ölüm täginmiši ::. ayïɣ qïlïnčlïɣ-ɣ
68 xirodis xan älgintä :: ol ödün
69 kördi xirodis xan bu moyoč-lar-r
70 yanïp atïn öngi yol-ča barmïšïn
71 mini azɣančuladï bu moyoč-lar tip-p
72 ay-y käd övkäsi kälti :: inčä tip
73 yrlïqadï :: öz boɣayuluqči ölütči
74 yarɣan-lar-qa :: barïnglar mäning
75 ilim ičintä näčä iki yaš-da-a
76 altïn oɣlan qï-z-lar bar ärsär
77 barčanï ölürüng-lär tip yrlïqadï ::
78 ötrü bälgülüg boltï tngridäm bir
79 vrišti yausip-ning tülintä inča
80 tip yrlïq tägürdi ::::::::

## (ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا)

1 «بىرىپ ئۆلۈك ئۇلۇغ قۇتىغا يۈكۈنەيلى»
2 دەپ ئۆتۈنۈشتى. ئۇ چاغدا خىرودىس (Herod>) خان
3 ئۇلارغا مۇنداق دەپ يارلىق قىلدى: «يا! ئەمدى
4 ئامراق ئوغلانلىرىم! ئوبدان بېرىڭلار!
5 قاتتىق نىيەت باغلاپ تىلەڭلار، ئىستەڭلار!
6 قاچان تاپساڭلار يەنە قايتىپ كېلىپ
7 مېنى خەۋەرلەندۈرۈڭلار، مەنمۇ بېرىپ يۈكۈنەي
8 ئۇنىڭغا» دېدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ مۇنەججىملەر
9 نەكەم يېرۇسالىمدىن چىققان
10 بولسا، ئۇ يۇلتۇزمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە
11 ماڭار ئىدى. قاچان ئۇ مۇنەججىملەر بەيتلەھىم (Bethlehem>)
12 غا يېتىپ كەلگەن چاغدا ئۇ يۇلتۇز
13 تەۋرىمەستىن شۇك تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن
14 مەسىھغا (Messiah>) تەگرىنى شۇ يەردىن تاپتى. بۇ چاغدا

* ئاستىغا سىزىق تارتىلغان قۇرلار ئەسلى يازمىسىدا قىزىل قەلەمدە يېزىلغان بولۇپ، ماۋزۇنى بىلدۈرىدۇ.

ھەممىسى يېقىنلاپ ئۇنىڭ يېنىغا كىردى. ئۆز يۈكلىرىنى ئاچتى، ھەممىسى سوغىلىرىنى سۇندى. ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرى ئۈچ تۈرلۈك كۆرۈملۈك: ئالتۇن، مۇرەككى ۋە كۈجە (ئىدى.) يەنە يۈكۈندى، مەدھىيە، ئالقىش بىلدۈردى ئىلىگ خان ئىشىغا تەڭرىگە. ئۇ مۇنەججىملەر مۇنداق ئويلاپ كىردى: «تەڭرى ئوغلى بولىدىغان بولسا، مۇرەككى (بىلەن) كۈجىنى ئالىدۇ. ئىلىگ خان بولسا ئالتۇننى ئالىدۇ. ئەگەر دورىگەر تىۋىپ بولسا دورىنى ئالىدۇ.» (بۇلارنى) بىر تاۋاققا سېلىپ سۇندى. مەڭگۈ تەڭرى ئوغلى ئىلىگ خان ئىشىغا ئۇ مۇنەججىملەرنىڭ كۆڭلىدىكى خىياللىرىنى بىلىپ، ئۈچ تۈرلۈك كۆرۈملۈكنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئالدى. ئۇلارغا شۇنداق دېدى: «ھەي مۇنەججىملەر، سىلەر ئۈچ تۈرلۈك خىيال بىلەن كىردىڭلار، تەڭرى ئوغلىمۇ مەن بولىمەن، ئىلىگ خانمۇ مەن بولىمەن، تىۋىپمۇ ھەم مەن بولىمەن.» دېدى، «بى گۇمان بولۇپ بېرىڭلار!» دېدى. ئۇ مۇنەججىملەرگە تاش بۆشۈكنىڭ بۇلۇڭىدىن خېمىر ئۈزگەندەك بىر يۇمۇلاق تاشنى ئۈزۈپ بەردى. ئۇ مۇنەججىملەر ئۇ تاشنى ئېلىپ ئۆزلىرى كۆتىرەلمىدى، يىلقىغا يۈدسە يىلقا كۆتىرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن كېڭىشىپ: «بۇ تاش تولىمۇ ئېغىر تۇرىدۇ. بۇ بىر يۇمۇلاق تاش، نېمىشقا ئۇنى بىزمۇ يىلقىمۇ كۆتۈرەلمەي تۇرىدۇ؟ ئېلىپ كېتەلمىگىدەكمىز» دەپ سۆزلەشتى. ئاندىن ئانداق يەردە بىر قۇدۇقنى چېلىقتۇردى، ئۇ تاشنى كۆتىرىپ شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇدۇقنىڭ ئىچىگە تاشلىۋەتتى. ئەمدىلا
مېڭىپ نېمىنى كۆردى؟ ئۇ قۇدۇقنىڭ
ئىچىدىن بىر قورقۇنۇچلۇق ئۇلۇغ يورۇقلۇق
ئوت يالقۇنى بىلەن كۆتىرىلىپ چىقىپ كۆك ئاسمانغا
تاقاشقان ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئاجايىپ
... ئالامەتنى كۆرۈپ، مۇنەججىملەر
ئاڭلاپ، بىلىپ، قورقۇپ دۈپلا چۈشۈپ
يۈكۈندى، مۇنداق دېيىشتى: «بىزگە
تېپۇنىدىغان، يۈكۈنىدىغان گۆھەر بەرگەن
ئىكەن، بىز تېپۇنىشقا يەتمەيدىكەنمىز،
بىلمەستىن قۇدۇققا تاشلاۋېتىپتىمىز.»
دەپ ئۆكۈندى. شۇ چاغدىن تارتىپ بۈگۈنگە
قەدەر مۇنەججىملەرنىڭ ئوتقا تېپۇنىشىنىڭ
سەۋەبى مانا مۇشۇ. شۇ چاغدا
ئۇلارغا مەلۇم بولسۇكى تەڭرىدەم
پەرىشتە، باشلاپ باشقا يولغا
ماڭدۇردى. ئۇ مۇنەججىملەر خىرودىس خان
تەرەپكە بارىسدى. يەنە يازايلى:
**زاخارىيا ئالىمىرىنىڭ**
**ئۆلۈمگە دۇچار بولۇشى** يامان قىلمىشلىق
خىرودىس خان قولىدىكى (زاماندا.) بۇ چاغدا
خىرودىس خان بۇ مۇنەججىملەرنىڭ
يېنىپ بۆلەك يولغا كەتكەنلىكىنى كۆردى.
«بۇ مۇنەججىملەر مېنى ئازدۇردى.» دەپ
ناھايىتى قاتتىق غەزىپى كەلدى. شۇنداق دەپ
يارلىق قىلدى ئۆز ساقچى، جاللات،
يارانلىرىغا: «بېرىڭلار، مېنىڭ
ئېلىم ئىچىدە نەچچە ئىككى ياشتىن
تۆۋەن ئوغۇل - قىزلار بولسا
بارلىقىنى ئۆلتۈرۈڭلار!» دەپ يارلىق قىلدى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئايان بولدى بىر تەڭرىدەم
پەرىشتە يۈسۈپ (Jesoph>) نىڭ چۈشىدە
شۇنداق دەپ يارلىق قىلدى:

## ئىزاھات

2. xirodis < Herodes، Herod مىلادى ئالدى كەينىدە ئۆتكەن يەھۇدى پادىشاھى.

8. moɣoč < پارسچە، لىكوك، مالوۋلار «پالچى» دەپ ئالغان. گەڭشەمىن «قەدىمكى پارس روھانىسى» دەپ ئالغان. ئىنجىلدا «مۇنەججىم».

14. mišixa < Messiah، قۇتقازغۇچى ئىگە.

18. zmuran < مۇرمەككى (بىر خىل دورا).

19. küči < كۈجە يەنى مەستىكى رۇمى (بىر خىل خوشپۇراق ئۆسۈملۈك).

## 2. «سانت گىئورگىنىڭ ۋاپاتى» دىن پارچە*

### ترانسكرىپسىيىسى

T. II. B. 1

1 äy mäning oɣlum-a ! yol[ung yavlaq ?]
2 turur ämti s(ä)n tngri yrl[ïɣïɣ]
3 išid barma ol yolč[a]
4 bu oɣurda birök
5 išidmätin barsar s(ä)n uluɣ
6 oy-qa tüšgäy s(ä)n nä üčün
7 tisär yavlaq yaɣï sini küz-
8 ädip turur artatɣalï saqïnur
9 sini :: säkiz ygrminč yrlɣ
10 ädgü ol :: inčä yrlqayur zavtai
11 p(a)tɣamv(a)r :: oxšayur s(ä)n s(ä)n yalnguq
12 oɣlï ol ingäk-kä kim
13 ïraqtïn üntädi öz boz-aɣu-
14 sïnga kim azïp barmïš ärdi
15 näčük išidti ol boz-aɣu-

---

* بۇ خرىستىيان دىنى ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا سانت گىئورگى (Sant George) مىلادى 3 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ھازىرقى تۈركىيە چېگرىسىدىكى قەدىمكى كاپپادوكىيە (Cappadocia) ياكى لىدا (Lydda) دېگەن يەردە تۇغۇلغان، ھەربى ئادەم ئىكەن. رىم پادىشاھى دوكلېتىئانۇس (Diocletianus 284—305) خرىستىيان دىنىنىڭ تارقىلىشىنى چەكلىگەندە سانت گىئورگى Nicomedia (ھازىرقى تۈركىيە ئىزمىر) ئوردا دەرۋازىسىغا چاپلانغان پادىشاھنىڭ چەكلەش بۇيرۇقىنى يىرتىپ تاشلىغاچقا قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. سانت گىئورگىنىڭ پىداكارلىق ھاياتى بەزى چىركاۋ تارىخلىرى بولۇپمۇ سۈرىيە پەلەستىنلەردىكى قەدىمكى تەزكىرە ۋە ئابىدىلەردە كۆرۈلىدۇ. ئىتالىيىنىڭ مەشھۇر رەسسامى راففېلو (Raffaelo Sanzio 1483—1520) سىزغان «سانت گىيورگىنىڭ ۋاپاتى» دېگەن رەسىمدە ئۇنى جەڭ ئېتىغا مىنىپ تۇرۇپ، ئىلانغا ئوخشايدىغان يىرتقۇچ مەخلۇقنى سانچىپ ئۆلتۈرگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. سانت گىئورگى ئەنگلىيە خرىستانلىرى تەرىپىدىن قوغدىغۇچى ئىلاھ دەپ مەدھىيىلىنىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرچە «سانت گىئورگى ۋاپاتى»نىڭ فراگمېنتى 1905 - يىلى 2 - نۆۋەتلىك پروسسىيە تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تەرىپىدىن تۇرپان بۇيلۇقتىكى بىر خارابىلىقتىن تېپىلغان. دەسلەپ 1909 - يىلى ئۇنى لىكوك بىر پارچە خرىستىيان دىنى قولىيازمىسى دەپ ئېلان قىلغان ئىدى.⑱ 1926 - يىلى بانگ ئۇنى قايتا تەتقىق قىلىپ نېستورىيانچە «سانت گىئورگىنىڭ ۋاپاتى» ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى⑲. بۇ پارچە گابائىننىڭ گراممانىكىسىدىمۇ ئىستاتا ئېلىندى⑳.

16 [sü] ögi-ning ünin
17 [tär]kin yügürüp kälti
18 [ö]gingärü siziksiz boltï;
19 [anč]u[l]ayu ymä säning kin
20 ïraq [bardïlar ärsär]
21 tärk q[avï]šɣaylar uluy
22 ögrünčün :: toquz
23 ygrminč yrlɣ yavlaq ol ::
24 inčä yrlqayur luqa p(a)tɣamv(a)ri ::
25 s(ä)n yalnguq oɣlï ilig
26 arïɣ yuɣïl yavlaq-qa
27 qorqma saqïnč arïɣ
28 tut nä tngri – kä säviŝing
29 bar tükäl qïl näčük tükäl

## ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكىسى

1 «ئەي، مېنىڭ ئوغلۇم! يولۇڭ يامان
2 تۇردۇ. ئەمدى سەن تەڭرى يارلىقىنى
3 ئاڭلا! ئۇ يولغا ماڭما!
4 بۇ چاغدا ئەگەر
5 ئاڭلىماي ماڭىدىغان بولساڭ چوڭ
6 ھاڭغا چۈشۈپ كېتىسەن. نېمە ئۈچۈن؟
7 دېگەندە، قەبىھ دۈشمەن سېنى پايلاپ
8 تۇردۇ. سېنى ۋەيران قىلمىشنى
9 ئويلاۋاتىدۇ.» ئون سەككىزىنچى يارلىق:
10 بۇ ياخشى. زاۋتاي پەيغەمبەر شۇنداق دەيدۇ:
11 «ئوخشايسەن سەن ئادىمىزات
12 بالىسى ئۇ ئىنەككەكى
13 يىراقتىن ئۆز موزىيىغا مۆرىدى،
14 كى ئىزدەپ كېتىپ باراتتى.
15 ئۇ موزاي ئاڭلىغان زامات
16 ئانىسىنىڭ ئۈنىنى
17 دەرھال يۈگۈرۈپ كەلدى
18 ئانىسىغا، بى گۇمان بولدى.
19 دېمەك يەنە سەنمۇ
20 يىراق ماڭىدىغان بولساڭ
21 دەرھال جىدەللىشىپ كېتىدۇ ئالامەت

22 خۇشال بولۇشۇپ.» ئۇن
23 توققۇزىنچى يارلىق: بۇ يامان،
24 لۇكاس پەيغەمبەر شۇنداق دەيدۇ:
25 «سەن ئادەمزات بالىسى قۇلنى
26 پاكىزە يۇغىن، يامانلىقتىن
27 قورقما، نىيىتىڭنى پاك
28 تۇت، تەڭرىگە قانچىلىك ئامراقلىقىڭ
29 بولسا ھەممىنى قىل، نېمە ئۈچۈن ھەممىنى

ئىزاھات

10. zavtai < سۇرىيەچە zabdai زەردۇشت.
11. P(a)tyamv(a)r < سوغدچە patyambar پەيغەمبەر.
24. luqa < سۇرىيەچە Lukas. ئىسىم. (؟)

## 3. ئېزوپ مەسەللىرىدىن پارچە

ئېزوپ مەسەللىرى قەدىمكى يۇناننىڭ ئېسىل مەدەنىي مىراسلىرىدىن بىرى. مەسەل قەدىمكى يۇناندا كەڭ تارقالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىرنىڭ ئالدىقى يېرىمىدا قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنغان مەسەلچى ئېزوپ بۇ مەسەللەرنى توپلاپ تارقىتىش بىلەن نام چىقارغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى V ئەسىردە ئېزوپ مەسەللىرى ئافىنادىكى بالىلار مائارىپىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىنغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى IV - III ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ئافىنا پەيلاسوپى موتولېئوس ئېزوپنىڭ 200 گە يېقىن مەسەللىرىنى توپلىغانلىقى مەلۇم. شۇنىڭدىن باشلاپ مىلادى IV — V ئەسىرلەرگە كەلگەندە «ئېزوپ قىسسىسى» نامى بىلەن ناھايىتى قىزىقارلىق ئەسەرگە ئايلانغان. مىلادى XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ۋىزانتىيە روھانىسى پلانۇدىس ئېزوپ مەسەللىرىدىن 150 پارچىنى توپلاپ، كىشىلەرنىڭ ئېزوپقا بولغان قىزىقىشىنى قايتا قوزغىغان. ئۇنىڭ توپلىمى 1479 - يىلى تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغاندىن ئېتىبارەن كېيىنكى ئېزوپ مەسەللىرىنىڭ ئاساسلىق مەنبەئەسىگە ئايلانغان. كېيىن يەنە بەزىلەر باشقا قوليازمىلاردىن يىغىپ ئۇنىڭ ھەجمىنى كېڭەيتكەن.

ئېزوپ مەسەللىرىنىڭ ياۋروپا، ئامېرىكا ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، كىشىلەرنى ئېزوپ مەسەللىرىدىن خەۋەردار بولمىسا شۇلارنىڭ ئەدەبىياتىدىن تولۇق بەھىر ئالالمايدىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدى. ئېزوپ مەسەللىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خەنزۇچە تەرجىمىسى 1625 - يىلى بېلگىيىلىك بىر كىشى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا 22 پارچە مەسەل كىرگۈزۈلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

XX ئەسىردىن ئېتىبارەن ئېسوپ مەسەللىرىنىڭ خەنزۇچە ھەر خىل تەرجىمىلىرى چىقىشقا باشلىدى. ھازىرقى ئۇيغۇرلار 40 - يىللاردىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن ئۇيغۇرچە كىتابلار ئارقىلىق ئېسوپ مەسەللىرى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىدى. گەرچە ئېسوپ مەسەللىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى پارچە - پۇرات قىسىملىرىنى دائىم ئۇچراتقىلى بولسىمۇ، تولۇقراق تولىمى تېخى يېقىندا چىقتى.⑳

ئېسوپ مەسەللىرىنىڭ قوچو دەۋرىدە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى بۇرۇن غەرب يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. گەرچە بۇ ئەسەر خرىستىيان دىنى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولمىسىمۇ بۇ يەردە بىرلىكتە ئېلان قىلىشنى لايىق كۆردۇق.

تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن فراگمېنت 1902 - 1903 يىللىرىدىكى 1 - قېتىملىق پىروسسىيە تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تەرىپىدىن قوچو (ئىدىقۇت) شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان. دەسلەپ 1922 - يىلى لى كوك تەرىپىدىن ئېلان قىلىنىپ، گېرمانچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ㉑ كېيىن ياپونىيە ئالىمى 羽田亨Haneda Toru ئۇنى ياپونچىغا تەرجىمە قىلىش بىلەن، مۇناسىۋەتلىك «توڭۇز ۋە قويلار» دېگەن مەسەلنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئېلاۋە قىلغان.㉒ 1971 - يىلى شەرقىي گېرمانىيە تۈركولوگى پېتىر زىم بۇ ھەقتە ماقالە يازدى㉓.

فراگمېنتنىڭ ئالدىنقى بېتىدە سۆزلەنگەن ئېسوپ ھەققىدىكى مەزمۇن قايسى مەسەلگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، كەينى بېتىدىكى مەزمۇن شۈبھىسىز «توڭۇز بىلەن قويلار» دېگەن مەسەل. شۇڭا ئاخىرىدا بۇ مەسەلنى ئېلاۋە قىلدۇق ㉔.

## لاتىنچە ترانسكرىپسىيىسى

T. I a I.

(ئالدى يۈزى)

(قىزىل سىيادا) [bilgä] yosïpas-nïng
1 kärgäk [.] bu savqa ymä qam(a)ɣan külmiš -
2 ļär yosïpas(a)ɣ ögmiš-lär inčä timišlär
3 ögrünčülüg ärgil s(ä)n yosïpas nä üčün
4 tisär biz barča anïɣ ögrünčülügin ärür
5 biz: anï üčün pinv ... umuz küči
6 az : biligimiz barča ..............................
7 yosïpas inčä ..............................
8 sözläg ..............................
9 ... ö ..............................

(كەينى يۈزى)

(قىزىل سىيادا) ädgü körtlä [nomï]

1 ölürgäli ilitsär – lär mängräyür üntäyür
2 yosïpas inčä timiš qoïn anï üčün
3 üntämäz nä üčün tisär birär birär
4 adaqïn bap kämišip yungïn qïrqar-lar;
5 q(a)ltï birök ......... üčün adaqïn basar
6 ............ inčip tonguzug...................
7 ............ [a] dïn sav(a)ɣ bilmä .........
8 ............ tip.................................
9 ............ amɣ.................................

## ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكىسى

(ئالدى يۈزى)

[دانىشمەن] ئىزوپنىڭ ...

1 كىرەك. بۇ گەپكىمۇ ھەممىسى كۈلدى.
2 ئىزوپنى ماختىدى، (يەنى) شۇنداق دېدى:
3 خوشال بولغىن سەن ئىزوپ، نېمە ئۈچۈن؟
4 دېگەندە، بىز ھەممىمىز قاتتىق خۇشاللىق بىلەن تۇرماقتى-
5 مىز. شۇڭا بىزنىڭ .......؟ ... (ۋە) كۈچى
6 ئاز؛ بىزنىڭ بارلىق بىلىمىمىز ........
7 ئىزوپ شۇنداق ...........................
8 سۆزلە ...................................
9 ........................................

(كەينى يۈزى)

ياخشى، گۈزەل [نوم]

1 ئۆلتۈرگىلى ئېلىپ ماڭسا تۈۋلاپ ۋاقىرار ئىدى.
2 ئىزوپ شۇنداق دېدى: «قوي شۇنىڭ ئۈچۈن
3 ۋاقىرىماس كى نېمە ئۈچۈن؟ دېگەندە (ئۇلارنى) بىردىن بىردىن
4 پۇتىنى باغلاپ تاشلاپ يۈڭىنى قىرقىدۇ.
5 ئەگەر ......... ئۈچۈن ئاياقلىرىنى باغلىسا،
6 ................ شۇنداپ قىلىپ تۈگۈزنى
7 ................ باشقا گەپلەرنى بىلمەس.
8 ........................ دەپ
9 ........................

## توڭۇز ۋە قويلار

بىر كىچىك توڭۇز قويلارنىڭ قوتىنىغا كىرىۋاپتۇ. بىر كۈنى نويچى ئۇنى تۇتۇۋېتىشكەن توڭۇز ھەدەپ چىقىراپ تىپىرلاپتۇ. قويلار ئۇنىڭ ۋاقىرىشىدىن بىزار بولۇپ: «خوجايىن ھەردايىم كېلىپ بىزنى تۇتسا ۋاقىرمايمىزغۇ» دەپتۇ. «توغرا» دەپتۇ ئۇ «ئەمما بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئوخشىمايدۇ؛ سىلەرنى تۇتۇشى يۇڭۇڭلارنى قىرقىش ئۈچۈن. مېنى بولسا پىشۇرۇش ئۈچۈن».

### ئىزاھات

1 yosïpas يوسىپاس، ئېسوپ ئىسمىنىڭ Sophos تىن ئۆزگىرىشى، يەنى Yosïpas = Sophos = Aesop.

4. anïɣ ögrünčlügin قاتتىق خۇشاللىق بىلەن. بۇنىڭدا anïɣ ئەسلى «ئەسكى، يامان، ناچار» قاتارلىق سەلبىي مەنىلەردىكى سۆز ئىدى. بۇيەردىكى كونتېكستتا قارىغاندا ئىجابىي مەنىدە كەلگەن. بۇنداق ئەھۋال ھازىرمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «بۇ گىلەم يامان چىرايلىق ئىكەن.»

### (كەينى يۈزى)

1 mängräyür، ئەسلى قوينىڭ مەرىشى بولۇپ، كېيىن بارلىق ھايۋانلارنىڭ ئاۋاز چىقىرىشىغا قوللانغان.

## 4. يەتتە سۇ مەڭگۈ تاشلىرى

روسىيە ئالىملىرى يەتتە سۇنى مەركەز قىلغان شىنجاڭنىڭ ئىلى ۋە باشقا شىمالى رايونلىرىغىچە بولغان كەڭ رايونلاردىن 1880 - يىللاردىن ئېتىۋارەن بىرمىڭ نەچچە يۈز خرىستىيان كىرىست بەلگىسى بار قەۋرە تاشلىرىنى تاپتى. بۇلار XI - ئەسىردىن XIV - ئەسىرلەر ئارلىقىدا بولۇپ ھەممىسى سۈرىيە يېزىقىدا يېزىلغان نېستورىيان دىنىغا مۇناسىۋەتلىك. تىل جەھەتتىن كۆپىنچىسى سۈرىيە تىلىدا بولۇپ بەزىلىرى يەنە تۈركى تىلدا يېزىلغان. مالوۋ ئىلگىرى خۋوولسون ㉕ ۋە كوكوۋزوۋ ㉖ لار ئېلان قىلغان تاشلاردىن تىلى تۈركى تىلدا يېزىلغان 13 پارچە تاشنى ئېلان قىلغان ئىدى. ⑫ ئۇنىڭ سىتاتا ئېلىشىچە رادلوف «... ئۇنىڭ تىلى، ئۇيغۇر تىلىغا ناھايىتىمۇ ئوخشايدۇ» دەپ باھا بەرگەن. تۆۋەندە بۇلارنى تونۇشتۇرۇشتا ترانسكرىپسىيىسىنى ئۆزىمىزنىڭ تېكىستىگە ماسلاشتۇرۇپ قىسمەن ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزدۇق.

### 1. سائۇما «ئات يىلى» مەڭگۈ تېشى

| | |
|---|---|
| 1 yont yïl küz yasï | 1 ئات يىلى كۈزدە ۋاپات |
| 2 boldï bu | 2 بولدى. بۇنىڭ |
| 3 üzä sauma | 3 ئۈستىدە سائۇما |
| 4 maxïmna- | 4 ماخىمنا |
| 5 nïng turur | 5 نىڭ (جەسىدى) بار. |
| 6 iltaš oɣlï-nïng | 6 (يەنى) ئىلتاش ئوغلىنىڭ. |
| 7 yat bolzun | 7 ياد بولسۇن! |

ئىزاھات

1. yasï: ئەسلى تەرجىمە قىلىنمىغان. ھەددىكى تۈركچىدە yas «زىيان»، ئۇيغۇرچىدا «ۋاپات»، ئوسمانلى تۈركچىدە «ماتەم» مەنىسىدە (27).

4. maxïmna < سۈرىيەچە، ئېتقاد قىلغۇچى.

7. yat < پارسچە «ياد».

## 2. تاپ تەرىم مەڭگۈ تېشى

1 aleksandros qan saqïšï
2 mïng altï yüz älig äkinč-
3 dä arubta mar yoxannan mamedana
4 duxrana aɣ[ar] käčäsi
5 tang bašïnda
6 bu tap tärim
7 quštanč alaimta
8 undana sï boldï
9 türkčä yïl lu ärür
10 yašïnïng sanï otuz säkiz bolur.
11 bu ärtimlig yirtinčüdin üzüt
12 ärtürdi yad bolsun amin

1 ئالېكساندىر خانىنىڭ ئېراسى
2 مىڭ ئالتە يۈز ئەللىك ئىككىنچى يىلى (1341)
3 دامۇقەددەس مارىيوھەننا كىرىستىنىڭ ۋاپات بولغان
4 خاتىرە كۈنىدە، جۈمە ئايدىڭ كېچىدە
5 تاڭ سەھەردە
6 بۇ تاپ تەرىم
7 قۇشتاچ قىزنىڭ
8 ئۆلۈمى يۈزبەردى.
9 تۈركچە ئەژدەرھا يىلى.
10 يېشى ئوتتۇز سەككىز.
11 بۇ ۋاقىتلىق ئالەمدىن روھقا
12 ئايلاندى. ياد بولسۇن! ئامىن!

ئىزاھات

3 arubta < سۈرىيەچە، «مۇقەددەس» mamedana «ۋاپات» (؟)
4 duxrana < سۈرىيەچە «خاتىرە، مۇراسىم»
7. alaimta < سۈرىيەچە (؟)
8. udana < سۈرىيەچە «ئۆلۈم». sï < خەنزۇچە «ئۆلۈم» (؟)
9 lu < خەنزۇچە، «ئەژدەرھا»

## 3. يۇشمەد مەڭگۈ تېشى

1 makedonya-ik filippos
2 oɣlï aleksandros qan saqïšï
3 yïl mïng altï yüz qïrq ikinč
4 yïlïnda tešri xraining toquz otuz
5 andai-edta-ning bäšinči (?) kün
6 bu yušmed alaimta mešiha-ning
7 yarlïɣïn bütürdi
8 yämäyä aqïnïng yïlï tonguz ärdi
9 qoy yïlïnda üzüt ärtürdi
10 yad bolsun amin

1 فىلىپ ماكېدونىيەنىڭ
2 ئوغلى ئالېكساندىر خانىنىڭ ئېراسى
3 مىڭ ئالتە يۈز قىرىق ئىككىنچى (1330)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

4 يىلىدا يىگىرمە توققۇزىنچى نويابىرنىڭ ئىككىنچى
5 ھەپتىسىنىڭ بەشىنچى كۈنى.
6 بۇ يۇشمەد مىشىغانىڭ.
7 يارلىغىنى ئورۇنلىدى.
8 ئۇنىڭ چاقىرىلغان ۋاقتى توڭگۇز يىلى.
9 قوي يىلىدا روھقا كۆچتى.
10 ياد بولسۇن! ئامىن!

## ئىزاھات

3–4 tešri > سۈرىيەچە «نويابىر»، xrai > سۈرىچەچە «ئىككىنچى».
5 audai – edta > سۈرىيەچە «چېركاۋدا جوقۇنۇش»

## 4. دىنغا ئارىم مەڭگۈ تېشى

| | |
|---|---|
| 1 aleksandros qan | 1 ئالېكساندىر خان |
| 2 saqïšï mïng altï | 2 ئىراسى مىڭ ئالتى |
| 3 yüz yägirmi tört | 3 يۈز يىگىرمە تۆتىنچى يىلى |
| 4 ärdi | 4 (1313) ئىدى. |
| 5 ut ärdi | 5 ئۇي يىلى ئىدى. |
| 6 bu qabra | 6 بۇ قەۋرە |
| 7 denxa arim | 7 دىنغا ئارىم |
| 8 bamtanïng turur | 8 بامتانىڭ. |
| 9 yat bolsun kälmiš | 9 ياد بولسۇن! كەلگەن |
| 12 yazïqïnga bošu bolsun | 10 گۇنالىرىدىن ئازاد بولسۇن! |

## ئىزاھات

6 qabra > سۈرىيەچە «قەۋرە».
8 bamta سۈرىيەچە (؟)

## 5 تاي قوبۇزچى مەڭگۈ تېشى

| | |
|---|---|
| 1 aleksandros | 1 ئالېكساندىر |
| 2 qan saqïšï mïng | 2 خان ئىراسى مىڭ |
| 3 altï yüz | 3 ئالتى يۈز |
| 4 yägirmi üč ärdi | 4 يىگىرمە ئۈچىنچى يىلى ئىدى. (1312) |
| 5 türkčä yïl | 5 تۈركچە يىل |
| 6 sïčqan ärdi | 6 چاشقان يىلى ئىدى. |
| 7 bu qabra | 7 بۇ قەۋرە |
| 8 mängü taš tay qobuzčï – | 8 مەڭگۈ تاش تاي قوبۇزچى– |
| 9 nïng turur yat | 9 نىڭ. ياد |
| 10 bolsun | 10 بولسۇن! |

## ئىزاھات

8. lay — ... ھەرۋە ...

qobuz — بۇ دۇنيادا كەڭ تارالغان چالغۇ بولۇپ، ئومۇمەن تارلىق ۋە ئېغىزدا چالىدىغان ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

## 6. مايفراخ مەڭگۈ تېشى

1 aleksandros
2 qan saqïšï
3 mïng altï
4 yüz yigirmi
5 biš ärdi
6 türkčä
7 yïl bars
8 ärdi
9 bu qabra
10 mayfrax maximata –
11 nïng turur

1 ئالىكساندىر
2 خان ئىراسى
3 مىڭ ئالتى
4 يۈز يىگىرمە
5 بەشىنچى يىل (1313-14) ئىدى.
6 تۈركچە،
7 يولۋاس يىلى
8 8 ئىدى.
9 بۇ قەۋرە
10 روھانى مايفراخ–
11 نىڭ

## ئىزاھات

10 mayfrax < سۈرىيەچە ئايال ئىسمى.
maximata < سۈرىيەچە «ئېيتىمقاتچى» (؟).

## 7. 1278 – يىلغا تەۋە مەڭگۈ تاش

1 saqïš
2 mïng biš yüz säksän
3 toquz ärdi bars yïlï
4 …bäg –
5 ning oɣlï mängü taš
6 ……………
7 …… [yat]
8 bolzun

1 ئىرا (بويىچە)
2 مىڭ بەش يۈز سەكسەن
3 توققۇزىنچى يىل (1278) يولۋاس يىلى
4 … بەگ –
5 نىڭ ئوغلى مەڭگۈ تاش
6 …………
7 …… [ياد]
بولسۇن!

## 8. 1300 – يىلغا تەۋە مەڭگۈ تاش

1 …………
2 …………
3 sïčqan yïl
4 ärdi adarning 22
5 kün ärdi
6 öldi
7 ……
8 ……
9 ……

1 …………
2 …………
3 چاشقان يىلى
4 ئىدى. ئادارنىڭ 22 –
5 كۈنى ئىدى.
6 ئۆلدى.
7 ……
8 ……
9 ……

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 10 ...... | ...... 10 |
| 11 yat bolsun | ياد بولسۇن! 11 |

## ئىزاھات

4. adar > سۆزىدىكى «ئادار» (كالىندار) نامى.

## 9. قۇتاش مەڭگۈ تېشى

| | |
|---|---|
| 1 aleksandros qan | ئالېكساندىر خان 1 |
| 2 saqïš(ï)-qa | ئىراسىغا 2 |
| 3 mïng altï yüz | مىڭ ئالتى يۈز 3 |
| 4 yigirmi bir | يىگىرمە بىرىنچى يىل (1310) 4 |
| 5 ärdi türkčä | ئىدى. تۈركچە 5 |
| 6 yïl ït ärdi | يىل ئىت يىلى ئىدى. 6 |
| 7 bu qabra | بۇ قەۋرە 7 |
| 8 qutaš ymit | قۇتاش يىمىت 8 |
| 9 oγlannïng turur yat bolsun | ئوغلىنىڭ ياد بولسۇن! 9 |

## 10. ئىل تاش مەڭگۈ تېشى

| | |
|---|---|
| 1 aleksandros | ئالېكساندىر 1 |
| 2 qan saqïš(č)a mïng | خان ئىراسىچە مىڭ 2 |
| 3 altï yüz yigirmi | ئالتى يۈز يىگىرمە 3 |
| 4 säkiz ärdi | سەككىزىنچى يىل (1317) ئىدى 4 |
| 5 türkčä yïl yont | تۈركچە يىل ئات يىلى 5 |
| 6 ärdi | ئىدى. 6 |
| 7 bu qabra | بۇ قەۋرە 7 |
| 8 il taš qašaning turur | ئىل تاش رۇھانىسىنىڭ. 8 |
| 9 yat bolzun | ياد بولسۇن! 9 |

## ئىزاھات

5. qaša > سۆزىدىكى «روھانى».

## 11. قۇت تېگىن مەڭگۈ تېشى

1 saqïš mïng altï yüz tört
2 ärdi türkčä yïl tonguz
3 ärdi qut tägin bäg
4 oγlï šadï bäg
5 yitmiš säkiz ya-
6 šïnta qïrïltï
7 yat bolsun

1 ئىرامىك ئالتى يۈز تۆرتىنچى
2 يىل (1323) ئىدى. تۈركچە توڭۇز

3 ئىدى، قۇت تىگىن بەگ.
4 ئوغلى شادى بەگ
5 يەتمىش سەككىز
6 يېشىدا قىرىلدى.
7 ياد بولسۇن!

## 12. تاغ ئارسلان مەڭگۈ تېشى

1 aleksandros qan saqïšï
2 mïng altï yüz qïrq säkiz ärdi
3 türkčä yïl ut ärdi
4 taɣ arslannïng ärdi qabra
5 bu yirtinčüdin ärtip
6 käčip bardï arïɣ baščïsï
7 bolsun yat bolsun
8 amin amin

1 ئالېكساندىر خان ئىراسى
2 مىڭ ئالتى يۈز قىرىق سەككىزىنچى (1337) يىل ئىدى.
3 تۈركچە ئۇي يىلى ئىدى.
4 تاغ ئارسلاننىڭ قەۋرىسى.
5 بۇ دۇنيادىن ئۆتۈپ
6 كېچىپ كەتتى. پاك ئۇستازى بار
7 بولسۇن! ياد بولسۇن!
8 ئامىن! ئامىن!

## 13. يۇنتۇز بەگ مەڭگۈ تېشى

1 aleksandros qan saqïš
2 mïng altï yüz qïrq säkiz
3 ärdi türkč yïl ut
4 taɣï qutluɣ tümän bägi yuntuz bäg
5 bütkičisi mümrig qašanïng bu yir-
6 tinčüdin käčip barmïš
7 küni qutluɣ alqïšlïɣ
8 mari yoqanan marya analarïn
9 öz bu yirtinčüdin ärtip käčip
10 barzï mängü šaqlarɣa (?) arïɣ (šla quša?)
11 arïɣ yona atalar birlä qalsun amin amin

1 ئالېكساندىر خان ئىراسى
2 مىڭ ئالتى يۈز قىرىق سەككىزىنچى (1337) يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

3 ئىدى، تۈركچە ئۆي يىلى،
4 تېخىمۇ قۇتلۇق تۇمەن بەگى يونتۇز بەگ
5 پوتۇكچىسى مۇمرىگ روھانىنىڭ. بۇ
6 ئالەمدىن كېچىپ كەتكەن
7 كۈنى قۇتلۇق، ئالقىشلىق
8 ئۇستازى يوھەننا، مەريەم ئانىلىرى بىلەن
9 ئۆزى بۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ، كېچىپ
10 باردى. مەڭگۈ ئىرالارغا مۇقەددەس (خاتىرە؟) بولسۇن!
11 مۇقەددەس يونا ئاتىلىرى بىلەن بولسۇن! ئامىن! ئامىن!

ئىزاھات

3 mar > سۈرىيەچە «ئۇستاز».

## 5 . ئونغۇت مەڭگۈ تاشلىرى

تۆۋەندە تونۇشتۇرۇلغان 12 پارچە كىچىك مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئاددى تېكىستى ياپونىيەلىك 佐伯好郎 نىڭ «中国基督教研究» دېگەن توپلامىنىڭ 13 - بابىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بىزنىڭ كۆرگىنىمىز پەقەت 1980 - يىلى ئىچكى مۇڭغۇلدا نەشر قىلىنغان خەنزۇچە تەرجىمىسىدىن ئىبارەت ⑬. تەرجىمىدە رەسىم ۋە سۈرىيەچە ئەسلى يازمىلار قىسقارتىلغان بولغاچقا، پەقەت لاھىيە ئۈستىدىلا تۇرۋاتقان ئۇ تېكىستلار ئۈستىدە ھېچقانچە يېڭى قەدەم باسالمىدۇق. بىزنىڭ ترانسكرىپسىيە - مىزگە ماسلاشتۇرۇشتا يەنە قىسمەن ئىشەنچسىز ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزدۇق. 4 - 12 تاشلارنىڭ جۈملە تەرتىۋى ئەسلى تەتۈر ئىدى. يالماشتۇردۇق.

قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىسى بولغان ئونغۇتلار ھەققىدە باشقا مەنبەلەردە خاتىرىلەر كۆپ بولسىمۇ، ئۆز تىلىدىن بىزگە يېتىپ كېلەلىگەن يادىنامىلىرى مۇشۇلار بولۇش بىلەن بۇلار زور قىممەتكە ئىگە. ئاپتور 1938 - يىلى بېيجىڭ 辅仁大学 داشۆسىدە چىققان Monumenta Serica ژۇرنىلىنىڭ 3 - توم 232 - 356 بەتلىرىدە بۇ ھەقتە 40 نەچچە پارچە رەسىم بارلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇلار كەلگۈسىدە مەخسۇس تەتقىق قىلىشنى خالىغۇچىلار ئۈچۈن مۇھىم يىپ ئۇچى بولالايدۇ.

1. سورتا كوستانز مەڭگۈ تېشى

«بۇ قەۋرە سورتا كوستانزنىڭ (؟)، ئامىن!» bu qabira surta kostanz si amin

ئىزاھات

kostaz < ئەسلى لاتىنچە constantius دېگەن ئىسىمنىڭ ئۆزگەرتىلىشى

بولۇشى مۇمكىن. مەڭگۈ تاش 1305- يىللار ئەتراپىدا ياسالغان بولۇپ ئۇنفۇت خانى 火思丹 غا تەۋە بولۇشى مۇمكىن.

2. كوستانز زاۋاز مەڭگۈ تېشى

bu qabira kostanz zvaz sı amin

«بۇ قەۋرە كوستانز زاۋازنىڭ، ئامىن!»

ئىزاھات

zvaz، بۇنى يەنە zavaz ياكى zavaza دەپ ئوقۇشمۇ مۇمكىن. بۇ «ئايالى» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن.

3. ئالغۇش مەڭگۈ تېشى

1 bu qabira ]oz (?) tataria mazxarin (?) alɣos

2. bu qabira ]otar qubtarïn tataria me]xin alɣos

1. بۇ قەۋرە تاتارلارنىڭ ئىسلزادىسى (؟) ئالغوشنىڭ.

2. بۇ قەۋرە لوتار قۇبتارىن تاتار ئالغۇشنىڭ.

ئىزاھات

ئادەم ئىسملىرى مۇجمەل. قەۋرە ئىگىسى alɣos ياكى Alkosh «يۈەن تارىخى» دىكى 阿勒古斯 ياكى 阿剌兀思 دېگەنلەرگە يېقىن كېلىدۇ. ئۇنىڭغا يۈەن تەيزۇ قىزى 阿剌海 نى بەرگەن.

4. بار ×× مەڭگۈ تېشى

bu qabira bar ………

«بۇ قەۋرە بار …………»

bar سۇرىيەچە ئادەم ئىسمىنىڭ ئالدىغا قويۇلىدىغان نام.

5. پراڭ مەڭگۈ تېشى

bu qabira ………prang amin

«بۇ قەۋرە …………… پراڭ نىڭ، ئامىن!»

prang < سۇرىيەچە Frank دېگەن دىنى نامغا تەڭ.

6. زىللا مەڭگۈ تېشى

bu qabira xosa …………… zilla amin

«بۇ قەۋرە خوسا (؟) …… زىللانىڭ، ئامىن!»

7. كىبېلا مەڭگۈ تېشى

bu qabira da kibela äz olon xan

«بۇ قەۋرىدە كىبېلا ئەز ئولون (؟) خان (بار)».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

8. گېۋارگىس مەڭگۈ تېشى

bn qabira gevargis ayoryasiru amin

«بۇ قەۋرە گېۋارگىس ئايورياسىرونىڭ ئامىن!»

9. سۇگىتې مەڭگۈ تېشى

bu qabira gioa de sugite amin

«بۇ قەۋرە گىيوئانىڭ (بالىسى؟) سوگىتې نىڭ، ئامىن!»

10. پراڭ گېۋارگىس مەڭگۈ تېشى

bu qabira dä prang gevargis mirk amin

«بۇ قەۋرىدە پراڭ گېۋارگىس مىرك (بار) ئامىن!»

11. يۇسۇپ مەڭگۈ تېشى

bu qabira iosp kasisa mirk amin

«بۇ قەۋرىدە يۇسۇپ كاسىسا مىرك (بار.) ئامىن!»

12. قورزوك مەڭگۈ تېشى

bu qabira qorzok pil mirk amin

«بۇ قەۋرىدە قورزوك پەيلاسوپ (؟) مىرك (بار)، ئامىن!»

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى


①. 宗教词典，上海 1983，1343.

②. Yule. H: Catay and the way thither, being a collection of mediaeval notices of China; rev. by H. Cordier. Hakluyt Society 1913-1916. 4 Bd. I, 115.

③ 张星烺：中西交通史料汇编，北京 1977 年版，Ⅵ.

④ 前岛信次：丝绸之路的 99 个谜，（胡德芬译）天津 1981. 231.

⑤ 羽田亨：西域文化史，（耿世民译），乌鲁木齐 1981. 104.

⑥ 葛玛丽：高昌回鹘王国 850-1250，（耿世民译）《新疆大学学报》1980，2. 47-66.

⑦ 葛玛丽：回鹘绘画，《突厥语研究通讯》北京 9. 1983' 22-45.

⑧ С. Е. Мапов: Памятники Древнетюркской Письменности, москва 1951. 451.

⑨ 刘义棠：维吾尔研究，台北，584.

⑩ Пигупевская Н. В. История Мар Ябапахи Ⅲ и Раббан Саумы, Москва, 1958.

⑪ P. Pelliot: chrestiens diAsie Centrale, «Tong Pao» xvi, p 627.

⑫ С. Е. Мапов: Памятники Древнетюркской Письменности Монголии и Киргизии, Москва, 1959; 75-89.

⑬ 佐伯好郎：内蒙古百灵庙附近的景教墓石，汉译文在《蒙古史研究参考资料》14，1980。

⑭ F. w. K. Müller: Uigurica, In: ABAW. Berlin 1908. 2.

⑮ 耿世民：古代突厥文献选读，1978 中央民族学院，2. 上，11.

⑯ ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرائىل يۈسۈپ: قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما، ئۈرۈمچى 1983، 417.

⑰ Good News Bible, Hong Kong, United Bible Societies, 1981.

⑱ A. v. Le Coq: Ein christlisches und manichäi shes Manuskriptfragment in türkischer Sprache aus Turfan (Chinese Türkistan), In: SBAB 1909, 68. 1202-1218.

⑲ W. Bang: Türkische Bruckstücke einer nestorianischen Georgspassion. In: Le Museon 39. 1926, 41-75

⑳ A. v. Gabain: Alttürkische Grammatik, 3. Auflage, wiesbaden 1974. 399

㉑ A. v. Le Coq: Türkische Manichaica aus Chotscho III. In: ABAW. 2. Berlin 1922, 49.

㉒ 羽田博士史学论文集，下册 318—322.

㉓ P. Zieme: Asop in Zentralasien, In: Das Altertum 17, Berlin 1971. 40 - 42

㉔ 罗念生等译：伊索寓言，北京1981，152.

㉕ D. Chwolson: Syrisch – Nestorianisch Grabinschriften aus Semirjetschie. Neue Folge, СПь, 1897.

㉖ П. К. Коковоцов: Несколько новых надгорбных камней с христианско-сирийскими надписями из Средней Азии, Известия Акад, Наук, 1909.

㉗ G. Clauson: An Etymological Dictionary of Pre-Thirteen Century Turkish, London, 1972.

# ياڭ زېڭشىن① ۋە شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى

ۋېي چاڭخۇڭ

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 17 يىلدا ماختاشقا تېگىشلىك تۆھپىلەرنى يارىتىش بىلەن بىللە، ئەيىپلەشكە تېگىشلىك جىنايەتلەرنىمۇ ئۆتكۈزدى. بۇ مۇتەئەسسىپ سىياسىيوننىڭ ئىسلام دىنىغا دائىر ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا قازانغان نەتىجىلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىش، شىنجاڭنىڭ شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى 17 يىللىق تارىخىنى چۈشىنىش ۋە تەھلىل قىلىش ئۈچۈن زىيانلىق بولمىسا كېرەك. بۇ ھەقتىكى مەسىلىلەرنىڭ قىياسەن قويۇلۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەسىلە تەرىقىسىدە يۈزەكىرەك توختىلىپ ئۆتىمەن، پىشقەدەم دانىشمەنلىرىمىزنىڭ تەلىمىگە مۇھتاجمەن.

## 1 . ياڭ زېڭشىننىڭ دىنىي ئىدىيىسى

ياڭ زېڭشىن كىچىكىدىن تارتىپلا كۇڭزى، مېڭزىلارنىڭ كىتابلىرىنى كۆپ ئوقۇغاچقا، 1889 - يىلى 25 يېشىدىلا ئوردا ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ياش ئەلغانچى دەپ نام ئالدى. شۇنىڭ بىلەن، قۇرداشلىرى ئۇنى «ئۆلىما»② دەپ ماختايدىغان بولدى. ۋاڭ شىتۇڭ: «ئۇ يىراقتىن ياڭ سىڭنى، يېقىندىن زېڭ گوفەننى دورىغان ئىدى»③ دېدى. سۇۋېن ھېيدىنمۇ: «ياڭ زېڭشىن ئۇلۇغ خالاسكار زوزۇڭتاڭنىڭ ئىزىدىن ناھايىتى پەم بىلەن مېڭىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنى چەكسىز ئابرويلۇق پادىشاھدەك باشقۇرۇپ كەلدى.»④ دېدى. يۈەن شيەن گۇيىي كەسكىن تۈردە ئۇنى «شىنجاڭنىڭ خانى» دەپ ئاتىدى. ياڭ زېڭشىن تارىختىكى بۇ شەخسلەر بىلەن ئايرىم جەھەتتە ئوخشاشلىقى بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي خاراكتېر جەھەتتە تولىمۇ ئۆزگىچە شەخس ئىدى. ئۇنىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىلىدە قوللانغان سىياسىتى، دىنىي مەسىلىلەرگە دائىر تاكتىكىسىمۇ ئالاھىدە ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىدا «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كىشىلىرىدىن پايدىلانغاندىلا، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە تېچ ئىدارە قىلغىلى بولاتتى، بۇ ھەقىقەتەنمۇ شىنجاڭنى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ

ئىشەنچىلىك تەدبىرى ئىدى». ئۇ خەلقنى ئىدارە قىلىشتا ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش، ئادالەتتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىپ، شىنجاڭنى «جېدەل-ماجىرا چىقمايدىغان، ئوغرى-قاراقچىلار بولمايدىغان، پاراكەندىچىلىك يۈز بەرمەيدىغان» غايىۋى جەمئىيەتكە ئايلاندۇرماقچى بولدى.

ياڭ زېڭشىننىڭ دىنىي ئىدىيىسىمۇ ئىنتايىن قىزىقارلىق ئىدى. ئۇ «دىنلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى جەننەت، دوزاخ دېگەنگە ئوخشاش يالغان سۆزلەر بىلەن ئېزىقتۇرىدۇ» دەپ قارايتتى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەپلەرنىڭ ئىسلام دىنىدا، مال ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن موللا چاقىرىپ كېلىپ ئايەت ئوقۇش كېرەك. بولمىسا بۇ گۆشنى يېيىشكە بولمايدۇ، ئاما دىنىي ئۇرۇشلاردا ئۆز ئارا قىرغىن قىلىشقاندا ھېچنېمىگە قارىمايدۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتە ئالدى بىلەن موللا چاقىرىپ كېلىپ ئايەت ئوقۇش كېرەك دېگەننى ئاڭلاپ باقمىدۇق، ئۇلار نەرسىلەرگە كۆيۈنۈشنى بىلىدۇ يۇ ئادەمگە كۆيۈنۈشنى بىلمەيدۇ». ئۇ بۇ يەردە ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى بىلەن ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: بۈگۈنكى دۇنيادا ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشى ھەر كۈنى دېگىدەك بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ ئىشقا خۇدامۇ ئامالسىز، «مۇھەممەت پەيغەمبەرمۇ كىشىلەرگە بەخت-سائادەت ياكى بالايى ئاپەت كەلتۈرەلمەيدۇ». ئۇ يەنە دىن روھانىلىرىنىڭ ھەممىسىنى «كىشىلەرنى ئايەت ئوقۇپ تەسىرلەندۈرگۈچىلەر» دەپ مەسخىرە قىلىدۇ. كۆپ خۇدالىق ئىدىيىسىنى «قائىدە-يوسۇنغا خىلاپ ئىش» دەپ قاغايدۇ، بۇنىڭدىن قارىغاندا، ياڭ زېڭشىن ھەممە دىننى ئىنكار قىلىدىغان دەھرىلەردەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس.

ياڭ زېڭشىن: دۆلەتتىمۇ ئادەمگە ئوخشاش «جان» بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا ئۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، دۆلەتنىڭ «جېنى» دىن، دەپ قارايدۇ، ئۇ خۇراپاتلىققا ئىشەنمەيدىغان ئىلغار زاتلارنى «چاكىنىلار» دەپ ئەيىبلەيدۇ ۋە دىنسىزلارنى توسۇنتايدەك يۈگەنسىزلەر، دەيدۇ. ئۇ، كۈچلۈك دۆلەتلەر ھۆكۈمرانلىق تالىشىۋاتقان دەۋردە «دىنسىز دۆلەت ھامان ئەدەپ-قائىدىسىز دۆلەتتۇر، بۇنداق دۆلەتنىڭ مۇنقەرىز بولمايدىغىنى يوق» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. «ئەمەلدارلارنى ئىدارە قىلىش مۇتەخەسسىسى»⑤ دەپ ئاتالغان بۇ ياڭ زېڭشىنمۇ روھانىلار ھاكىمىيىتىنى ئومۇمى ئۆرپ-ئادەت ئەنئەنىسىنىڭ ياردەمچى قورالى قىلىشتىن يانمىغان. ئۇ: «ئەمىر-پەرمان بىلەن بىرلىككە كەلتۈرەلمىسەڭ، دىن بىلەن چەكلىگىن؛ مائارىپ بىلەن مەقسىتىڭگە يېتەلمىسەڭ، دىن بىلەن كۆندۈر؛ ھەر قايسى مەملىكەتلەرنىڭ دىنىي ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنى ياخشىلىققا ئۈندەش جەھەتتىكى مەقسىتى ئوخشاش» دەيدۇ. ئۇ، ئىسلام دىنىي خۇداغىلا ئېتىقات قىلىپ، باشقا خۇدالارغا ئىبادەت قىلمايدۇ، بۇ دىندارلار ئېتىقادىنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا دىندارلار بەخت-سائادىتى ياكى بالايىئاپەتنىڭ مەنبەسى، دېگەن نېمىنى قايتا-قايتا تەكىتلەيدۇ.

ياڭ زېڭشىننىڭ ئىسلام دىنىنى تىزگىنلەشتىكى «تۆھپىسى» توغرىسىدا، ئۇنىڭ شاگىرتى ۋە قەدىناس ئەمەلدار جىن شۇرېن ناھايىتى خوشامەتچىلىك بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «بېگىم يۈننەندە تۇغۇلۇپ، گەنسۇدا ئەمەل تۇتتى»، شىنجاڭنى سورىدى، «ئىسلام دىنىنىڭ كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ھەم يېڭى دىن بىلەن كونا دىننىڭ پەرقىنى تەپسىلى شەرھىيلىدى»، «ئۇنىڭ يۈنىلىشىنى توغرىلىدى»⑥ بۇ ياغلىما سۆزلەر ئارقىلىقمۇ تارىخىي پاكىتنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ياڭ زېڭشىن كۆپ مىللەتلىك رايون يۈننەندە تۇغۇلغان بولسىمۇ، ئەمەلدار بولۇش ئۈچۈن غەربىي شىمالنى كەزگەن، ئىسلام دىنىنىڭ بۇ جايلارنىڭ ئامانلىق ۋە پاراكەندىچىلىك، گۈللىنىش ۋە خاراپلىشىش ۋەزىيىتىگە كۆرسىتىۋاتقان تەسىرىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان ۋە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. ئۇ 1896-يىلى خېجۇ ۋىلايىتىگە ۋالىي بولىدۇ، بۇ چاغ دەل «خېجۇ - خۇاڭشۈي توپىلىڭى» نىڭ ئاخىرقى مەزگىلى بولۇپ، خېجۇدا دۇڭ فۇشياڭ «ئەل بولغاندىن كېيىن يەنە توپىلاڭ كۆتەرگەن» ئىدى. ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى چىۋەرلىكىگە تايىنىپ، بۇ توپىلاڭنى جىمىقتۇرۇپ، قېپقالغان مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىدۇ. «بۇ بېگىمنىڭ (ياڭ زېڭشىننى دېمەكچى) ئىلتىپاتى ئىكەن، خۇيزۇ ئاممىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئالغان ۋە يۇرت ماكانىغا قايتىپ ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغان ...... بۇ ئىشتىن كېيىن، خەنزۇ - خۇيزۇ خەلقى بېگىمنىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت ئېيتىشقان ۋە بۇ ئىشنىڭ شەرىپى ئۈچۈن خاتىرە تاش تىكلىگەن⑦ 1907-يىلى ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا كېلىۋېتىپ، سۇيرۇرقا بىنائەن، قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ قۇمۇل ۋاڭىغا قارشى قوزغىلىڭىنى باستۇرىدۇ. بۇ بىر قاتار سەرگۈزەشتىلەر ئارقىلىق، ياڭ زېڭشىن ھەم سىياسىي جەھەتتىن تەجرىبىلىك بولۇپ قالىدۇ، ھەم ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىللەردە مىللەتلەرنىڭ دىنىي مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

شىنجاڭ ئەزەلدىن مىللەتلەر كۆپ. مىللىي دىنىي ئىنسايىن مۇرەككەپ ھەم تېز تەسىر كۆرسىتىدىغان جاي بولۇپ كەلگەن. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدىكى كەڭ مۇسۇلمانلارنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، ناھايىتى كۆپ مەنىۋى كۈچ سەرپ قىلىپ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە چۈشۈرگەن بۇيرۇقنامىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ ئەجدادى پەيغەمبىرىنى ئادەم دەپ ئاتايدۇ، خىرىستىيان دىنى بولسا ئادەم دەپ ئاتايدۇ، بۇ جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخىدىكى پەنگەنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاشمىسىمۇ، ھەممىسى بىر كىشى. ئادەم پەيغەمبەر ھەممە ئادەمنىڭ ئەجدادى، ھەممە دىننىڭ مەنبەسى. ئىسلام دىنى مۇھەممەت پەيغەمبەر تۇغۇلغان ئەرەبىستاندا، يەنى ھازىر ئىسلام دىندىكىلەر ھەج قىلىدىغان جايدا پەيدا بولغان. ئىبادەت قىلىندى-

غان مەبۇدىنى جۇڭگودا تەڭرى دەپ ئاتايدۇ، ئىسلام دىنىدىكىلەر خۇدا دەپ ئاتايدۇ، ھەممىسى بىر مەنىدە، ھەج قىلىش خۇداغا ئىبادەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. سۇي خاندانلىقىنىڭ خاقانى ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 5 - يىلى (مىلادى 581 - يىلى) مۇھەممەت پەيغەمبەر 40 ياشتا ئىدى، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ 114 پارچە كىتابلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ 13 پارچىگە بۆلۈپ، چوڭ بىر توپلام قىلىدۇ، ئۇنىڭ مازمۇنى تەخمىنەن بۇيرۇق ۋە ۋەھيي خاراكتېرىدىكى سۆزلەردۇر. مۇھەممەت پەيغەمبەر قانۇن شەكلىدە تارقاتقان بۇ دىن ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ رەسمىي قانۇنغا ئايلاندى. ھازىر مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ سۆز ۋە ھەرىكىتىدە «قۇرئان» نى مىزان قىلىدۇ، «قۇرئان» يالغۇز مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭلا سۆزى بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى سانسىزلىغان پەيغەمبەرلەر سۆزلىرىنىڭ يىغىندىسى بولغان ساداۋى كىتابتۇر. بۇ مۇقەددەس قانۇن خالىسلىقنى تەرغىپ قىلىدۇ، ئۇ مۇھەممەت پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا ئاسماندىن دەستۇر كىتابى سۈپىتىدە تارقالدى. مۇرىتلار ئۇنى ئۆز ھەرىكىتىدە ئىتائەت قىلىدىغان بۇيرۇق دەپ بىلدى؛ مۇھەممەت پەيغەمبەر ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ، يەنىلا دەستۇر كىتابى سۈپىتىدە تارقالدى. سانسىزلىغان مۇرىتلار بولسا ئۇنى ئۆز ھەرىكىتىدە ئىتائەت قىلىدىغان بۇيرۇق دەپ بىلدى.»

ھەممە گەپلەر تەرىپلەنگەن بۇ بىر ئابزاس بۇيرۇقنامىدىن ياڭ زېڭشىننىڭ ئىسلام دىنىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىنى، ئىسلام دىنىغىمۇ ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە چوڭ ئاخۇنۇملار تالەيپۇزى بىلەن ۋەز ئېيتىپ: «پەيغەمبەرنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتلىرى،» مۇرىتلىرىنى «نەپسانىيەتچىلىكتىن خالىسلىققا باشلايدۇ»، «ئازغان يولدىن قايتۇرۇپ توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ» دەيدۇ. بۇ بۇيرۇقنامىنى ياڭ زېڭشىننىڭ دىنىي كۆز قارىشىنى ئىپادىلەيدىغان ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. بىلىش كېرەككى بۇيرۇقنامىنى ياڭ زېڭشىن 1920 - يىلى باھار ئاخىرلىرىدا ئېلان قىلغان بولۇپ، مەملىكىتىمىزدە مائارىپ ساھەسىدىكىلەر ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشنى تېخى باشلىمىغان ئاشۇنداق شارائىتتا، ئۇنىڭ ئىسلام دىنى توغرىسىدا شۇنچىۋالا بىلىمگە ئىگە بولۇشى ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ ئىسلام دىنى توغرىسىدىكى بىلىملىرى ۋە مۇئامىلىسى شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىمۇ ياخشى تەسىر قوزغاپ، ئۇنى ئىسلام دىنىغا دائىر مەسىلىلەرنى كۆڭۈلدىكىدەك بىر تەرەپ قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى ۋە شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تەرتىۋىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىمۇ ياخشى رول ئوينىدى.

ياڭ زېڭشىن يۇقىرىدىكى يېتەكچى ئىدىيىگە ئاساسەن، ئۆزىنىڭ كونا بىلىملىرىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ھەر خىل دىنلارنىڭ ئەقىدىلىرىنى كۇڭزىچىلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىدىيىسى بىلەن يۇغۇرۇپ، دۇنيادا تەڭدىشى بولمىغان خۇدانى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ھەممىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان ئالاھىدە خىسلەت ئاتا قىلىدۇ، يەنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خۇداسى بىلەن يات مىللەتلەرنىڭ خۇدالىرىنى يۇغۇرۇپ بىر گەۋدە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى بىر خۇدالىق دىن بىلەن «بۇت ـ سەنەملەر» دىن ئىبارەت كۆپ خۇدالىق دىنىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو زېمىنىدا يېڭى بىر دىنىي ھەرىكەت قوزغاشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ خۇداغا ھەم كۆكزىچىلارنىڭ تۈسىنى بېرىدۇ، ھەم ئاللانىڭ روھىنى بېرىدۇ، شۇنداق قىلىپ بۇ، خۇدانى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت دىندارلىرى قوبۇل قىلىدۇ: بولۇپمۇ كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار بۇنى يولىدىن چىققانلىق دەپمۇ قارىمايدۇ. نەتىجىدە، ياڭ زېڭشىن ئەمەلدارلىرىنى ئۆز مەيلىچە ئىدارە قىلىپ، مەمۇرى ئىشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، «جامائەتنىڭ رايىغا بېقىپ» ئىش تۇتتى.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ شىمالىي ھۆكۈمەتنىڭ «خۇيزۇلاردىن مۇداپىئەلىنىش» توغرىسىدىكى بۇيرۇقىدا كۆرسىتىلگەن: «خۇسۇسىي غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر تارتىشقا قەستلىمەكتە» دېگەن گېپىنى پۈتۈنلەي خاتا دەپ تونىغان. ئۇ يەنىلا «خۇيزۇلار ئاپىتى» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشنىڭ ئۆزى «بىر قېتىمقىتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى دۈشمەن دەپ قارىغانلىق بولىدۇ» دەپ ھېسابلىغان ۋە بۆلۈنمىچىلىكنى ھەم جېدەل ـ ماجىرالارنى تۈگىتىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، چەت ئەللەرنىڭ سۇيىقەستلىك، تاجاۋۇزچىلىق كۈچلىرىدىن مۇداپىئەلىنىشنى كۈچەيتىشنى نۆۋەتتىكى جىددى ئىش سۈپىتىدە تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلغان. شۇڭا، ئۇ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىسلام دىنىغا دائىر ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشى، ئۈچۈن مۇنداق پىرىنسىپ بەلگىلىگەن: «يەرلىك ئەمەلدارلار دىنىي ئىشلارغا مەمۇرى سالاھىيىتى بىلەن ئارىلاشماسلىقى زۆرۈر، ئاما جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاش يۈزىسىدىن بەزى جېدەل ـ ماجىرالارنى ياراشتۇرۇش ۋەزىپىسىمۇ ئۆتىمەي بولمايدۇ.» ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە، «ياراشتۇرۇش» ئاما ئارىلاشماسلىق پىرىنسىپىغا باشتىن ـ ئاخىر ئەمەل قىلىپ، ۋەزىيەتكە ماس كېلىدىغان ۋە ئۆز لايىقىدا بولغان دىنىي سىياسەتلەرنى بەلگىلىدى ۋە يولغا قويدى.

## 2 . ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىنىلغان دىنىي سىياسەت

شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ياڭ زېڭشىن خۇيزۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئىچىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇيزۇلاردىن بەش باتالىيون قوشۇن تەشكىل قىلىپ ئەسكىرىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ ۋە يەنە داخۇانى قوغلاپ چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي باش ۋالىلىق ئورنىغا كۆتۈرىلىدۇ. ئاندىن

كېيىن دىندىن ئىبارەت بۇ «مەنسۇق كالتەك» نىڭ ياردىمى بىلەن خوجىلار ۋە ئۇرپاندىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشلىقلىرى تۆمۈر بىلەن مويدىننى پارچىلاپ تاپلايدۇ. ئۇ ئۆلدى بىلەن. ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەۋلادى دەۋالغان باۋكوينى «ئاقسقا چىقىپ نەسھەت قىلىپ ياراشتۇرۇش» قا ئەۋەتىدۇ، يەنە دىنىي زاتلاردىن فىلىق ھاجى، ماجەنبىيې قاتارلىق كىشىلەرنى قوزغىلاڭچىلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ ۋە قوزغىلاڭچىلار بىلەن يېقىن ئالاقىدا بولۇپ كېلىۋاتقان مۇھەممەت غەنى ئەبەزدىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭچىلارنى ئەل بولۇشقا ئالدايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلارنى ئامىمنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەشكە ئۇيۇشتۇرىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ تەقۋادار مۇخلىسى بولغان تۆمۈر ئاخىرى خۇيزۇلار باتالىيونىنىڭ باشلىقى لى شۇفۇنىڭ «قۇرئان» تۇتۇپ تۇرۇپ ئىچكەن قەسىمىگە ئىشىنىپ، قوراللىق كۈرەشتىن ۋاز كېچىدۇ ۋە ياڭ زېڭشىننىڭ سىياسىي قىلتىقىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ سەپدىشى مويدىن بىلەن بىللە ياڭ زېڭشىننىڭ تۈرمىسىدە ئۆلىدۇ.⑧ ياڭ زېڭشىن يەنە مويدىن خەلپىنىڭ قەۋرىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى بەلگىلەپ بېرىپ، گۈمبەز قوپۇرۇشقا رۇخسەت قىلمىغان، نەزىر-چىراق ئۆتكۈزۈشكىمۇ يول قويمىغان. دېمەك، ياڭ زېڭشىن مىللىي دىنىي مەسىلىلەرگە قارىتا شۇ چاغدا ھەم ئەل قىلىش، ھەم باستۇرۇش تەدبىرىنى قوللانغان. خۇيزۇلاردىن پايدىلىنىپ باشقا مىللەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۇنىڭ ئىسكەنجىلەش ۋە يۇمشاق ۋاستىلار بىلەن ئۆزىگە بېقىندۇرۇش سىياسىتىنىڭ بىر كونكرېت ئىپادىسىدۇر. ئۇ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، دەسلەپتە خۇيزۇلارنى ئۆزىنىڭ ھەربىي تۈۋرۈكى قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇڭغۇل، قازاقلاردىن پايدىلاندى، ئاخىرىدا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنى ئۆزىگە تارتتى، بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى قاتلام دىنىي كۈچلىرىنى كۈچىيىپ خوجايىنغا تەھدىت سالىدىغان دەرىجىگە يەتكۈزمەسلىك ئىدى.

ياڭ زېڭشىن دىنىي ئېتىقاد ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئاساسەن دىنىي ئادەتلەرگە ماسلىشىپ بېرىشتەك ناتۇراللىزملىق سىياسەت قوللاندى. ھەر قانداق بىر يېڭى دىنىي ئېقىمنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە قارشى تۇردى، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى كونا قېلىپقا سېلىپ، بەلگىلەنگەن نىزام بويىچە ئىش كۆردى. يەنى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرگە ئۆزگەرمەي تۇرۇپ ماسلىشىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. شۇڭا ئۇ مىنخۇەن تۈزۈمى (ئازادلىقتىن ئىلگىرى جۇڭگو ئىسلام دىنىدا پەيدا بولغان فېئودال ئۇرۇقداشلىق شەكلىدىكى بىر خىل مىستىتسىزم گۇرۇھى ۋە دىنىي تۈزۈم بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن بىكار قىلىنغان — تەرجىماندىن) نى ياقتۇرمىدى، «مەزھەپلەر كۈرىشى» نى بارلىق بالا-قازانىڭ مەنبەسى دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن ئىنتا-

كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تايىن بىزار بولدى. ئۇ خېلى بۇرۇنلا: «خۇيىزۇلار پاراكەندىچىلىكىنىڭ يۈز بېرىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب «دىنىي مەزھەپ تۈرلىرىنىڭ ئىنتايىن سۇرەككەپ بولۇ-غانلىقىدا» (9) دېگەن. 1918 - يىلى گەنسۇنىڭ داۋخې ناھىيىسىدىكى ئىخۋان (قې-رىنداشلار) مېنخۇەننىڭ باشلىقى ماگۇيۈەن ئىچكىرىدىن چىقىپ دىن تارقاتقاندا، ياڭ زېڭشىن ئۇنى دىنىي مۇددىئاسى توغرا ئەمەس دەپ قاراپ، ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئۆز جايىغا قايتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «غەرپتىكى پەيغەمبەرنىڭ دىنىغا قاتتىق ئىخلاس قىلىپ، خۇيزۇ مېنخۇەنلىرىنىڭ، خۇيزۇ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ۋە خۇيزۇ روھانىلىرىنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەسلىكى» نى ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىق دەپ ماختايدۇ. گەنسۇدىن يېڭى چىققان بىر قىسىم خۇيزۇلار تۆت چوڭ مېنخۇەن ۋە ئۇنىڭ تەرەپ-دارلىرىنى شىنجاڭغا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كىرگەندە، ياڭ زېڭشىن بۇ يوشۇرۇن ئاپەت مەز-ھەپلەر كۈرەشنى ۋە چوڭ پاراكەندىچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارماي قالمايدۇ، دەپ قارايدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسچىسى بىرلا مۇھەممەد پەيغەمبەر بولۇپ، باشقا ئىككىن-چى پەيغەمبەر يوق. مۇسۇلمانلار ئۇچۇن بىرلا دىن ئاتا قىلىنغان، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۆلگەندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان ئەۋلىيا - پەيغەمبەرلەر مەيدانغا كەلگەن ۋە نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلغان بولسىمۇ، ھېچقاچان باشقا بىر مەزھەپ تىكلەنمىگەن، ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ئەۋلىيا - پەيغەمبەرلەر ئۆز ئالدىغا دىن ئاچىدىغان دىنىي مەزھەپلەر نەچچە يۈز يىلغا يېتىدىغان بولسا، مۇقەررەر يوسۇندا تالاش - تارتىش ۋە قالايمى-قانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىسلام دېگەن بىردىن - بىر پاك نامىمۇ ئۆچۈپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ «قۇرئان» نىڭ تەلىماتلىرىغىمۇ توغرا كەلمەيدۇ. يېقىنقى يىللاردا يەنە يېڭى - يېڭى دىنلار شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىدى. بۇمۇ ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا مەزھەپ تىكلەش ئۈچۈندۇر. بىز مۇھەممەد پەيغەمبەر نى بىردىن - بىر پەيغەمبەر، قۇرئاننى بىردىن بىر چوڭ قانۇن دەپ بىلىپ، تۈپ ئاساسىدىن ياخشىلىشىمىز لازىم. ھەر قايسى ئۆز ئالدىغا خالىغانچە پەيغەمبەر تىك-لىۋالسا، ھەر بىر مەزھەپ ئۈچۈن بىر پەيغەمبەر بارلىققا كېلىدۇ، پەيغەمبەر قانچە كۆپ بولسا، جېدەل - ماجىرامۇ شۇنچە كۆپىيىدۇ. ياڭ زېڭشىن يېڭى مېنخۇەن مەزھە-پىنى تىكلەش ئىشىنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا نۇرغۇن قېتىم پەرمان چۈشۈردى ۋە ئىلگىرى گەنسۇدا مەزھەپلەر كۈرەشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان خەلق توپلى-ڭىدىن ئىبرەت ئېلىشنى ئەمەلدارلارغا كۆپلەپ تاپىلىدى. ئۇ رېئال دىنىي ئىشلار-نى بىر تەرەپ قىلىشتا كۆپرەك مەزھەپسىز دىندارلارنى قانات ئاستىغا ئالدى.

1921 - يىلى 4 - ئايدا، ئۈرۈمچىدىكى ھەر قايسى مەسچىتلەرنىڭ ھوقۇقدار ئاخۇنلىرى مائاخۇننى شەنشى چوڭ مەسچىتىنىڭ ئىماملىقىغا كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە ياڭ زېڭشىن مۇنداق دەپ تەستىق سالىدۇ: «شەنشى چوڭ مەسچىتىنىڭ قەۋمى كۆپرەك كونا يەرلىكلەر بولۇپ، ئائىلە - خاندانىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ. ئىچكىرى-

دىكى خاندانلارنىڭ دىن تارقاتقۇچى (سوبەلىغ) ئاخۇنلىرىنى مەسچىتلەرگە
چاقىرىپ كېلىشكە يول قويۇلمايدۇ. ئائىلە-خاندانىنىڭ تايىنى يوق خۇيزۇلار ئۇلار-
نىڭ دىنىغا كىرىپ كەتسە، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى چاتاق چىقىدۇ.» بۇ ھال ياڭ
زېڭشىننىڭ كونا دىنىي تەرتىپلەرنى ساقلاشنى ئۇزاققىچە تېچ ئىدارە قىلىش سە-
ياسىتى قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىككىنچى يىلى، ئۈرۈمچىدە خېجۇلۇق خۇيزۇ
دىڭ يىمانىڭ جەنۇبى مەسچىت مىنخۇەن مەزھىپىگە ئۆتۈپ، دەۋا قوزغىغان ۋەقەسى
يۈز بەردى. ياڭ زېڭشىن كەسكىن تۈردە: «ھەر قايسى مىنخۇەن مەزھەپلىرىدىكىلەر
توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يىتىم ئىشلىرىدا قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن ئۆز مەزھىپىدىكى
ئاخۇنلارنى تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ مەزھەپتىكىلەر ئۇ مەزھەپتىكى ئاخۇننى تەكلىپ قى-
لىسا، ماجىرا تۇغۇلىدۇ، دىنىي ماجىرا بولمىغان تەقدىردىمۇ، مەنپەئەت توقۇنۇشى كې-
لىپ چىقىدۇ، مەنپەئەت توقۇنۇشىنىڭ ئۆزى دىنىي توقۇنۇشتۇر. قىسقىسى، بۇ سەدىقە
ئېلىشنى كۆزلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس»، ئۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۈچ تۈر-
لۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: 1. ھەر قايسى مەسچىت جامائەتلىرىنىڭ بىر بىرى
بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈشىگە يول قويۇلمايدۇ؛ 2. بۇ مەسچىتتىن ئۇ مەسچى-
تكە ئۆتۈپ كەتكەن جامائەتلەر چوقراق ۋەقە سادىر قىلسا، بۇ مەسچىت بىلەن
ئالاقىسىز؛ 3. بۇ مەسچىتنىڭ جامائىتى باشقا مەسچىت تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كەت-
كەنلەر بىلەن باردى-كەلدى ئالاقىسىنى توختىتىدۇ. ئۇ غەزەپلەنگەن ھالدا: «مى-
خۇەن مەزھىپى جۇڭگو بويىچە گەنسۇ ئۆلكىسىدىلا بار. چەت ئەل مۇسۇلمانلىرىدىمۇ
بۇنداق گەپ يوق»، «گەنسۇ خۇيزۇلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە.
مىنخۇەن مەزھىپىنىڭ تەرغىباتى بىلەن كىشىلەرنى ئالداپ دىنغا كىرگۈزگەن، ئۇلار
بىر-بىرى بىلەن جېدەل چىقىرىشىپ، چوڭ بالا-قازالارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان،
مىنگو ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇنداق كەيپىياتلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەس-
لەپكى چاغلىرىدىكىدىن بىر قەدەر كۆپەيدى» دەيدۇ. ئۇ سىنخۇەن مەزھىپىنىڭ كېلىپ
چىقىش مەنبەسىنى «ئۇرۇق-ئەۋلادى ئۈچۈن بايلىق توپلاش» دەپ دەل جايىدا
كۆرسىتىدۇ. ئۇ بۇ يامان ئىللەتنى تۈگىتىش ئۈچۈن «ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە
خۇيزۇلارنىڭ ئۆز مەيلىچە مەسچىت سېلىۋېلىشىغا يول قويماسلىق توغرىسىدا مەخپى
بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ». ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ھەر قايسى مىنخۇەن مەزھەپلىرىنىڭ
شىنجاڭغا كېلىپ دىن تارقىتىشىنى قەتئىي مەنئى قىلىدۇ. ئۇ: «ئەسلىدە بار بولغان
خۇيزۇ مەسچىتلىرىنى خالىغانچە كېڭەيتىشكە يول قويۇلمايدۇ؛ مايۇنجاڭ. مائېر چې
لارنىڭ دىنلىرىنى شىنجاڭغا تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ ئىلگىرىكى مەسچىتلەر
دىن باشقا يېڭى مەسچىت سېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ» دەپ كونكرېت بەلگىلىمە
چىقىرىپ، مۇشۇ يول بىلەن «توسۇپ مۇداپىئەلىنىپ، جېدەل-ماجىرالارنىڭ يامان
ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن ساقلىنىش» مەقسىتىگە يېتىدۇ. ئىچكىرىدىكى

خۇيزۇلارنىڭ شىنجاڭغا چىقىپ يوشۇرۇنچە يېڭى دىن تارقىتىشىنى توسۇش ئۈچۈن، دازۇڭتۇڭغا تېلېگرام يوللاپ، مەركەزنىڭ شىنجاڭغا ھېچقانداق خۇيزۇ ئەۋەتمەسلىكىنى تەلەپ قىلدۇ.⑩ ياڭ زېڭشىن مىنخۇەن مەزھىپىدىن ئەپرەتلەنسىمۇ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، بەزىدە مىنخۇەنلەرنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشىمۇ قوياتتى. مەسىلەن، ياڭ زېڭشىن ئۈچۈن غالچىلىق قىلغان مافۇشىڭ قەشقەردە ئۇزاققىچە تىنەي بولۇپ تۇرغان ئىدى، 1924-يىلى شىمال ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا قۇدرەتلىك گېنېرال دېگەن ئۇنۋان بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن مافۇشىڭ ئۇستۇنلۇك قازاندى، ھەتتا ياڭ زېڭشىننىڭ ئورنىنى ئىگەللىمەكچى بولدى ۋە ئەنگلىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىسلام دۆلىتىنىڭ خانى بولماقچى بولدى. بۇ ئىشلارغا چىداپ تۇرالمىغان ياڭ زېڭشىن مافۇشىڭنى ئەسكەر باشلاپ كىرىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن، جەھرىيە مەزھىپىنىڭ ئىمامى مايۈەنجاڭنىڭ جىيەنى ماشياۋۋۇغا يوشۇرۇن يوليورۇق بەردى. ماشياۋۋۇمۇ، مافۇشىڭمۇ خۇيزۇ بولۇپ، بىرى يېڭى دىنغا بىرى كونا دىنغا مەنسۇپ ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يېڭى دىنغا ئېتىقات قىلاتتى. ياڭ زېڭشىن ماشياۋۋۇنىڭ يېڭى دىنىنىڭ ئىماملىق ئورنىدىن پايدىلىنىپ كونا سىياسى رەقىبىنى يوقىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى ساقلاپ قالدۇ. ماشياۋۋۇ ياڭ زېڭشىنغا ئىنچىكە سادىق بولۇپ كەلگەن ئىدى، شۇڭا زېڭشىن ئۇنى بىراقلا كۆتىرىپ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ دوتېيى (ۋالىيسى) قىلدۇ. شىنجاڭدا خېلى يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولغان گوي فېن بۇ ئىش توغرىلىق مۇنداق دەپ باھا بېرىدۇ: «ياڭ زېڭشىننىڭ ماشياۋۋۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئورۇنلاشتۇرۇشى ئۇ يەردە 100 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بار چوڭ قوشۇن تۇرغۇزغاندىنمۇ ئارتۇق ئىش بولدى»⑪ گوي فېن بۇ مەسىلىنى ئاساسەن مىللىي، دىنىي نۇقتىدىن تونۇغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئۇ ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزىگە سادىق بولغانلىكى مەزھەپ ئىماملىرىغا يۇقىرى ئەمەل، يۇقىرى مائاش ئىلتىپات قىلىش جەھەتتە ئانچە بېخىللىق قىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۇ.

1918-يىلى، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى تازا جىددى كېتىۋاتقان پەيىتتە ئىسلام دىنىنىڭ غەيرى تەشەببۇسلىرى شىنجاڭدا راسا ئەۋج ئالدى، ھەر قايسى جايلاردا ئۈزلۈكسىز تۈردە خانىقالار سېلىنىشقا باشلىدى. ياڭ زېڭشىن بۇنداق ئۆز ئالدىغا خانىقا سېلىۋالىدىغان ئىشلارغا ناھايىتى قاتتىق سىياسەت تۇتقان ئىدى. خانىقا — خۇيزۇلار ئارىسىدا مىنخۇەن مەزھىپىنى تارقىتىدىغان، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىشانلار پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان تەسەۋۋۇپ سورۇنى. ئۇلار «خانىقا سېلىپ، دۇئا-تالاۋەت قىلىش نامى بىلەن نادان خەلقنى ئازدۇرۇپ سەدىقە يىغىۋالىدۇ، كۈندۈزى تارقاپ، كېچىسى يىغىلىپ نۇرغۇن كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇپ، جامائەت مەسچىتلىرىگە بېرىپ ناماز ئوقۇش، دۇئا-تالاۋەت قىلىش ئورنىغا، خۇسۇسلار ئاچقان

مەسچىتلەرگە بېرىپ ساماغا چۈشىدۇ.» ئىشانلارنىڭ پائالىيەت شەكلىمۇ سىرلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئەكسىيەتچىلەر ئاسانلا پايدىلىنىپ كېتىدۇ — دە چاتاق تېرىيدۇ. ياڭ زېڭشىن 1899 - يىلى ماناسلىق خۇيزۇ ۋۇلىجېبىزى، مايۇجاڭ قاتارلىقلار خانىقالاردىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتەرگەن تارىخىي ساۋاقلارنى كۆزدە تۇتۇپ، خانىقا پائالىيەتلىرى مۇھەممەت پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلغانلىق بولىدۇ، شۇڭا ئۇ تەقىپ قىلىنىشى كېرەك، دەپ ھېسابلايدۇ. بولۇپمۇ 1918 - يىلى مەھەممەد ئەلى خاننىڭ ئەنگلىيىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، كۇچاردا خانىقاغا يىغىلغان ئادەملەردىن پايدىلىنىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلارغا خانىقالارنى تاقىۋېتىش خانىقاغا قاراشلىق ئۆيلەرنى، ئىماملىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ تىزىملاپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش، مۇرىتلارغا پايدا - زىيىنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، ئېزىقىپ كەتمەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ ھەم بارلىق ئامما ۋە دىنىي زاتلارنىڭ خۇسۇسلارنىڭ خانىقالىرىغا ياكى ئۆيلەرگە يىغىلىپ دۇئا - تالاۋەت قىلماي، جامائەت مەسچىتلىرىگە بېرىپ دۇئا - تالاۋەت قىلىشىنى؛ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئۆز ئۆيىدە باشقىلارنى يىغماي، پەقەت ئۆزلىرىلا ناماز ئوقۇشىنى؛ ئىشانلارنىڭ باشلىقلىرى نەسىھەتكە كۆنمەي، يوشۇرۇن ئىش قىلىپ بولىدىن چىقسا، قىلچىمۇ يۈز خاتىرە قىلماي، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ بۇيرۇقنىڭ كۆچۈرۈلمىسىنى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتىپ ئەنگە ئالدۇرۇپ، مەركەزنىڭ نامىدىن پايدىلىنىش يولى بىلەن ئىجراسى قىيىن بولغان سىياسىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى. بۇمۇ ئۇنىڭ ئادەتلىنىپ قالغان ئۇسۇلى ئىدى. بۇيرۇق جايلارغا تارقىتىلغاندىن كېيىن، پەقەت قەشقەرلىك خۇسۇسلار ئاچقان خانىقالاردىن قەشقەر كونىشەھەردە ئۈچى، يېڭىشەھەردە بىرى بارلىقىنى، چوڭ خانىقاغا بىر مىڭ 500 چە ئادەم، كىچىك خانىقاغا بىر نەچچە يۈز ئادەم سىغىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ياڭ زېڭشىن دەرھال قەشقەر دوتىيى جۇرۇيچى بىلەن تىتەي مافۇشىڭغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، خانىقالارنى تەقىپ قىلىشنى ۋە قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى قاتتىق جازالاشنى جېكىلىدى.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدىكى ئامباللارنىڭ «دىنىي تولۇق تەكشۈرمىگەن» لىكىدىن ۋە دىنىي ماجىرالار، يېڭىدىن مەسچىت سېلىش ۋەقەلىرىنى ئىشەنچلىك ھالدا بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقىدىن ئۇغىسى قاتتىق قاينىدى. ئۇ دىنىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا چىقارغان ھەر قېتىمقى ئالاقىسىدا مىڭخۇەن دىنىي مەزھىپىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر قايسى مەسچىتلەرنىڭ ئاخۇنلىرىغا دىندارلارنىڭ قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ، مۆمىن بولۇشقا نەسىھەت قىلىش، ئەگەر كىشىلەرنى ئالداپ قايمۇقتۇرىدىغان ۋە جايلارنىڭ ئامانلىقىنى بۇزىدىغانلار چىقىپ قالسا، ئاخۇنلار ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۆتىۋەرلەر ئۇلارنى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۇچۇرۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرەتتى. يەرلىك ئەمەلدارلار قاتتىق قوللۇق قىلسا، ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزى ئۆزگەرتەتتى. بۇ هال ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزىنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى مۇستەهكەملەش ئۈچۈن، يۇقىرى قاتلاملاردىكى مىللىي، دىنىي زاتلارنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلاردىن ئۆزى ئۈچۈن پايدىلانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى هەر قايسى ئەمەلدارلارغا مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئاخۇنلارنى كەمسىتمەسلىك، هاقارەتلىمەسلىك، خىزمەتتىن قالدۇرماسلىق ۋە ئالماشتۇرماسلىق، ئاخۇنلارغا هۆرمەت قىلمايدىغان، قۇرئانغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئىشلارنى چەكلەش لازىملىقىنى تاپىلايتتى. ئىنقىلاپ دولقۇنىنىڭ شىنجاڭغا بولغان تەسىرىنى توسۇش ئۈچۈن، دىندىن پايدىلىنىپ كىشىلەر قەلبىنى تىنچلاندۇرۇش زۆرۈر ئىدى. ئۇ، ئۇيغۇرلار، خۇيزۇلار «دىنغا ئېتىقات قىلمىسا، ئاخۇنلارغا هۆرمەت قىلمىسا هېچنىمىدىن تەپتارتمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداقلارنى هۆكۈمەتنىڭ قانۇنى بويىچە باشقۇرۇپ كەتكىلى بولمايدۇ» دەيتتى. ئەمەلىيەتتە، ياڭ زېڭشىننىڭ بۇ هىيلە-مىكرى ئاز تولا ئۈنۈم بەردى، شۇ چاغدا شىنجاڭدا پەقەت تارباغاتايدىلا بەزى ئىلغار ياشلار يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى تەبرىكلىگەن «4-ماي» هەرىكىتىنىڭ هېچقانداق شەپىسى يوق ئىدى.

ئىسلام دىندىكىلەرنىڭ ئاخۇن قاتارلىق دىنىي ۋەزىپىسىنى بەلگىلەش ۋە ئېلىپ تاشلاش ئىشلىرىدا ياڭ زېڭشىن يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ تەكشۈرۈپ بەلگىلىشىگە قارشى تۇرۇپ، ئادەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنى، خەلقنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدى. ئۇنداق بولمىغاندا، خۇددى شىپاكىيۇلارنى بازارغا سالغاندەك، يايىلار، كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ قاقتى-سوقتى قىلىشىغا ئىشىك ئېچىپ بېرىلگەن بولاتتى، جايلارغا يەنە بىر زىيانداشنى كۆپەيتىپ دىن ئەهلىلىرىنى سەرسان قىلىۋەتكەن بولاتتى، 1915-يىلى پەيزىۋات ناهىيىسىنىڭ ئامبىلى جىياڭ شيەنتاۋ ئاخۇنلارنى تەكشۈرۈپ بەلگىلەش هەققىدە يوليورۇق سورىغاندا، ياڭ زېڭشىن ئۇنى «ئىسلام دىنىنىڭ ئەهۋالىنى بىلمەيدىكەنسىز» دەپ ئەيىبلىگەن. 1917-يىلى يەنە هەر قايسى ناهىيىلەرنىڭ يېزىلىرىدىكى ئاخۇنلارنى يەرلىك ئەمەلدارلار تەيىنلەپ بەرگەن ئەهۋال يۈز بەرگەندە، ياڭ زېڭشىن جايلارغا دەرهال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، هۆكۈمەتنىڭ ئاخۇنلارغا تەكلىپنامە ئەۋەتىشىنى قاتتىق چەكلىدى ۋە ئاخۇنلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئىشىغا ئەمەلدارلارنى ئارىلاشتۇرماسلىقنىڭ تۆت تۈرلۈك سەۋەبىنى كۆرسىتىپ بەردى. 1. ئاخۇنلارنىڭ مۇقەددەس كىتاب بىلىملىرىدىن كىتابخانلىق قىلىشى پۈتۈنلەي دىنغا دائىر ئىش، «بىلىملىك، ئابرۇيلۇق ئاخۇنلار ئەمەلدارلارنىڭ تەيىنلىشى بىلەن ئەمەس، پۇقرالارنىڭ ئىختىيارى تاللىشى بىلەن بەلگىلىنىدىكى تۈزۈك». 2. دىن ئەهلىلىرى يۇرتقا قاراپ، دىنىي

ئىشلار مەزھەپكە قاراپ پەرقلىنىدۇ. ئاخۇنلار ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مەجبۇرى تېگىش-
لىپ قېلىپ، دىن ئەھلىلىرى بىلەن چىقىشالماي قالسا، ئاسانلا دىنىي ۋەقە يۈز
بېرىدۇ. 3. ئاخۇنلار دىنىي ئىشلارنىڭ مۆتىۋەرى بولۇپ، دىنىي كىتابلارنى پىششىق
بىلىدۇ، ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي بىلىملىرى بىلەن دىن ئەھلىلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازا-
ۋەر بولىدۇ. ئەمەلدارلار زۆرۈرىيەتسىز كىشىلەرنى ئاخۇن قىلىپ تەيىنلەپ «مەجبۇرى
ئىش كۆرۈلۈپ قالسا»، ئاسانلا توقۇنۇش يۈز بېرىپ، كىشىلەرنىمۇ قايىل قىلغىلى
بولمايدۇ». 4. پەزىلەتلىك ئادەملەر ئۆزىنىڭ زېھنىنى مۇقەددەس كىتابلارغا سەرپ
قىلىدۇ. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى ياقتۇرمايدۇ، ئا-
خۇنلارنى ھۆكۈمەت تەيىنلەيدىغان ئادەت باشلىنىپلا قالسا، بەزى بىلىمسىز نادانلار
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نەپ ئېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. بىدئەت يوشۇرۇن ئەۋج ئالىدۇ ئەينى
زاماندا ئەمەلدارلار بىلەن ئاخۇنلار ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئوتتۇرىدىن نەپ
ئالىدۇ، ھەتتا «مەزھەپچىلىك نۇقتىئىنەزىرى كۈچىيىپ كېتىپ، ئۇرۇش-جېدەل چى-
قىرىدىغان ئەھۋاللار كۆپىيىدۇ، دىن ماجىراسى بىلەن ئەمەلدارلارغا زىيانكەشلىك
قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ». ئۇ قاتتىق بۇي-
رۇق چۈشۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى قايىل قىلىش ئۈچۈن، دىن
تارقاتقۇچى ئاخۇنلارنى يەرلىك پۇقرالار ئۆزلىرى كۆرسىتىپ، پەزىلەتلىك، بىلىم-
لىك بولغان ياخشى كىشىلەرنى سايلىسۇن، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ تەيىنلەپ بې-
رىشىگە يول قويۇلمىسۇن». يەرلىك ئەمەلدارلار بۇ بەلگىلىمىگە رىئايە قىلمى-
سا، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ قاتتىق جازالىدى. ئىككىنچى يىلى ئاقسۇدا بەزى دىنىي
زاتلار شەھەر يېزىلارىكى مەسچىتلەرگە بېرىپ كىتابخانلىق قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت-
تىن گۇۋانامە تارقىتىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەندە، ياڭ زېڭشىن يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ
مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بۇ مەسىلىنى قايتا مۇھاكىمە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق،
ھەقىقى تۈردە چەكلەنسۇن، بولمىسا، بىر كىشى ھەر قايسى مەسچىتلەرنىڭ ھوقۇقى-
نى ئۆز ئالدىغا ئىگەللىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ دىنىي تەسىرىنى كېڭەيتىۋالىدۇ ۋە ھۆكۈ-
مەتنىڭ باشقا مەسچىتلەرنىڭ ئاخۇنلىرىغا بولغان بېسىمىدىن پايدىلىنىپ ماجىرا تۇغ-
دۇرىدۇ. «دەۋا ئىشلىرىدا پارا يېگەن، يېزا خەلقىنى ئالداپ قاقتى-سوقتى قىلى-
غان ئاخۇنلارنى يەرلىك ئەمەلدارلار ئۆزلىرى تەرتىپكە سېلىشى، قىيىنچىلىقى بار
خەلققە نەپىقە بېرىشى لازىم». ئاخۇنلار ئۈستىدىن ئەرز-شىكايەت چۈشۈپ قالسا،
دەلىل-ئىسپاتلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈش لازىم. پىشقەدەم
ئاخۇنلارنى خالىغانچە يەڭگۈشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە يوليورۇق
چىقىرىپ: «بۇنىڭدىن كېيىن ئاخۇنلارنى ھەر دائىم نازارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېزا
خەلقىگە جاپا سېلىشىغا يول قويماسلىق كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. بۇلار ياڭ زېڭشىننىڭ
سىياسى ئىشلار بىلەن دىنىي ئىشلارنى ئايرىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى

چۈشەندۈرسىمۇ لېكىن ھۆكۈمەت ياراشتۇرۇپ قويۇش دېگەن نام بىلەن دىنىي ئىشـ
لارغا ئارىلاشقانلىقى ئۆزىنى دىنىي زاتلارنىڭ ھەممىسىگە ئارقا تىرەك [illegible]
تونۇتۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ھەر قانداق دىنىي مەزھەپ ياكى شەخسنىڭ پور-
سەتپەرەسلىك قىلىپ ئۆزىنىڭ تەسىرى كۈچىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھا-
كىمىيىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان چوڭ بىر كۈچكە ئايلىنىپ كېتىشىگە يول قويمايتتى.
1923 - يىلى قەشقەرنىڭ چوڭ ئۆلىماسى ئابدۇقادىر داموللا خىرىستىيان دىنىنىڭ
تەسىرىنىڭ ئۆلغىيىپ كېتىشىنى چەكلەش يۈزىسىدىن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە بىر
قانچە قېتىم ئىلتىماس يېزىپ ژورنال چىقىرىشنى ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق جا-
ۋاپ ئالالمايدۇ. ئاخىر قول بىلەن يېزىلغان تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى ھەر قايسى مەسچىت-
لەرگە چاپلايدۇ. كېيىن بۇ ئادەم سەۋەبسىزلا سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بەزىلەرنىڭ
گۇمان قىلىشىچە، يېزىق دەۋاسىنى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئۆزى قوزغاتقانلىقى مەلۇم.
يالڭ زېڭشىن ئەمەلدارلارنىڭ ئاخۇنلارنى بازارغا سېلىش ئىشىنى ئىزچىل
تۇردە تۇتۇپ كەلدى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئەمەلدارلارنىڭ ئاخۇنلار بىلەن
ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، جايلارنى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قالايمىقان-
لاشتۇرۇۋېتىشىنى قەتئىي توستى. ئۇ جايلاردىكى كاتتا بايلارنىڭ ئاخۇنلارنى قالاي-
مىقان سايلاش ئىشىغا قاتنىشىشىنىمۇ رەت قىلدى. 1925 - يىلى ئاتۇش مەسچىتى
(قەشقەر چوڭ مەسچىتى) نىڭ ئاخۇنى تۇردىشا ھاجىنىڭ ئۈچ يىللىق ۋەزىپە ئۆ-
تەش مۇددىتى توشقاندا، باشقا بىر ھوقۇقدار ئاخۇن سايلاش ئۈچۈن ئىلىدىكى ھۇ-
سەيىن باي بىلەن ياقۇپ باي ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى، يالڭ زېڭشىن
مۇنداق كۆرسەتتى: بۇ ئىككىيلەننىڭ سەۋەبى ئۆز جەمەتىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆز-
لىگەن. قەشقەر مەسچىتىنى باۋدۇن (ھۇسەيىن باينىڭ ئىنىسى) ئۆز نامى بىلەن
سالدۇرغان بولسىمۇ، ئامىنىڭ بۇنىڭغا تۆلىگەن ئىئانىسى ئاز ئەمەس. ھۇسەيىن
باي كونا قائىدە - يوسۇنغا خىلاپلىق قىلغان، ئۇنىڭ دەۋاسى ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ئە-
مەس، ياقۇپبايمۇ يېڭىدىن يەنە بىر مەسچىت سېلىشنى تەلەپ قىلىپ، چاتاق تاپ-
ماقچى بولىۋاتىدۇ. يالڭ زېڭشىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىققەت قىلىشقا تېگىش-
لىك مۇنۇ تۆت ئىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: 1. مەسچىت ئايرىمىسى «دىن بويىچە
بولىدۇ»، «مەزھەپلەر ئاخۇنلار بويىچە ئەمەس. بايلار بويىچە ئايرىلىدىغان مۇشۇن-
داق ئىشنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان». 2. بايلار ئۆزىنىڭ بايلىقىغا تايىنىپ ئاخۇن-
لارنى چاقىرىشقا كىرگۈزۈۋالىدىغان ۋە مەسچىتلەرنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسى مەنپەئەتى
ئۈچۈن گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرىدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرۇۋالىدىغان ئىشلار دىنىنىڭ تۈپ
مەقسىتىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. كىشىلەر كۆڭلىنىڭ مايىللىقىغىمۇ، زامانغىمۇ ئۇيغۇن
كەلمەيدۇ. كۆپچىلىك بۇنداق ئىشلارنى ئەۋج ئالدۇرماسلىقى لازىم. 3. مەسچىتلەرنى
بۆلۈۋېلىش شامىلى داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، «مەسچىتلەر كۆپىيىپ، كېتىپ خەلقنىڭ سې-



www.uyghurkitap.com

لىقى ئېغىرلىشىدۇ، جايلارغا ئاۋارىگەرچىلىك بولىدۇ». 4. يېقىندىن مەسچىت سېلىنسا، دىن ئەھلىلىرى ئۈچۈن قۇلايلىق بولىدۇ، شۇنداقلا مەككارلارنىڭ جاڭجال چىقىرىشى ئۈچۈنمۇ قۇلايلىق يارىتىلىدۇ. شۇڭا ئۇ مۇنداق دەپ بەلگىلىمە چىقاردى: ئاخۇنلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى ئۇزارتىشقىمۇ، قىسقارتىشقىمۇ بولىدۇ، لېكىن بۇ ئادىل، ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇشى لازىم؛ ئاخۇنلارنى نۆۋەت بىلەن ئالماشتۇرۇش ئىشىنى بۇرۇنقى قائىدە-يوسۇنلار بويىچە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، «ئەگەر ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىتائەت قىلمىغۇچىلار بولسا، ھەرگىز يۈز-خاتىرە قىلماي، قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش لازىم.»

ھەج قىلىش ئىسلام دىنىدىكى «بەش پەرىز» نىڭ بىرى بولۇپ، مۇسۇلمانلار بارلىق مال-بىساتىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا قارىماي، مەككىگە بېرىپ، كەئبىنى تاۋاپ قىلىدۇ. شىنجاڭدىنمۇ ھەر يىلى نەچچە 10 مىڭلىغان ئادەم تاغ ئېشىپ، سۇ كېچىپ، ھەج قىلىشقا بارىدۇ. ياڭ زېڭشىن ھەج قىلىشقا بارغۇچىلارغا چەت ئەلگە چىقىش پاسپورتى تارقىتىپ بەردى، 1917-يىلى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، تۈركىيە جۇڭگونى دۈشمەن دۆلەت قاتارىدا كۆردى. ياڭ زېڭشىن چەت ئەلگە چىقىپ ھەج قىلىش پاسپورتى تارقىتىشنى توختىتىپ، «ياۋروپا ئۇرۇشى توختىغاندىن كېيىن، خەلقنىڭ ئارزۇسى بويىچە يەنە ئاۋالقىدەك تارقىتىپ بېرىش» توغرىسىدا دەرھال يولیورۇق سورايدۇ. ھەجگە بېرىپ ئۇرۇش سەۋەبى بىلەن مەككىدە تۇرۇپ قالغان جۇڭگولۇقلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ. 1927-يىلى ئۇ «دىننى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئوقۇش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش» نى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ۋىلايەتلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ مۇنداق بەلگىلىمە چىقىرىدۇ: ھەجگە بارغۇچىلاردىن ھەر بىر پاسپورت ئۈچۈن ماركا بېجى ئالغاندىن تاشقىرى، يەنە 600 سەر كۈمۈش (قەشقەر پۇلى) ئىئانە ئېلىپ، پاسپورت ئالغۇچىنىڭ ئەسلى يۇرتىدىكى مەسچىت بىلەن مەكتەپنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ، بۇ پۇلدىن ھۆكۈمەت بىر پۇڭمۇ ئالمايدۇ. پاسپورت تارقىتىش ئىشىنى دىپلوماتىيە ئورگانلىرى بېجىرىدۇ ۋە ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزىگە مەلۇم قىلىدۇ. ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا پاسپورت تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ. «ئەگەر ئۆز مەيلىچە تارقاتقان ئەھۋال كۆرۈلۈپ قالسا، دەرھال ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ». ياڭ زېڭشىننىڭ بۇ تەدبىرى ئۇنىڭ ئۆزى ئېيتقاندەك، جايلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتقانلىق بولسىمۇ، لېكىن بايلىقنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنى چەكلەش خاراكتېرىگىمۇ ئىگە بولغان ئالاھىدە سىياسەتتۇر.

### 3. چەت ئەللەرنىڭ شىنجاڭنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇش

شىنجاڭ ئەزەلدىن جاھانگىرلارنىڭ مەملىكىتىمىزگە تاجاۋۇز قىلىشتىكى مۇھىم

رايونى بولۇپ كەلدى. 1914 - يىلى ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ ماھىر بولۇپ كەتكەن ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھىيلە - مىكىرىسىگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى پەيدىن - پەي مۇستەھكەملەپ باردى. بۇ چاغلاردا، جاھانگىرلار دۇنيا ئۇرۇشى بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭغا بولغان تاجاۋۇزچىلىق قارا نىيىتىدىن يانمىغان ئىدى. كاساپا تونىغا ئورىلىۋالغان بىر قىسىم دىن تارقاتقۇچىلار ئەمەلىيەتتە جاھانگىرلارنىڭ سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك، تاجاۋۇزچىلىق قىلىشتىكى ئالاھىدە ھەرىكەت دۈيى ئىدى. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى ۋە دىنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسلىدە چەتكە قېقىش خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكى تۈپەيلىدىن، بۇ «روھانى كالتەكچىلەر» شىنجاڭدا ئاخبارات ئوغۇرلىغاندىن باشقا، مۇرىتلىرىنىڭ يوق دېيەرلىك ھالدا ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدى. جاھانگىرلار خرىستىيان ۋە كاتولىك دىنلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئۆزى ئۈچۈن تاجاۋۇزچىلىق يولى ئېچىپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ نەيرىڭىنى ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭدا چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە ئىسلام دىنى ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ياردىمى بىلەن، پان ئىسلامىزم ۋە پان تۈركىزمنى تەشۋىق قىلىپ، ئىدىيىدە بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىشقا ئۇرۇندى. بۇنداق قەبىھ ھەرىكەت ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا نىسبەتەن ئىنتايىن خەتەرلىك سىگنال ئىدى، بۇ ھال ياڭ زېڭشىننى ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنىپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى.

1915 - يىلىنىڭ بېشىدا، تۈركىيىلىك مۇھەممەد دورىگەرلىك ۋە تىۋىپلىق نامى بىلەن ئىلى ئارقىلىق چېگرىغا كىرىپ، گۇچۇڭ، مورى قاتارلىق جايلارغىچە ئۇسۇپ كىرىدۇ. ياڭ زېڭشىن بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئىنتايىن غەزەپلىنىدۇ ۋە گۇچۇڭ، قۇمۇل ناھىيىلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مۇھەممەدنى تۇتۇپ ئۈرۈمچىگە كەلتۈرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ كەلگەن يولى بىلەن چېگرىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. چۈنكى تۈركىيە سۇلتانى ئىسلام خەلىپىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى، ژون تۈركلەر پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابى ھاكىمىيەتنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنى تۈركىيىنىڭ دۆلەت دىنلىق ئورنىدىن قالدۇردى. بىر تۈركۈم سىياسەتۋازلار مەخپىي ھالدا ئىسلام دۆلىتى تەشكىل قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. «شىنجاڭ زېمىنىدا، ئاھالىلەر ئېرقى جەھەتتىن تۈركلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئېتىقاد جەھەتتىن كۆپچىلىكىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان؛ شۇڭا شىنجاڭ بولۇپمۇ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى تۈركلەرنىڭ پائالىيەت مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار ناھايىتى ئاسانلا شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشەلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دائىم دېگۈدەك خەلقئارا جاھانگىرلار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تۇرغاچقا، شىنجاڭنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ئىقتىدارىمۇ ناھايىتى چوڭ ئىدى.⑫ ياڭ زېڭشىن بۇنداق خەلقئارا سىياسى ئارقا

كۆرۈنۈشنى نەزەرگە ئېلىپ، پاسپورتى بولمىغان زور گۇمانلىق تۈركلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدىدى، بۇنىڭدىمۇ خەلقئارا ئومۇمى قانۇن بويىچە ئىش قىلدى. «دەستەك بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ياتلارغا قىلچىمۇ خارلانماسلىقنى قاتتىق جېكىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ شىنجاڭدا نورمال سودا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تۈركلەرنى قوغداش توغرىسىدا جايلارغا ئۇختۇرۇش چىقاردى. بۇ ھال ياڭ زېڭشىننىڭ دىپلوماتىيىلىك كاللىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قارشى تۇرغىنى دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان بىر تۈركۈم جاسۇسلار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بىرىنچى، دۇنيا ئۇرۇشىدا، تۈركىيە ئۈچ دۆلەت ئىتتىپاقىغا قاتناشتى، 1917- يىلى جۇڭگومۇ ئانتانتا دۆلەتلىرىگە قاتناشتى. بۇ چاغدا ياڭ زېڭشىن سىياسىتىنى دەرھال ئۆزگەرتىپ، تۈركلەرنى ئومۇمى يۈزلۈك نازارەت قىلىشنى بۇيرىدى. پىلەيتىپ گېرمانىيىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، شىنجاڭغا كېلىپ ساياھەت ئېلىپ بېرىشتا ئالاقە يوللىغاندا، ياڭ زېڭشىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يوللىدى ۋە ئالاقىنى قايتۇرۋېتىپ، پىلەيتىپنىڭ قۇتراتقۇلۇق بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىدىن ساقلىنىپ قالدى. 1918- يىلى تۈركىيىلىك ھاجى ئەپەندى قەشقەرگە سوقۇنۇپ كىرىۋالدۇ ۋە يېڭىسار، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچار، تۇرپان، پىچان، قومۇل، باركۆل قاتارلىق جايلارغا باردۇ. ئۇ يەنە دىن تارقىتىپ كىتابخانىلىق قىلىش نىيىتىدە گەنسۇنىڭ شۇنخۇا ناھىيىسىگىمۇ بارماقچى بولغاندا، باركۆل ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلۈپ، يۇقىرىغا مەلۇم قىلىنىدۇ. ياڭ زېڭشىن ھاجى ئېلىنىڭ دىنىي بايراق كۆتۈرىۋالغان جاسۇس ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ ئۇنى قاماپ قويىدۇ ھەم ھاجى ئېلى بارغان ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ بىخەستەلىك، قابىلىيەتسىزلىك قىلغانلىقىنى قاتتىق ئەيىپلەيدۇ. ياڭ زېڭشىن دىپلوماتىيە مەسىلىلىرىنى، جۈملىدىن دىنىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا مەركەز بىلەن بىرلىكنى ساقلاپ كەلدى.

شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ياڭ زېڭشىننىڭ مىللىي، دىنىي مەسىلىلەرگە قارىتا ئىنتايىن سەزگۈر بولۇشىنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ قايمۇقتۇرۇش بۇزغۇنچىلىقىنى توسۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا مۇستەقىل كۆز قارىشى بار ئىدى. 1923- يىلى 3- ئايدا، ساۋكۈن گوۋۇيۈەن نامىدىن ياڭ زېڭشىنغا تېلېگرام بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر تۈركىيىلىك دىن تارقاتقۇچى يوخان شەھەر شىنجاڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، بۈيۈك ئىتتىپاقداش دۆلەت قۇرۇش، نىيىتىدىن ياندۇرۇش توغرىسىدا مۇسۇلمانلارغا يوليورۇق كۆرسەتمەكچى ئىكەن، مۇھاپىزەت قىلىشىڭىزنى، ھەم ئۇنىڭ تەشۋىق ئېلىپ بېرىش، گېزىتلەردىن پايدىلىنىش توغرىسىدىكى ئۆتۈنۈشلىرى بولسا، تېزدىن ھەمكارلىشىپ بېجىرىپ بېرىشىڭىزنى سورايمەن». ياڭ زېڭشىن يوخان شەھەرنى كۈتۈۋېلىش ئىشىنى

www.uyghurkitap.com

رەت قىلىپلا قالماي، ساۋكۆن ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇ، يوخان شەمەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى بويۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈش، قايمۇقتۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تىنچلىقى ۋە ئامانلىقىغا پايدىسىز، دەپ ھېسابلىدى. ھەمدە يوشۇرۇن ئاپەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يوخان شەمەرنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى سىلىقلىق بىلەن رەت قىلىپ تەكلىپ بەردى. ئۇ مەۋقەسىنى روشەن قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا «شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلار، مۆتىۋەرلەر بىۋاستە يولىيورۇق كۆرسىتىدۇ ۋە جاۋاپكارلىقنى پۈتۈنلەي ئۈستىگە ئالىدۇ»، بۇ ئىشقا چەت ئەللىكلەرنىڭ ئارىلىشىشى ھاجەتسىز.

ياڭ زېڭشىننىڭ بۇ تەدبىرى قارغۇلارچە يەكلىمىچىلىك قىلغانلىق ئەمەس، ئاتالمىش مۇسۇلمانلارنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقداش دۆلىتى دېگەن سۆز ھازىرقى پان تۈركىزم، ئوسمانىزم، دېگەن نېمىدىن ئىبارەت. ئۇ XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تۈرك پومېشچىك — بۇرژۇئازلار گۇرۇھى ئوتتۇرىغا چىقارغان مىللىي شوۋىنىزمدىن ئىبارەت بولۇپ، تۈركىيە دۇنيادىكى تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى كېرەك دېگەن نېمىنى تەرغىپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ شوئارى: ئېسىمدە قالماپتۇ بۇ شېئىرنىڭ ئەسلى تېكىستى مۇشۇنداقراق ئىدى:

ۋەتەن نە تۈركىيەدۇر، نە تۈركىستان،
ۋەتەندۇر بىزگە شۇ بۈيۈك تۇران.

ئاپتورى زىياگوك ئالىپ

ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارتىپ تۈركىيەگىچە بولغان كەڭ رايوننىڭ نومۇمى ئاتىلىشىدۇر دېگەندىن ئىبارەت.[13] بۈيۈك ئىسلامىزم ھازىرقى پان ئىسلامىزم بولۇپ، ئۇ XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بۇرژۇئازىيە پەيدا قىلغان ئەكسىيەتچىل دىنچىلىكتۇر، «ئۇنىڭ مەقسىتى تۈركىيە سۇلتانى ۋە دىنىي رەھبىرىي خەلىپەنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق دۆلەت ۋە خەلقنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلامى بۈيۈك تۈرك دۆلىتى قۇرۇشتۇر».[14] ئۇلار قوشكېزەك باللار بولۇپ، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە جاھانگىرلارنىڭ مۇستەملىكە قورالى بولدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە فاشىزمنىڭ تۈركىيەدىكى ئۆزگەرگەن تۈرى بولدى. جاھانگىرلار ئىسلام رايونلىرىغا تاجاۋۇز قىلىشتا، پان تۈركىزمدىن قورال سۈپىتىدە پايدىلاندى. كونىلىقنى ياقلىغۇچى سىياسىئون ياڭ زېڭشىن دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان چوڭ ۋەقەلەرنى تەھلىل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، بۇنداق ئەكسىيەتچىل پىكىر ئېقىمىنىڭ شىنجاڭغا بولغان يوشۇرۇن خەۋپىنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆردى ھەمدە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئالدىنئالا تەدبىر قوللىنىلدى. بۇ، ئۇنىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا

ياراتقان بىر تارىخىي تۆھپىسىدۇر.

1923-يىلى 12-ئايدا، ياڭ زېڭشىن «ھۆكۈمەتنىڭ بۈيۈك ئىسلامىزم مەسىلىسى توغرىسىدىكى تېلېگراممىسىغا جاۋاپ تېلېگرامما» دېگەن ھۆججىتىدە ھازىر «بۈيۈك ئىسلامىزم مەسىلىسىنىڭ يۈز بېرىشىدە باشقىچە غەرەز بار، ئۇنىڭ مەقسىتى شىنجاڭغا كۆڭۈل بۆلۈش ئەمەس، ئۇ شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ، ئەھۋالدىن قارىغاندا، يوشۇرۇنچە قورال-ياراق توشۇپ، شىنجاڭدا ۋەقە تۇغدۇرىدىغاندەك تۇرىدۇ،» دەپ كۆرسەتتى. ئەمەلىيەتتە، پان ئىسلامىزم ھەر خىل يوللار بىلەن شىنجاڭغا سىڭىپ بولدى ۋە كېڭىيىشكە قاراپ يۈزلىنىپ، ئاز ساندىكى ۋەتەن خائىنلىرىنى قۇتۇرۇتۇش ئارقىلىق بۇ ئەكسىيەتچى مالنى ھەممە يەردە بازارغا سېلىشقا كىرىشكەن ئىدى. ياڭ زېڭشىن بۇ ئەكسىيەتچىل دىنىي پىكىر ئېقىمى ئالدىدا ھېچنېمە قىلالمىغان قابىلىيەتسىز ئەمەلدارلارغا ئىنتايىن ئېچىنغان ۋە غەزەپلەنگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ: شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئىچىدە ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولغانلىرىدىن يۈزنىڭ ئىچىدىن بىرى تېپىلمايدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلىقىدىن پايدىلىنىپ ئائىلىسىنى بېقىپ، ئۆزىنى سەمرىتىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ، زېمىنىمىزنىڭ مۇنقەرز بولۇشى خەلق تۇرمۇشىنىڭ يامانلىشىشى بىلەن نىمۇ چاتىقى يوق. ئەمەلدارلار ئىچىدە ياخشىلىرى ئاز، بۇزۇقلىرى كۆپ، تۇرمۇشتا تەرتىپلىكلىرى ئاز، قالايمىقانلىرى كۆپ، ئۇ شۇنداق تونۇشقا كەلگەنكى، ئەنگلىيەنىڭ شىزاڭدا، روسىيەنىڭ تاشقى موڭغۇلدا مەقسىتىگە يېتەلىشى تاشقى ئاپەتنىڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىقنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر، بۈيۈك ئىسلامىزم شامىلىنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش ئۈچۈن، مىلتىق، زەمبىرەككە تايانغىلى بولمايدۇ، شىنجاڭدا پەقەت جۇمھۇرىيەتنى يولغا قويۇپ، سىياسىنى ئىسلاھ قىلىپ، پارىخور، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى قاتتىق جازالاپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتىش، ئۇلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قۇتقۇزۇش چارىسىنى قوللىنىش لازىم. دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ياڭ زېڭشىننىڭ چەت ئەللەرنىڭ ئەكسىيەتچى دىنىي كۈچلەردىن پايدىلىنىپ قوراللىق ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا ئەستايىدىل تاقابىل تۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. تېخىمۇ قەدىرلىك بولغىنى شۇ بولدىكى، فېئودال سىياسىئون ھېسابلانغان ياڭ زېڭشىن تارىخ ئېقىمىنىڭ سىناقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، دەۋرنىڭ قەدىمىگە ئەگىشىپ مېڭىپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى قۇۋۋەتلىدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي ھوقۇق-مەنپەئىتىگە ئەھمىيەت بەردى، شۇنىڭ بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەپ، زېمىنىمىزنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قوغدىغان ۋەتەنپەرۋەر بولدى.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنى ئىدارە قىلغان 17 يىل جەريانىدا، ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، تاكتىكا نەيرەڭۋازلىق قىلدى. مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن،

شىنجاڭغا بېرىلىدىغان ياردەم مۇئاش ئۈزۈلۈپ قالدى، مالىيەدە پۇل قالمىدى، مۇئاش ۋە ئوزۇق - تۈلۈكى بولمىسىمۇ يېتەرلىك ئارمىيە تەربىيىلەپ، چېگرا رايونلارنى قوغداپ قېلىپ، ۋەزىيەتنى ئۇتتۇپ تۇرۇش پۈتۈنلەي ئۇنىڭ هۆكۈمرانلىق هۆنىرىگە باغلىق بولۇپ قالدى. خەلقنىڭ ئىدىيىسىگە هۆكۈمرانلىق قىلىشتا ئۇنى ئەڭ ماهىر ئۇستا دېيىشكە بولىدۇ. ئادەتتە، ياڭ زېڭشىن زامانىدا مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى ئىنتايىن خاراپلاشقان ئىدى دېيىلىدۇ. لېكىن ئۇ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىدا، ھەم دىنىي ھېسسىياتقا تەگمىدى، ھەم چەت ئەللىكنىڭ چاقچىلىنى ئېغىزىمۇ قەتئىي تۇردە توسۇپ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل، ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسىتىگە ئەمەل قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداپ قالدى.

1915 - يىلى، ئاستىن، ئاتۇشنىڭ 3،2 يېرىدە مەكتەپ ئېچىلىپ، تۈركىيەلىك پان تۈركىست ئەخمەت كامال ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغان، بۇنىڭغا بىر يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، يەرلىك ئەمەلدارلار ھېچنىمىنى سەزمىگەن، ئەكسىچە روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بىلىپ قېلىپ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە بىۋاستە تېلېگرام يوللاپ خەۋەر يەتكۈزگەن. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ياڭ زېڭشىن بۇنى غۇرۇرىمىزغا زىيان يەتكۈزىدىغان نومۇس ئىش دەپ قاراپ، دەرھال مۇنداق ئىزاھلايدۇ: دىنىي مەكتەپتە بۇرۇندىن تارتىپ ئاخۇنلار دەرس بېرىپ دىن ئەھلىلىرىنىڭ ھۆرمەت - ئىشەنچىسىگە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە ۋە بۇ مەكتەپلەر بىر تەرەپ رەھبەرلىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلماقتا. شەخسلەرنىڭ چەت ئەللىكنى مۇدەررىسلىككە تەكلىپ قىلىشى ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقاتقانلىق بولىدۇ. ۋاھالەنكى، مەكتەپلەرگە چەت ئەللىكنى دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىشنى دۆلەت بەلگىلىگەن، شۇڭا يەرلىك ئەمەلدارلار تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇشى لازىم. خەلق ئارىسىدا خۇسۇسىي نام بىلەن تەكلىپ قىلىش يولدىن چىقىپ، قائىدىگە خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ، تۈركىيە ئۇرۇشىۋاتقان دۆلەت بولغاچقا، دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا تېخىمۇ توسقۇنلۇق قىلىدۇ. توسۇپ مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، ئۇ قول ئاستىدىكى ھەر قايسى جايلارغا ۋە شۇ جايلاردىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ ئاممىسىغا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، مۇنداق ۋەدە قىلدى: «قۇرئان قاتارلىق مۇقەددەس كىتابلارنى پىششىق بىلىدىغان جوڭگولۇقتىن ئاخۇنلۇققا تەكلىپ قىلىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن يامان ئىللەتلەرنىڭ يامراپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تۈركىيەلىك مۇدەررىسلەرنى تەكلىپ قىلىشقا مەڭگۈ يول قويۇلمايدۇ». ياڭ زېڭشىن بۇ ھۆججىتى بىلەن ئۆزىنىڭ سىياسىي جەھەتتە چاكىنا ئادەم ئەمەس، بەلكى پان تۈركىزمنىڭ زىيىنىنى بىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى مەركەزگە بىلدۈردى. ياڭ زېڭشىن يەنە تۆۋەنگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: «ئىچكى ئىشلار جەھەتتىن ئالغاندا، مەكتەپ ئىنتايىن مۇھىم، مەيلى ھۆكۈمەت ئاچقان مەكتەپ بولسۇن، ياكى جامائەت، شەخس ئاچقان

مەكتەپ بولسۇن، ھەممىسىگە نازارەتچى قويۇش كېرەك ۋە ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئو-
قۇتۇش ئۇسۇللىرىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك. ئوقۇتقۇچىلارنى باشقۇرىدى-
غان خادىمغا بىپەرۋا كىشىلەرنى قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئۇنىڭ ئاپە-
تىنى توسۇش مۇمكىن ئەمەس. تاشقى ئىشلار جەھەتتىن ئالغاندا، جۇڭگوغا سايا-
ھەتكە كەلگەن چەت ئەللىكلەرگە بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم،
يەرلىك ئەمەلدارلار ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە كۆزىتىپ تۇرۇشى، كۆ-
تۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش لازىم. ياۋروپا ئۇرۇشى يۈز بەرگەن-
دە، تۈركىيە ئۇرۇشقا قاتناشتى، ئۇرۇش قىلىۋاتقان دۆلەت كىشىلىرىنىڭ شاياھەت
قىلىش ئىشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئازىراقلا بىخەستەلىك قى-
لىنسا، ئاستىرتتىن ئىزدىتۇرۇپ، جايلارغا زىيان يەتكۈزۈشتىن ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن
خەلقئارا سۆھبەتكە سەۋەب بولۇشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.» ياڭ زېڭشىن باشقىلارغا
ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان قەشقەر كونىشەھەر
ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى شياۋ جيەنچاڭنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ چارە كۆردى.
ئۇنىڭدىن باشقا، ئەخمەتنى خۇسۇسى نامىدىن تەكلىپ قىلغان باۋدۇن شاڭيۇ قاتار-
لىق كىشىلەرگىمۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا چارە كۆردى. ئەخمەت كامال ئۈرۈمچى تۈر-
مىسىگە قامىلىپ 1915- يىلى چېگرىدىن چىقىرىلىپ دۆلىتىگە قايتۇرۇلدى.

ياڭ زېڭشىن بۇ بوران - چاپقۇننى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، پان تۈركىست-
لارنىڭ شىنجاڭنىڭ مەكتەپ - مائارىپ ئىشلىرىغا قول تىقىشىغا نىسبەتەن تېخىمۇ
قاتتىق پوزىتسىيە قوللاندى. 1915- يىلى كۇچار مۇسۇلمان سودىگەر جەمئىيىتىنىڭ
تەكلىپى بويىچە تاتار نۇشىرۋان دېگەن كىشى كۇچارغا مەخپىي كېلىپ مەكتەپ ئاچ-
قاندا، بۇ مەكتەپ شۇ چاغدىلا تاقىۋېتىلدى. ئىككىنچى يىلى يەركەن ناھىيىسىنىڭ
ئامبىلى ليۇ رېندەن: «يەركەن كەسپە شىركىتىنىڭ ئىنژېنېرى ياقۇپ تۈركىيىلىك
بولۇپ، كەسىپ مەكتىپى ئاچقان، دىنىي مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن دىققەت - ئېتىبارى-
مىزنى قوزغىماي قالمىدى» دەپ مەلۇم قىلغان. ياڭ زېڭشىن دەرھال جاۋاپ قاي-
تۇرۇپ: «مائارىپ ئىشى ئىچكى ئىشىمىز بولۇپ، ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ،
ھەر قايسى كۈچلۈك دۆلەتلەرمۇ مائارىپ ھوقۇقىنىڭ چەت ئەللىكنىڭ قولىدا بولۇ-
شىغا يول قويمايدۇ، دەرھال تاقالسۇن» دەيدۇ. ياڭ زېڭشىن ھەر دەرىجىلىك ئەمەل-
دارلارنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاش ئۈچۈن، 1918- يىلى
7- ئايدا، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭدا تۈركىيىلىك مۇدەررىسلەرنى
تەكلىپ قىلىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقى تارقىتىلدى ۋە ھەر قايسى
ناھىيىلەرگە: تۈركىيىلىك مۇدەررىسلەرنىڭ دىنىي كىتابلىرى ئارىسىدا «جايلارنىڭ
ئامانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىرى بولسا، ئاز بولۇشىغا قارىماي، دەرھال قات-
تىق تەكشۈرۈپ تەقىپ قىلىنسۇن» دەپ كۆرسەتتى ھەمدە ناھىيىلەرگە كۆرسەتمى-

لەرنى قۇرۇق رەسمىيەت دەپ قاراپ قالماسلىقنى جىكىلىدى.
ياڭ زېڭشىن دۆلەت زىمىنىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق جەھەتتىكى پۈتۈنلۈكىنى
قوغداش ئۈچۈن، پان ئىسلامىزم، پان تۈركىزم بىلەن ئۇزاق كۆرەش قىلىشقا مەج-
بۇر بولدى. لېكىن بەزى ئەكسىيەتچى مىللىي دىنىي كاتتىۋاشلار ئەكسىچە دىنىي
تۇمان بىلەن كۆزنى تورلىۋېلىپ، دۆلەت، مىللەتنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىگە ئېتىبار
قىلماي، ئۆز بېشىمچىلىق قىلدى. 1919-يىلى ئابدۇرەھىم تۈركىيىلىك ئەخمەت
كامالنى ئوغۇرلۇقچە ئاتۇشقا ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلدى ۋە مۇئەللىملەر مەكتە-
پى ئاچتى، بىر قانچە ئايدىن كېيىن، ئەخمەت قاتارلىقلار قولغا ئېلىندى ۋە ئىك-
كى يىلدىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. مەكتەپ تارقىتىۋېتىلدى. 1920-يىلى تۇرپانلىق
ئاخۇن مۇسۇل خەسەن دېگەن تاتارنى تەكلىپ قىلىپ مەخپىي ھالدا مەكتەپ ئاچ-
قان، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ مەكتەپمۇ تاقىۋېتىلگەن. شىنجاڭدىكى مەشھۇر پان تۈركىست
مەسئۇد تۈركىيىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا «تۈرك ئوچىقى» دېگەنگە ئوخشاش ئەكسى-
يەتچى تەشكىلاتلارغا قاتناشقان، 1919-يىلى ئۇ ئەلىگە قايتقاندىن كېيىن، مەك-
تەپ ئاچقان ھەم خەلق، ئەپەندىنى جەلىپ قىلىپ پان تۈركىزمنى ھە دەپ تەش-
ۋىق قىلغان. ئۇلار: «بىزنىڭ ئەجدادىمىز تۈرك ۋە تۈركىيىلىك» دېگەن نېمىنى
ئۆزلىرىنىڭ شۇئارى قىلغان. ياڭ زېڭشىن بۇنىڭغىمۇ قامال قىلىش سىياسىتىنى
قوللاندى. بەزىلەر ياڭ زېڭشىننىڭ يۇقىرىدىكى سىياسىتى مائارىپ ئىشلىرىنى خانى-
ۋەيران قىلىپ يېڭى بىلىمنىڭ تارقىلىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى دېيىشتى، ئەمەلى-
يەتتە، ياڭ زېڭشىننىڭ قامال قىلغىنى كۆپىنچە، ئوقۇغۇچىلارغا پان تۈركىزم ۋە ئىس-
لامىزمنى سىڭدۈرىدىغان ئەكسىيەتچى مەكتەپ ئىدى. قانۇنغا رىئايە قىلغان ھەم
سۇيىقەستلىك ھەرىكىتى بولمىغان تېخنىك خادىملارنى بولسا ئۇ يەنىلا ئىشقا سالدى.
مەسىلەن، ئىلى كۆن-خورۇم شىركىتى گېرمانىيىلىك تېخنىك گېبىرلىن قاتارلىقلارنى
تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكەن ئىدى، ئۇلارنىڭ سىياسىي-سۇيىقەستى بارلىقى سېزىلمىگەن،
زاۋۇتمۇ ئۇلارغا ئېھتىياج ئىدى، جۇڭگو-گېرمانىيەنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى ئۈ-
زۈلگەن بولسىمۇ، ياڭ زېڭشىن يەنە بۇنى ئالاھىدە ئەھۋال قاتارىدا بىر تەرەپ
قىلىپ، ئۇلارنىڭ جۇڭگودا داۋاملىق ئىشلىشىگە يول قويدى.

گېرمانىيە، ئىسلام تۈركىيىسىنىڭ خەلقئارا تەسىرى ۋە ئەنگلىيە بىلەن روسى-
يىنىڭ شىنجاڭدىكى زومىگەرلىك تالىشىشىدىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇندى، تۈركىيىمۇ
گېرمانىيىنىڭ كۈچى ئارقىلىق شەرققە ئەسكەر چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئىسلام دۆ-
لىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش خام خىيالىدا بولدى. شېي بىن 1917-يىلى شىنجاڭنى
كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «ئافغانىستان تۈر-
كىيىگە بېقىنىدۇ، تۈركىيە گېرمانىيىنىڭ كۈچىگە تايىنىدۇ، ئافغانىستانمۇ، تۈركىيىمۇ
مۇسۇلمان دۆلەت. ئۇلار دىنىي جەھەتتىكى كۈچىدىن پايدىلىنىپ، مەملىكىتىمىزدىكى

مۇسۇلمانلارنى ئۆزىگە قاراتماقچى، زېمىنىمىزنى يۇتىۋەتمەكچى. شۇڭا تۈركىيىدىن مۇداپىئە كۆرۈشنى ئەنگلىيىدىن مۇداپىئە كۆرۈش بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇش كېرەك». چاررۇسىيە يىمىرىلىش ئالدىدا تۇرسىمۇ، لېكىن بۇزۇق نىيىتىدىن يانغىنى يوق، ئۇ ئۇزاقتىن بېرى تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئۆزىنىڭ قانات ئاستىدىكى ئىسلام خانلىقى بىلەن جۇڭغارىيە خانلىقىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇش قەستىدە بولۇپ كەلمەكتە، بۇ بىر قاتار سۇيىقەستچىلەر دەت-چەت بولغاندىن كېيىن، ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ ئىشانلار ئۈچۈن خانىقا سېلىشقا كىرىشمەكتە. ئۇنىڭ غەرىزى، ياخشى ئەمەس، ياڭ زېڭشىنمۇ ئۇنىڭغا بوش كەلمەي قامال قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. ئەنگلىيە، ھىندىستان، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ يان تۈركىستلىرى ئارقىلىق سىڭىپ كىرىپ، گېرمانىيە ۋە روسىيە بىلەن تالاش-تارتىش قىلدى. ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى 1918-يىلى مەككىنىڭ باش ۋالىسىنىڭ خىتاپنامىسىنى ھەممە يەرگە تارقاتتى ۋە يالغاندىن بۇ تۈركىيەگە قارشى مۇستەقىل كۈرەش قوزغاشنى مەقسەت قىلىدۇ دەۋالدى. جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيە ئورۇشتا ئىتتىپاقداش دۆلەت بولغاچقا، ئەنگلىيەنىڭ جۇڭگودىكى پائالىيەت دائىرىسى ئەلۋەتتە گېرمانىيەنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ. ياڭ زېڭشىن «مۇستەقىل» دېگەن سۆزنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغان خەۋپنى ئىنتايىن ھوشيارلىق بىلەن سېزىپ، باشقىچە تەدبىر قوللاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەخپىي بۇيرۇقىدا: «بۇ خىتاپنامىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئەنگلىيىلىك كىشىلەر ھەر قايسى ناھىيىلەرگە بېرىپ ئىشقا كىرىشىدىغاندەك تۇرىدۇ، شۇڭا تەۋەلىكىمىزدىكى ئامباللارنىڭ ھەممىسىگە شۇنى مەخپىي ئۇقتۇرىمىزكى، مۇشۇ خىتاپنامىنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچىلار دەرھال ئۇنى مەخپىي تۇتۇپ، ئېلان قىلىۋەتمەسلىكى، ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالماسلىقى لازىم». «خەلق ئىچىگە تارىلىپ كېتىپ قالغان بولسا، بىر ئامال قىلىپ يىغىۋېلىپ كۆيدۈرىۋېتىشى لازىم.» ئەنگلىيەنىڭ بۇ نىقابى ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئېچىپ تاشلانغاندىن كېيىنمۇ، ئەنگلىيە توختاپ قالمىدى.

ئەنگلىيە جەنۇبىي شىنجاڭنى ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسى، جۇڭگو خەلقىنى بېلىق گۆشى دەپ قاراپ كەلدى. ياڭ زېڭشىن ئەنگلىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق نەيرىڭىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، يەنە بىر مەيدان قوساق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇردى. 1918-يىلى 5-ئايدا، ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ پۇختا سىياسى نەيرىڭىگە تايىنىپ، ئەنگلىيىنىڭ قوللىشى ئاستىدىكى مەمتىلىخاننىڭ كوچاردىكى قوزغىلىڭىنى تارمار قىلدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئاچچىقىغا چىدىماي، مەمتىلى خان ئەنگلىيە مۇھاجىرى، شۇڭا ئۇ زېمىن سىرتى ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇپ مۇھاپىزەت قىلىنىشى كېرەك، دېگەن نېمىنى ئويدۇپ، چىقىپ، ھۆتەمەلەرچە دىپلوماتىك شىكايەت قوزغىدى، ئەمەلىيەتتە، مەمتىلى خان (تۇڭجى 1862—1874) يىللىرىدىكى ئى

www.uyghurkitab.com

يانچىلار باشلىقى پاشانىڭ پۈشتى، ئۇنىڭ قېيناتىسى كۈچاردىكى سوپىلارنىڭ ئە-
شانى بولۇپ، ئۇ بىر قىسىم سوپىلار (ئەر مۇرىت سوپى، ئايال مۇرىت بۇۋى دې-
يىلىدۇ) نى قوترىتىپ، ئەنگلىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ باشلىقى نەئىم قاتارلىقلارنىڭ
قورال-ياراق، ئوق-دورا يەتكۈزۈپ بېرىشى، ئەنگلىيە جاسۇسى ھامىدىن باتۇر قا-
تارلىق 8 كىشىنىڭ تەلىم-تەربىيە، مەشىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشى ئارقىسىدا،
بارات ئېپەندىنىڭ تۇنەك كېچىسى قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، ئەجدادى پاشانىڭ شىرىن چۈ-
شىنى يەنە بىر قېتىم كۆرمەكچى بولغان. بۇ پىلانى پاش بولۇپ قالغاچقا، مەمتىلى
خان ئۆزىنىڭ مۇرىتلىرىنى باشلاپ ئالدىن-ئالا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىدۇ
ۋە مەغلۇپ بولۇپ تاققا چېكىنىپ چىقىپ، شۇ يەردە ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. بۇ قوز-
غىلاڭغا قاتناشقان دىن مۆتىۋەرلىرى ۋە باشلامچىلار ياڭ زېڭشىنىڭ بۇيرۇقىغا بى-
نائەن بۇتۇنلەي ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئەنگلىيىنىڭ دىنىي كۈچلەردىن پايدىلىنىپ
تاجاۋۇز قىلماقچى بولغانلىقى ۋە ياڭ زېڭشىنىڭ بۇ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئېلىپ
بارغان كۈرىشىدىن، ياڭ زېڭشىنىڭ كاللىسى سەگەك، چارە-تەدبىرلىرى ئەپچىل
ۋە دانا ئىكەنلىكىنى، ھەرگىز باشقىلارغا تاپىلاپ قويماي، ئۆزى قول سېلىپ ئىش-
لەيدىغانلىقىنى، يوللۇق، پايدىلىق، چەكلىك كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭ
خەلقىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەش تارىخىدا مۇھىم تۆھپە
قوشقانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

× × ×

ياڭ زېڭشىنىڭ دىنىي ئىدىيىسى بىلەن سىياسىتىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ دىنىي
ئېڭى ئانچە يۇقىرى ئەمەس، بەزىدە ئۇنىڭ يازمىلىرىدا مەسخىرە سۆزلىرىمۇ ئۇچراپ
قالىدۇ. لېكىن ئۇ دىندىن ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئۆزى ئۈچۈن پايدىلاندى.
شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە دىنى ئىنقىلاب دولقۇنىغا قارشى تۇرۇشنىڭ مۇھىم قو-
رالى قىلدى، جۇڭگو ئىنقىلابى تەرەققىياتىنىڭ شىنجاڭغا بولغان ئەكس ساداسىدىن
قارىغاندا، بۇنداق پاسسىپ تەسىر ئىنتايىن روشەن بولدى، ئۇ ئۇيغۇرلار ئارىسى-
دىكى دىنىي مەزھەپلەرنىمۇ ئانچە بىلمەيدۇ. لېكىن ئۇ شۇ چاغدىكى ئىچكى-تاش-
قى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ، ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن تۈرلۈك تاكتىكىلارنى
قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي ئېھتىياجىغا ماسلاشتى.

«دۇنيا دىن تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985-يىل 2-سانىدىن
تەرجىمە قىلىندى.

ئىزاھاتلار:

① ياڭ زېڭشىن (1864—1928-يىللار) — تەخەللۇسى زىجۇ، دىڭچېن دەپمۇ ئاتالغان. يۈننەننىڭ
مېڭزى ناھىيىسىدىن، ئۇ 1888-يىلى ئوردا ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ئىككىنچى يىلى ئىلغانچى

(ئىلمىي ئۇنۋان بەش تىللىق لوغەتتىن ئېلىندى) بولغان. گەنسۇدا ئامبال (ھاكىم) دوتەي (ۋالىي) قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1907 - يىلى شىنجاڭغا يۆتكىلىپ كېلىپ ئاقسۇ، ئۈرۈمچىلەردە دوتەي بولغان. شىنخەي ئىنقىلابىي پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ ۋە ئەسكەرلىرىنى كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئىنقىلابىي زاتلارنى قىرغان. 1912 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرى باشلىقى بولغان. ئۇ، ئەينى ۋاقىتتا، شىمالىي مىللىتارىستلار بىلەن باشتىن - ئاخىر بىللە بولۇپ كەلگەن بىردىنبىر يەرلىك چوڭ ئەمەلدار ئىدى. ئۇ 1928 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولدى ۋە شۇ يىلى ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ ئۆمرىدە «تۆۋە - ئىستىخپار خەت - چەكلىرى» قاتارلىق جەمئى 100 جىلد ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ نەچچە ئون جىلدى تېخى نەشىر قىلىنمىغان. بۇ ماقالىدا ياڭ زېڭشىننىڭ ئەسەرلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىللەر كۆپرەك بولغاچقا، ئىزاھلىرى ھەممە يەردە كۆرسىتىلمىدى

② ۋاڭ شۇزېڭ: «تۆۋە - ئىستىخپار خاتىرىسى» گە سۆز بېشى.

③ ۋاڭ شىتۇڭ: «تۆۋە - ئىستىخپار خاتىرىسى» گە سۆز بېشى.

④ سۇيىن ھېيدىن: «ئۇزۇن سەپەر خاتىرىسى» 272 - بەت.

⑤ جىن شۇرېن : «تۆۋە - ئىستىخپار خاتىرىسى» گە سۆز بېشى.

⑥ جىن شۇرېن : «ياڭ بېگەننىڭ تەزىيە نامىسى» 2 - توم 24 - بەت.

⑦ جىن شۇرېن: «ياڭ بېگىنىڭ تەزىيە نامىسى» 1 - توم 3 - بەت.

⑧ بۇرھان شەھىدى «قومۇلدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى»

⑨ خۇاڭ تاۋئېن تۈزگەن «داۋخې ناھىيىسىنى داۋاملىق تەرتىپكە سېلىش تەزكىرىسى» 7 - توم (كۆچۈرۈلمىسى)

⑩ «جۇڭگو - روسىيە مۇناسىۋىتىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار - شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئەسى» 177 - بەت.

⑪ بۇرھان شەھىدى: «ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭ»

⑫ جاڭ جۇنجاڭ تۈزگەن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش توغرىسىدا» 79 - بەت.

⑬ بۇرھان شەھىدى: «پان ئىسلامىزم ۋە پان تۈركىزمنىڭ شىنجاڭدا پەيدا بولۇشى ۋە ھالاكىتى».

⑭ بۇرھان شەھىدى: «پان ئىسلامىزم ۋە پان تۈركىزمنىڭ شىنجاڭدا پەيدا بولۇشى ۋە ھالاكىتى»

قېيۇم قۇربان تەرجىمىسى.

www.uyghurkitap.com

# يەر ناملىرى ھەققىدە بەزى مۇلاھىزىلەر

ئابلىمىت روزى

يەر-جايلارنىڭ ناملىرى ۋە تارىخى-تەزكىرىلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئىزدىنىش، خەلق تارىخى ۋە مىللەت تەتقىقاتى خىزمىتىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۈگۈنگىچە شىنجاڭدىكى يەر-جايلارنىڭ تارىخى ۋە ناملىرى ھەققىدە بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنبەلەردە تەپسىلى مەلۇمات بېرىلمىگەن. شۇڭا مەلۇم بىر جاينىڭ نامى قانداق سەۋەپ، قانداق ئېھتىياجلار تۈپەيلىدىن شۇنداق ئاتالغانلىقى، ئۇنىڭ مەنىسى، مەزمۇنى، قايسى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئاجرىتىشتا خېلى قىيىنچىلىق پەيدا قىلماقتا. ھازىرغىچە شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن شەھەرلەرنىڭ ناملىرى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە-ئىككى خىل تىل، ئىككى خىل مەنىدە ئىشلىتىلمەكتە. بۇ، بىر ئادەمنىڭ ئىككى ئىسمى بولغانغا ئوخشاش. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى قارغىلىق، پوسكام، يەركەن، پەيزىۋات، قەشقەر (كونىشەھەر، يېڭى شەھەر)، ئاقسۇ (كونىشاھەر)، بۈگۈر، قارا شەھەر، لوپنۇر قاتارلىق جايلار خەنزۇ تىلىدا زېپۇ (泽普)، يېچېڭ (叶城)، ساچې (莎车)، جاشى (伽师)، سۇلې (疏勒)، سۇفۇ (疏附)، ۋېنسۇ (温宿) لۇنتەي (轮台) يەنجى (焉耆)، يۈلى (尉犁) دەپ ئاتالماقتا. ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىلىدىكى بۇ ئىسىملارنىڭ ئاتىلىشى ئوخشىمىغاندەك مەنىسىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئەگەر خەنزۇچە ئاتىلىشىنى ئۇيغۇر تىلىغا، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتىلىشىنى خەنزۇ تىلىغا سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلىنسا، ئۇ ھالدا تېخىمۇ ئەمەلى ئەھۋالغا ماس كەلمەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتالغۇلارنىڭ بەزىلىرى خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئىسىملار بولۇپ، يازما مەنبەلەردە تەپسىلى مەلۇمات ئاز. خەنزۇ تىلىدىكى ئاتالغۇلار بولسا، تولاراق مۇندىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنقى «خەن سۇلالىسى تەزكىرىسى» ۋە كېيىنكى «تاڭ»، «سۇي»، «سۇڭ»، «چىڭ» سۇلالىسى دەۋرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن ئاتالغان. بولۇپمۇ «غەربى خەن سۇلالىسى» دەۋرىدە ھەربىلەر، سودىگەرلەر، دىنىي راھىپلار ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ خاتىرىسى بويىچە، شىنجاڭدا «36 دۆلەت بار» دېگەن ئۇقۇم خاندانلىقلار تارىخىغا يېزىلىپ، كېيىنكى زامان-

لارغىچە شۇ ئىسىملاردا يۇرۇتۇلگەن. ئەپسۇسكى، خاندانلىقلار تارىخىدا كۆرسىتىلگەن ئەشۇ جايلارنىڭ نامى (خەنزۇ تەلەپپۇزىدا ئاتىلىشى)، ئائىلە سانى، خەلق سانى، ئەسكەر سانى قاتارلىقلار يېزىلغان بولۇپ (بەزىدە دىنىي ئېتىقادى يېزىلغان بولسىمۇ، خەلقنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى، تىلى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى، قاتارلىقلار ئاساسەن روشەنرەك يېزىلمىغان) زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇ جايلارنىڭ نامى، ئېتنىك تەركىبى ئۆزگىرىپ باشقا نەتىجە، باشقا ھالەتلەر يۈز بەرگەن. ھەتتا ئۇ جايلارنىڭ خېلى بىر قىسمى ئاللاقاچان تارىخ بېتىدىن ئۆچۈپ ئىزىمۇ قالمىغان، بۇ دۇنيا تارىخىدا نۇرغۇن ئەللەر، نۇرغۇن مەملىكەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى تارىخى ھادىسىلەر. خەنزۇ يېزىقى خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. 3000 يىلدىن ئارتۇقراق تارىخ رەسمى يېزىق بىلەن بولۇپمۇ ئىزچىل بىر خىل يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن. يېزىق ئۆزگەرتىش ھادىسىلىرىمۇ يۈز بەرمىگەن، بۇ قەدىمكى زامان تارىخىنى چۈشىنىشتە يوقىرى قىممەتكە ئىگە.

لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، يېزىق بىلەن خاتىرىلەشكە باشلىغان 1400 يىلدىن بويان① ئاز دېگەندە تۆت قېتىم يېزىق ئۆزگەرتىش ھادىسىسى يۈز بەرگەن. شۇنداقلا ئىچكى رايونلارنىڭ شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەن مۇقىملىق ھالىتىنىڭ ئەكسىچە، كۆپ قېتىملىق ئۇرۇشلار. تەبىئىي ئاپەت، كۆچۈش ۋە باشقا ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللار (قەدىمكى ئۇيغۇر خاقانلىقى (745 — 840) دەۋرىدىن بۇرۇنقى ماتېرىياللار) دېگەندەك ساقلانمىغان، ئارخېئولوگىيەلىك ئىزلارمۇ توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن. كۆچمەن - چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇرۇقداش، نەسەپ شەجەرەچىلىك ئەنئەنىسى بىر قەدەر كۈچلۈك بولۇپ، ھەتتا قەبىلە، مىللەت تارىخىمۇ ئاتىدىن - بالىغا، بالىدىن بالىغا مىراس تەرتىۋدە يادلىنىپ كېلىنىدىغان «ئاغزاكى تارىخ» بولۇپ داۋام قىلغان. بۇنىڭغا رەشىدىددىن نىڭ «جامىئۇت تەۋارىخ» كىتابىنىڭ ئاساسىي ماتېرىياللىرى ۋە «موڭغۇللارنىڭ مەخپى تارىخى» قاتارلىقلارنىڭ ئاساسلىرى، شۇنداقلا، قىرغىزلاردىكى «ماناس» موڭغۇللاردىكى «جاڭغىر» قاتارلىق ئېپوسلارنىمۇ دەلىل كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. تارىخنى بۇنداق داۋاملاشتۇرۇش چارۋىچى مىللەتلەردە بىر «ئۇرۇم» (ئادەت) ئەنئەنىسىگە ئايلانغان. بۇنداق تارىخمۇ ئەلۋەتتە ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە.

قەدىمكى ئۇيغۇر خاقانلىقى، قارا خانلار خاندانلىقى، چاغىتاي خانلىقى ۋە سەئىدىيە ياركەن خانلىقى دەۋرىنىڭ يازما مەنبەلىرى، مەسىلەن ئورغۇن مەڭگۈ تاشلىرى، ئىدىقۇت يادىكارلىقلىرى، (ھازىر چەت ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان)، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىق ئەسەرلەرنىمۇ ماھىيەتتە بەلگىلىك تارىخ ھېسابلاشقا بولىدۇ. ئەپسۇسكى كونكرېتنى ۋەقەلەر بايان قىلىنغان ئابدىغاپپار بىننى ھۈسەيىن كاشغەرىنىڭ «كاشغەر تارىخى» ناملىق رەسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تارىخى② ۋە داشقا ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى زامانىمىزغا يېتىپ كەلمىگەن. ئەھۋال شۇنداق بولغانلىقتىن يەر ناملىرى ۋە ئۇنىڭ تەزكىرىسىنى يېزىشتا پەقەت تەرەپلىمىلىك مەنبەلەرگە تايىنىپلا قالماستىن، بەلكى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپمۇ يەرلىك ئاھالىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتنىك مەنبەلىرىگىمۇ تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. يېقىندىن بۇيان يېزىلىۋاتقان يەر ناملىرى ھەققىدىكى بەزى تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا بۇ ھال مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتمەكتە. ئۇنىڭ سەۋەبى ئېھتىمال، شۇ ئاپتورلار يەرلىك خەلقنىڭ تىلى، يازما مەنبەلىرى ۋە ئېتنىك تۇرمۇشىدىن تولۇق ئۇقۇۋغا ئىگە بولال- مىغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

تۆۋەندە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يازما مەنبەلىرى ۋە خەلق ئارىسىدا ئەنئەنىۋى يوسۇندا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بەزى ئېتنىك يەر ناملىرى ھەققىدە دەسلەپكى پىكرىمىزنى قىسقىچە قويۇپ ئۆتىمەن.

× × ×

جۇغراپىيە ئىلمىدە «توپونىمىيە» (toponomie) دېگەن تارماق پەن بار. ئۇ، ھىند - ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ يۇنان تىل گورۇپپىسىغا مەنسۇپ بولۇپ «توپو» (topo) يەر - جاي، «نومو» (Nomo) — نام، ئىسىم، تەرىپلاتى: يەر ناملىرى ھەققىدىكى پەن — (toponome) دېگەندىن ئىبارەت. توپونىمىيە - ئەسلىدە جۇغراپىيە ئىلمىنىڭ تەركىبى قىسمى بولسىمۇ، ماھىيەتتە يەنىلا تىلشۇناسلىق (lingsuvstlka) ئىلمىنىڭ ئېتمولوگىيە تارمىقىغا كىرىدۇ ھەر ئىككىلىسى ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە يەر ناملىرى ئارقىلىق نۇرغۇن تارىخى ۋەقەلەرمۇ ئېنىق- لىنىدۇ. شۇڭا بۇ نۇقتىدىن ئۇ، تارىخ تەتقىقاتى دائىرىسىگىمۇ كىرىدۇ.

جۇغراپىيە (ھازىرقى زامان پەن كۆزى بىلەن ئېيتقاندا) ئىنسانىيەتنىڭ تۆرەلمىش ۋەتىنى دەپ تونۇلۇۋاتقان يەر شارى ۋە ئۇنىڭ ھەر قايسى جەھەتلەردىكى تەبىئىي، سىياسىي، ئىقتىسادى ئۆزگىچىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئىنسانلار تارىختا تۈرلۈك ئىجتىمائىي گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ، ھەر قايسى جۇغراپىيە ئورۇنلىرىدا ياكى بىر ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ بىر قانچە جۇغراپىيە ئورۇنلىرىدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن شۇ گۇرۇھ، شۇ خەلق، شۇ مىللەت ئۆزى ياشاپ گۈللەندۈرگەن ماكانلىرىغا ئۆزىنىڭ پسىخولوگىيە، ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەقىدە كۆز قاراشلىرى بويىچە بىرەر ئىسىم قويغان ۋە پەرقلەندۈرۈش نامىدا ئاتىغان. مۇنداق ئىسىملارنى مەزمۇنى، خاراكتېرى جەھەتتىن تولاراق كىشىلەر ئۆز ئارىسىدىن كېلىپ چىققان تارىخى شەخس، قەھرىمانلار، يۈز بەرگەن بىرەر تارىخى ھادىسە، ئۇنتۇتقۇسىز تەسىر قالدۇرغان ۋەقەلەر، يەر شەكلى، ئالامىتى، كۆرۈنىشى قاتارلىقلارنى شۇ جاينىڭ نامى قىلىپ يۇرتۇلگەن. مەسىلەن: ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئىسمى «ئارتۇچ دەرىخى» نامىغا، چۆچەك ۋىلايىتىدىكى «دۆربۇلجىن» ناھىيىسى، قۇمۇلدىكى «دوۋەجىن» يېزىلىرىنىڭ نامىمۇ مەھمۇت قەش-

قىرىنىڭ («تۆت بورج» — تۆت بۇرجەك — شەھەر، قەلئە دېمەكتۇر③) دېگەن ئىزاھىغا ئاساسلانغاندا، «قەلئە، شەھەر» نامىغا قويۇلغان. قەشقەردىكى «قاقۇل» يېزىسىمۇ XIV - ئەسىردە ئۆتكەن، ئۇيغۇرلاشقان موغۇل ھۆكۈمرانلىرىدىن دۇغلات بۇلاجى بەگ ئەۋلادىدىن بولغان «قارا قول بەگ» نامىغا قويۇلغان. (راۋايەتتە، ئۇنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى. ئۆي - جايلىرى ئەشۇ يۇرتتا ئىدى، — دېيىلگەن). بۇلاردىن باشقا غۇلجا شەھرىگە يېقىن «بويىنى كېسىك»، يوپۇرغىدىكى «كاللا ئاستى»، قەشقەردىكى «چوكانيار»④ قاتارلىق جايلارنىڭ ئىسىملىرىمۇ زور بىر تارىخى ۋەقەنى كۆرسىتىدۇ بۇ ئىسىملار ئەشۇ ۋەقەلەرگە ئاساسەن قويۇلغان.

كىشىلەر پەيلاسوپ مارتىندىن: سىز بىزگە بىر خەلقنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟ دەپ سورىغىنىدا:

ماڭا شۇ خەلقنىڭ جۇغراپىيە خەرىتىسىنى بېرىڭ. مەن ئۇنىڭ ئومۇمەن تارىخىنى سۆزلەپ بېرەلەيمەن⑤ دەپ جاۋاپ بەرگەن. بۇنىڭدىن جۇغراپىيە بىلەن تارىخنىڭ يېقىن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنىمۇ دەلىللەشكە بولىدۇ. مەيلى جۇغراپىيەلىك شەكلى جەھەتتىن قويۇلغان ئىسىملار بولسۇن، مەيلى ئىجتىمائى ھادىسىلەرگە ئاساسەن قويۇلغان يەر ناملىرى بولسۇن ھەممىسى تىل بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ مەنتىقى قۇرۇلمىسى ۋە ئېتمولوگىيىنى تەتقىق قىلىش تىلشۇناسلىق ئىلمىغا كىرىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا: يەر نامى تىل، تارىخ جۇغراپىيە پەنلىرىنىڭ ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ.

## شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىكى ئېتنىك تەبىرى

ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا شىنجاڭدىكى «خوتەن» (ئۇدۇن)، «قەشقەر» (كاشغەر)، «يەركەن»، «ئاقسۇ» (ئۈچ)، «كۇچار» (كۇسەن)، «تۇرپان» (قوجۇ)، قۇمۇل قاتارلىق جايلارنىڭ ئۆتمۈشىنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدىغان ئېتنوگرافىيەلىك ئاتالغۇ ۋە راۋايەتلەر بار، مەسىلەن: شەھىدانە خوتەن، پىرىيانە يەركەن، ئەزىزانە كاشغەر، غازىيانە ئاقسۇ، ۋەلىيانە كۇچار، غەرىبانە تۇرپان، سوفىيانە قۇمۇل دېگەنلەردەك ئېتنىك خاراكتېرىدىكى سۆزلەر ئۇزۇندىن بۇيان خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرمەكتە.

بۇ خىل دىنىي، سىياسىي تۈس ئالغان جۇغراپىيە ئاتالغۇلىرىنى شىنجاڭدا بېشى XI - ئەسىر، ئاخىرى XVII - ئەسىرگىچە يۈز بەرگەن دىنىي، سىياسىي. تارىخىي ھادىسىلەرگە ئاساسەن تارقالغان دېيىش مۇمكىن.

**شەھىدانە خوتەن** — «شىنجاڭ تارىخى» كىتابلىرى ۋە ھەر خىل «تەزكىرىلەر» نىڭ خەۋەر بېرىشىچە، X ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن XI ئەسىر ئالدىنقى يېرىملىرىغىچە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى خوتەن خەلقى بىلەن ئىسلام

دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىلار ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئەخمىنەن 30 يىلغا يېقىن دىنىي، سىياسىي ئۇرۇشلاردا داۋام قىلغان ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا ئاكتىپ ئۇقتىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلاتلىرى نامى بىلەن ئىران، ئىراق، سۈرىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردىن كەلتۈرۈلگەن 15 تىن ئارتۇق پىدائىي «ئىماملار» ۋە قاراخانىلارنىڭ كۆپلىگەن قوشۇنلىرى خوتەننىڭ خوم باياۋانلىرىدا «شەھىت» قىلىنغان، بۇ شەھىتلەرنىڭ قەۋرىسى ھازىرقى خوتەن ۋىلايىتى 7 ناھىيىسىنىڭ ھەممىسىدە بار. — دەپ ئېتىقاد قىلىنماقتا. مەسىلەن: «ئىمام جەئپەر سادىق، ئىمام جەئپەر تەييار، ئىمام مەھدى ئاخىر زامان⑥ ئىمام ئەتپەھ، ئىمام ئاسىم، ئىمام مۇساكازىم، ئىمام ئەسكەر، ئىمام مەھەممەت نەقى، ئىمام مەھەممەت تەقى⑦ قاتارلىقلار. ئەمەلىيەتتە يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان تارىخى شەخسلەر شىنجاڭغا كەلمىگەن. ھازىرغىچە سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئىران، پاكىستان، ئىراق قاتارلىق مەملىكەتلەردە ئۇلارنىڭ شەھبەرەلىك تەرتىپتە بايان قىلىنىدىغان ئېنىق تارىخى — تەزكىرىسى ھەتتا قەۋرىلىرى بار. لېكىن خوتەن خەلقى بىلەن بۇ قېتىمقى ئېلىپ بېرىلغان جىددى دىنىي-سىياسىي ئۇرۇشتا قاراخانىلار مۇسۇلمان قوشۇنلىرىدىنمۇ ناھايىتى نۇرغۇن كىشى قۇربان بولغان. شائىر زەلىلى بۇ شەھىتلەر قەۋرىسىنى «قۇم دېڭىزىدىكى پارلاق يۇلتۇزلار» دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇلاردىن باشقا 1863-يىلى پىيالمىدىكى جەڭدە ھالاك بولغان خوتەن ھاجى پاشا (ھەبىبۇللا ئەلەم) ئوغلى ئابدۇراخمان سۇدۇرخان، 1867-يىللىرى ياقۇپبەك قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنغان «تۆت تۆمەن» خوتەن خەلقىمۇ شۇ شەھىتلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ⑧ شۇڭا «شەھىدانە خوتەن» دەپ ئاتالدى. دىگۈچىلەر بار.

**پىريانە يەركەن** — شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا بولۇپمۇ XV-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئارقىمۇ ئارقا ئېقىپ كىرگەن (قاراخانىلار دەۋرىدىكىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) تەسەۋۋۇپ پىشىۋالىرىدىن سەمەرقانلىق خوجامەھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار (ئابدۇرىشىت خاننىڭ پىرى)، خوجا ئەخمەت كاسانى (مەختۇم ئەزەم)، خوجا ئەبەيدۇللا سۇرىدى، مەختۇم ئەزەم ئوغۇللىرىدىن: خوجا مۇھەممەد ئىمىن، خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ، خوجا ئاپپاق، خوجا ئىسھاق نەۋرىلىرىدىن: خوجا دانىيال، خوجا ياقۇپ، خوجا ھاشىم،⑨ خوجا قاسىم قاتارلىق ئوتتۇزدىن ئارتۇق پىر-ئىشانلار جەنۇبى شىنجاڭنىڭ ئاقسۇ، قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ھەتتا قۇمۇل رايونلىرىغا تارقىلىپ تەسەۋۋۇپ-تەرىقەتچىلىك پىكىر ئېقىمىنى كەڭ كۆلەمدە تارقاتقان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەركەن خانلىقىنىڭ پايتەختى يەركەن شەھرىگە توپلۇشۇپ، تەرىقەت سولۇكىنى يۈرگۈزگەن، ھەتتا بەزىلىرى سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىپ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرگە سەۋەپ بولغان ئىدى. بەزى



www.uyghurkitap.com

خانىرىلەردە ئەشۇ زاماندىكى يەركەننىڭ «ھەر بىر كوچىسىدا بىر خانىغا ھەر مەھەللىدە بىر ئىشان پىر كامىل» لار بار ئىدى. شۇڭا پۈتۈن پىر-ئىشانلار توپلانغان ياكى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ شەھەر، «پىردىيانە يەركەن» (پىر سۆيەتلىك يەركەن) — دەپ ئاتالدى-دېيىلگەن راۋايەت بار.⑩

**ئەزىزانە كاشغەر** — شائىر مۇھەممەت سىدىق زەلىلى يەركەندىن (1670-1748-يىللار) ۋە مۇھەممەت سادىق كاشغەرى (1714-1830) قاتارلىق خەۋەردار ئالىملارنىڭ «دىۋان زەلىلى — سەيەرنامە»، «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق ئەسەرلىرىدە بېرىلگەن تەبىرلەرگە ئاساسلانغاندا، كىشىلەر قەلبىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئاللانىڭ نەزىرىدە ھەممىدىن ئەزىز يارىتىلغان ئۇلۇغ زاتلاردىن قەشقەردە ساتوق بۇغراخان (ئەرەپچە ئىسمى ئابدىكلەرم، X ئەسىر)، ئەبۇ نەسىر سامانى (سامانىلار دۆلىتىدىن كەلگەن تاجىك مىسيونېرى X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى)، شەيخ ھەبىبى (تاجىك)، ئىمادىددىن كاشغەرى (تەبىب، X ئەسىر)، ھۆسەيىن ئوغلى مەھمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئىمام زاھىت ھۆسەيىن پەيزۇللا (XI ئەسىر مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئۇستازى)، خوجا ياقۇپ، ئىمام زاھىت خەلەپ ئەبى ھۆسەيىيىن (ھۆسەيىن پەيزۇللانىڭ ئاتىسى)، ئىمام زاھىت قوتىپىددىن (XI ئەسىر)، مۇسا بۇغراخان، ئوسمان بۇغراخان، سەيدئارسلانخان، قىلىچ بۇغراخان، ھەسەن بۇغراخان، ئابدىغاپپار بىنىنى ھۆسەيىن كاشغەرى (مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ساۋاقدىشى، ھۆسەيىيىن پەيزۇللانىڭ ئوغلى XI ئەسىر) بىبى مەريەم بىنتى سۇتۇق بۇغراخان، تۇركان خاتۇن — نۇرئەلانۇرخان بىنتى سۇتۇق بۇغراخان، يۈسۈپ قەدىرخان، سەيدجالالىدىن باغدادى (ئەرەپ)، خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ بىنىنى مەختۇم ئەزەم ئوغلى مۇھەممەت ئىمىن، خوجا ھىدايىتۇللا ئاپپاق (XIV-ئەسىر)، مىرات ياخشى ئاتا، بىبى مەسۇم ئەزىزەم ئىپپارخان (XVIII ئەسىر) قاتارلىق ئالى نىجات زاتلارنىڭ قەشقەر شەھرى ئەتراپىدىكى ئاتۇش، بەشكېرەم، قازئېرىق، دۆلەت باغ، قارا قىر، پايناپ، ئەسكىسار قاتارلىق جايلاردا «گويا ئاسماندىن چۈشكەن يۇلتۇزلاردەك مۇبارەك قەۋرىلىرى بار، شۇڭا بۇ، ئەزىزلەر ھۆرمىتىگە كاشغەر شەھرى «ئەزىزانە كاشغەر» دەپ ئاتالدى، خەلقمۇ ئەزىز بولغۇسىدۇر» دەپ راۋايەت قىلىدۇ.

**غازىيانە ئاقسۇ** — خەلق راۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئاقسۇ شەھرى ئەتراپىدا، قەدىمدىن ھەر خىل جەڭلەردە شەھىتلىق مۇقامىغا يەتكەن ئاتاغلىق شەخسلەر كەم. تۆلاراق ئۆلار جەڭ مەيدانىدا غەلىبە قىلغان. شۇڭا «غازىيانە ئاقسۇ» دەپ ئاتالدى. بىبى مەسۇم ئەزىزەم ئىپپارخان 1759-يىلى ئورۇشتا ھايات قالغاچقا شۇ نام بېرىلدى — دىگۈچىلەرمۇ بار.

**ۋەلىيانە كۇچار** — موغۇل چىڭگىزخان بۇخارانى ئىشغال قىلغاندا، بۇخارانىڭ مەشھۇر ئۆلىماسى شەيخ ئىمام ھاپىز بۇخارى بىلەن دىنىي مۇنازىرە ئېلىپ

بارغان. ئۇ كەسكىن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى شەھىت، ئەۋلادلىرىدىن 17 كىشىنى ئاق ئۆيلۈك قىلىپ چىڭگىزخان پايتەختى قارا بالغاسۇن [illegible] كېلۇران تېغىغا سۈرگۈن قىلىنغان. چىڭگىزخان 1227 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىن بۇغرا خاننىڭ ئەۋلادلىرى چىڭگىزخاننىڭ ئىزباسارى قوبلايخاننىڭ رۇخسىتى بىلەن ئازات قىلىنىپ شىنجاڭغا چىققان. نەۋرىسى شەيخ جالالىدىن شەھىرى كېيىنكىتە، كىيىزەك ئاقسۇ ئايكۆلدە ماكانلاشقان. توغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ياردىمى بىلەن شەيخ ئەرشىدىن كۇچاردا ماكانلاشقان، تاكى 1868 - يىلى ياقۇپبەك قوشۇنىغا تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئەۋلادى راشىدىن خان ئۆلتۈرۈلۈپ ئاياقلاشقان.[11] ئەۋلىيا ئىمام كەبىر ھاپىز بۇغرا خاننىڭ ئەۋلادلىرى ئاساسەن كۇچاردا كۆپرەك توپلانغانلىقى ئۈچۈن «ۋەلىيانە كۇچار» دەپ ئاتالدى — دېيىلگەن خەلق رىۋايىتى ۋە تارىخى خاتىرىلەر بار.

**غېرىبانە تۇرپان** — تۇرپان يەرلىك خەلقى ۋە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى قۇرئاننىڭ «سۈرەكەھپ» قىسمىدا بايان قىلىنغان «ئەسھابۇلكەھپ» (غاردىكى دوستلار) ۋەقەلىكىنىڭ قاتناشچىلىرى تۇرپاندىكى تۇيۇق (غار) مازىرىدا دەپ ئىخلاس قىلىشماقتا.

تۇيۇق غارىدىكى «دوستلار» ئۇزاق جايلاردىن كەلگەن مۇساپىرلار.[12] ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى: يەملەيخا، ماكسىلمىنا، ئازار پەتنۇس، كاشا پەتنۇس، يوۋانوس، يوۋانىس يۇنۇس، قىمتىر قاتارلىقلار بولۇپ تاكى قىيامەتكىچە غاردا ئۇخلاپ ياتىدۇ - دېيىلگەن. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ھەر يىلى مىڭلىرىچە كىشىلەر بۇ مازارغا كېلىپ تاۋاپ ۋە دۇئا - تەلەپ قىلىدۇ. بېشىغا دەرت - ئەلەم چۈشكەنلەر يىغا زارى بىلەن مەدەت سورايدۇ. بۇنداق مۇساپىر كىشىلەر ھەتتا نەچچە ئايلاپ مازار بېشىدا تۇرىدۇ، مۇساپىر ئاتالغۇسى غېرىب مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئۇلۇغ كىشىلەر سىمۋولى بولغان «ئەسھابۇلكەھپ» تۇرپاندا بولغانلىقى ئۈچۈن «غېرىبانە تۇرپان» ئاتالدى دېيىلگەن رىۋايەت بار.

**سوفىيانە قۇمۇل** — 1430 - يىللاردىن كېيىن ئىسلام دىنىي ئەمدىلا تارقىلىشقا باشلىغان قۇمۇل رايونىدا تەرىقەت پېشىۋالىرىدىن مىرسەيىت جەلىل قاتارلىق ئىشانلار خەلق ئارىسىدا تەسەۋۋۇپچىلىقنى تەرغىپ قىلغان. ئۇزۇن مۇددەت بۇددا دىنىي تەرىقەتلىرى ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان قۇمۇل خەلقى ئىسلام دىنىي تەسەۋۋۇپ پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئىشانلارغا ئىخلاس قىلغۇچىلار كۆپ بولغان، بۇ خىل قولاي شارائىتتىن پايدىلانغان خوجا ئەھمەت كاسانىنىڭ نەۋرىسى خوجا مەھەممەت يۇسۇپ قۇمۇلدا تەرىقەت سولوگىنى يۈرگۈزگەن، بىر راۋايەتتە خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ئاپپاقمۇ قۇمۇلدا تۇغۇلغان. تۇرپاندىكى كىپەك بەگ تارخانىنى ئۆلتۈرۈپ سىياسى ھوقۇقنى تارتىۋالغان ئىمىن سوپىمۇ،[13] تۇرپان، پىچان، قۇمۇل

قاتارلىق جايلاردا تەسەۋۋۇرچىلىقنى كەڭ كۆلەمدە تارقاتقان.

بەزى ماتېرىياللارنىڭ بېشارەت بېرىشىچە، قۇمۇلدىكى مۇسۇلمانلىق ئاساسەن ئىشانلار تەرىپىدىن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ پۇختىلاندى. ھەتتا 16 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كۆپلىگەن كىشىلەر تەرىقەت مۇدىتلىرى ئىدى - دەيدۇ. شۇڭا ئاھالى ئارىسىدا سوفىلارنىڭ كۆپلىكى، خەلقنىڭ يۇۋاش، مۇلايىملىقىدىن «سوفىيانە قۇمۇل» دەپ ئاتالدى دېيىلگەن راۋايەت بار.

يۇقىرىدىكىلەر پەقەت خەلق ئىغىزىدا ساقلانغان شەھەرلەرنىڭ ئېتنىك خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان سۆزلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىلمىي پاكىتلارغا تايىنىلغان بولسىمۇ، بەزىلىرى قىياسلارغا ئاساسلانغان. قانداقلا بولمىسۇن ئۆز دەۋرىنىڭ مەلۇم تەرىپىنى چۈشۈنىشتە ۋە مىللەت تەتقىقاتىدا مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە خەلق ئارىسىدا، شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، ئائىلە نوپۇس سانىنى كۆرسىتىدىغان: 16 مىڭ قەشقەر، 32 مىڭ يەركەن، 22 مىڭ خوتەن، 14 مىڭ ئاقسۇ، 8 مىڭ كۇچار، 12 مىڭ تۇرپان، 6 مىڭ قۇمۇل دېيىلگەن «خەلق سۆزلىرى» تارقىلىپ كەلگەن. بۇ سۆزلەرنىڭمۇ بەلگىلىك دەۋر تارىخىنى چۈشۈنۈش، نوپۇس تەرەققىياتى ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش قىممىتى بار.

بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئاتالغۇ «چىڭ سۇلالىسى» دەۋرىدىكى نوپۇس تىزىمىغا ئاساسەن ئېيتىلغان دىسە، بەزىلەر «ياقۇپبەگ خانلىقى» دەۋرىدىكى نوپۇس تىزىمىغا ئاساسەن تارالغان» دەيدۇ. يەنە بىر قىسىم «بۇ سانلىق ئاتالمىلار قەدىمكى زامانغا قارىتىلغان» دېگۈچىلەرمۇ بار. بىزنىڭچە، 16 مىڭ قەشقەردىن ئىككى باراۋەر چوڭ قىلىپ ئېلىنغان «32 مىڭ يەركەن» ئاتالمىسى مەزمۇنى جەھەتتىن XV - ئەسىردىكى «سەئىدىيە — يەركەن خانلىقى» دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولسا كېرەك. چۈنكى، بۇ دەۋردە يەركەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سەئىدخان (XV ئەسىرنىڭ بېشى) ئوغلى ئەھمەتخان، ئوغلى ئابدۇرېشىت خان (ۋاپاتى 1555 - يىللار) لار يەركەن شەھرىنى مەركەز قىلىپ 170 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىنغان ئىدى. يەركەننىڭ شۇ چاغدىكى شەھەر قۇرۇلۇشى پۈتۈن شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن دائىرىسى خېلى چوڭ بولۇپ 1949 - يىلغىچە يەركەن سېپىلىنىڭ چەمبەر دائىرىسى ئون نەچچە كىلومېتىر ئەتراپىدا. شەھەر ئىچىدە كەڭ مەيدان، چوڭ ئىستراھەت بېغى، ئون نەچچە ئورۇندا بۇخارا نۇسخىسىدىكى ھەشەمەتلىك مەدرىسە، ئالتۇنلۇق، چوڭ كۆل، چوڭ قەۋرىستانلار بار ئىدى. مۇشۇ نوپۇس سانىدىنلا يەركەننىڭ چوڭ شەھەر ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈش مۇمكىن. بۇ سانلار ئائىلە سانىغا قارىتىلغان بولسا كېرەك.

مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى «غەربىي خەن خاندانلىقى» (مىلادىدىن بۇرۇنقى 206- يىلدىن مىلادىيە 24- يىلغىچە) «شەرقىي خەن» (مىلادىيە 25 — 220- يىللار)، «سۈي خاندانلىقى» (مىلادىيە 581 — 618- يىللار)، «يېڭى تاڭ خاندانلىقى» (923 — 936- يىللار) تەزكىرىلىرىدە قەشقەرنى ئاساسەن «سولى دۆلىتى» (疏勒国) دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردىكى «سولى» ئاتالغۇسى نېمە مەنىدە، قايسى خەلقنىڭ تىلى، قاتارلىقلار بايان قىلىنمىغان. مەملىكىتىمىزنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخچىلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرى ئوخشاش ئەمەس، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ سۆزنى يەرلىك ئاھالە، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر تىلى (ئالتاي تىل سىستېمىسىغا كىرىدىغان سۆز) دېسە، بەزىلىرى (مەسىلەن گىڭ شىمىن قاتارلىق كىشىلەر) ئارىيان ئىرقىنىڭ ئىران تىل سىستېمىسى ياكى ھىندى — ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا كىرىدىغان خەلقلەر تىلى، يەنى ئۇ، سوغد تىلى ئىدى. ئۇ، مۇشۇ يەردە ياشىغان سوغد (Soghd) لار، بارا-بارا «سولى» (Soghi) قىلىپ ئۆزگەرتكەن⑭ دەيدۇ، ھەتتا شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىسىنى ئارىيان ئىرقىغا مەنسۇپ قىلىپ كۆرسىتىدۇ. تارىخ پەنلىرىنىڭ پېشقەدەم دوتسېنتى سۇبىخەي «سولى دېگەن نام ھەققىدە ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىدا، يۇقىرىدىكى ئىككىنچى تۈرلۈك پىكىرگە قوشۇلمىغان ھالدا، كۆپلىگەن دەلىللەر كەلتۈرۈپ: «قەدىمكى زاماندا جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئۈچ جاينىڭ ئىسمى ئوخشاشلا «سولى» دەپ ئاتالغان ئىدى. ئۇنىڭ بىرى تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىگە جايلاشقان قەشقەر رايونى. ئىككىنچىسى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى جىمسار ناھىيىسىگە يېقىن بىر جاي. ئۈچىنچىسى گەنسۇدىكى خېشى كارىدورىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەنشى رايونى. بۇ ئۈچ ئورۇننىڭ نامى بولغان «سولى» ئاتالغۇسى، قەدىمكى تۈركىي تىلدىكى «سۇلۇق» (سۇيى بار جاي) دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. مۇشۇ يەر ناملىرى ئاز بولغاندا ئىككى خەن دەۋرىدىن باشلاپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. شۇنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇكى، ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ تارىم، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى ۋە خېشى كارىدورى قاتارلىق جايلاردا تۈركىي تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ كىشىلەر ياشاپ كەلگەن ئىدى⑮ دەپ يازىدۇ ۋە بۇ ئاتالغۇنىڭ تەبىئىي شارائىت، جۇغراپىيەسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىدۇ.

يەنە، «يېپەك يولىدىكى ئۈچ سولى» ماقالىسىنىڭ ئاپتورى خوجىنخۇامۇ بەزى تارىخىي خاتىرىلەرنى دەلىل كەلتۈرۈپ بىرىنچىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى «سولى» قەشقەر رايونىدا، ئىككىنچىسى شىمالى شىنجاڭدىكى «ئالتۇنبالىق» بۈگۈنكى جىمسار رايونىدا. (مىلادىيە 74- يىلي شەرقىي خەن دۆلىتىنىڭ شىنجاڭغا چىققان قو-

ماندانى گېڭ گۇڭ ھونلارنىڭ مۇھاسىرىسىدە قېلىپ، قۇدۇق قازدۇرۇپ سۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ 26 كىشى قالغان. ئۇنىڭدىن 13 كىشى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەن. بۇ يەر ھازىرقى گۇچۇڭ ناھىيىسى بەنجىگۇ يېزىسى ماگۇلياڭ كەنتىدىكى شىچېڭزى دېگەن جايدا. يۇقىرىدىكى ئىككى سولى ئارىلىقى 3000 چاقىرىم، بىر خىل نامدا ئېيتىلىدىغان ئىككى يەر نامى... جايىڭگۇەننىڭ سىرتىدا، «سولى خې» دېگەن بىر دەريا بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەدىمكى دەۋردە دەريا ياقىسىدىكى بىر شەھەرمۇ «سولى» دەپ ئاتالغان ئىكەن... بۇ جاي «سولى» بەگلىكى بىلەن باغلىنىشلىق ئەمەس... XIII ئەسىرلەردىن كېيىن تۈرك تىلىدىكى «كاشغەر» دېگەن سۆز «سولى» دېگەن نامنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن⑯، دەيدۇ. ئاپتور «سولى» ئاتالغۇسىنىڭ قايسى تىلدىن كەلگەنلىكى ۋە ئېتىمولوگىيىسىنى سۆزلىمەيدۇ. «سولى» ئاتالغۇسىنىڭ ئورنى ھەققىدە بەزى مۇلاھىزىلەر كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ئۇيغۇر مەنبەلىرىدە ساقلانغان بەزى بىشارەت ۋە ئېتنىك ئالامەتلەر دوتسېنت سۇبىخەيىنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئومۇمى مەيدانى ئاساسەن جۇغراپىيە جەھەتتىن سۇلۇق، سۇغاباي، شىمالىدا «تۈمەن»، جەنۇبىدا «قىزىل» دەريالىرى شەھەرنى ئوراپ ئاقىدۇ، تۈمەن دەرياسى سۈيىنىڭ مول، تاشقىنلىرى كۆپ بولۇشى سەۋەبلىك تارىختا كۆپ قېتىم شەھەرنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان. ھازىرغىچە قەشقەر شەھەر ئىچىدە (ئەڭ قەدىمكى دەۋرگە ئائىت قىسمىدا) ئېگىزلىكى 30 - 40 مېتىر كېلىدىغان، «ئارا يار»، «كەسكەنيار» دەپ ئاتىلىدىغان يارلار، شەھەر سىرتىدا «يار بويى»، «يار باغ» قاتارلىق زور كەلكۈننىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن قالغان ئالامەتلەر بار. ئۇلار كۆپ قېتىملىق سۇ ئاپىتى ھادىسىلىرىنى ئارخېئولوگىيە جەھەتتىن كۆرسىتىپ تۇرماقتا. شۇڭا «سولى» ئاتالغۇسى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىمكى شەكلى «سۇلۇق»، «سۈيى كۆپ» مەنىسىدىن كەلگەن دېيىلگەن قىياسلار رېئاللىققا بىر قەدەر ئۇيغۇن. قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالى 7 - 8 كىلومېتىر مۇساپىدىكى تۈمەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغا جايلاشقان بىر يېزىنىڭ ئىسمىمۇ «سۇللۇغ» دەپ ئاتالماقتا. خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى «سولې» ئەسلىدىكى «سۇللۇغ» (سۈيى ئۇلۇغ، سۈيى كۆپ) سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە قوبۇل قىلىنىشى بولسا كېرەك دەپ چۈشىنىمىز. ئالىم مەھمۇت قەشقىرىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، تۈمەن ۋە قىزىل دەريالىرىنى ئىككى ئورۇندا: «كاشغەر شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئاقىدۇ» ـ دەپ يازىدۇ. دېمەك ئىككى دەريانىڭ بىر شەھەر دائىرىسىدە ئاقىدىغانلىقى، ئەلۋەتتە سۇغا باي. سۈيى ئۇلۇغ بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«كاشغەر» ئاتالغۇسىغا كەلسەك، يۇقىرقى ئۈچ خانلىقلار دەۋرىنىڭ خاتىرىلىرىدە تىلغا ئېلىنمىغان. پەقەت يۈەن سۇلالىسى (1206—1404) خاتىرىسىدە كېفوخار (可失哈耳)، مىڭ سۇلالىسى (1368—1644) غەربىي يۇرت تەزكىرىسىدە:

«خاشى خار» (哈实哈儿) دەپ يېزىلغان. چىڭ سۇلالىسى (1644 — 1911) يىللىرى-

رىسىدە «سۇلى فۇ» (疏勒附) دەپ يېزىلغان، XIII ئەسىردىن كېيىنكى ھەممە خەن-

زۇچە ماتېرىياللاردا ئاساسەن «خاشى گار» (喀什噶尔) دەپ ئېلىنغان[17]. بۇنىڭدىن

قارىغاندا پەقەت يۈەن سۇلالىسى (موڭغۇللار) دەۋرىنىڭ 1206 - يىللىرىدىن كېيىن-

كى خەنزۇچە مەنبەلەردە «كاشغەر» دەپ ئاتالغان.

ئالىم مەھمۇت قەشقىرى «كاشغەر» ئاتالغۇسىنى ئۈچ توم كىتابىنىڭ ھەر

قايسى جايلىرىدا كۆپ قېتىم ئىزاھلايدۇ ۋە بۇ شەھەرنى كۆپ ئىشتىياق، ھەۋەس

بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

«كاشغەر» نى «ئوردوكەند» دەيدۇ، پايتەخت — پادىشا تۇرىدىغان شەھەر دې-

مەكتۇر. ئەپراپسىياپ ھاۋاسىنىڭ ياخشىلىقىدىن بۇ يەردە تۇراتتى...[18]».

«تەمەن» (تۈمەن) — قەشقەر شەھرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان

بىر دەريانىڭ ئىسمى[19]. «مان كەند» قەشقەرگە يېقىن بىر شەھەرنىڭ ئېتى. كې-

يىن خاراپ بولغان[20]. «قىزىل» قەشقەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر دەريانىڭ نامى[21]

قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلاردىن باشقىمۇ كۆپ ئورۇندا، ئىزاھلاش سۆزلىرىدە نەقىل

كەلتۈرىدۇ. مەيلى مەھمۇت قەشقىرى، مەيلى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولسۇن بۇ شە-

ھەر ھەققىدە بەلگىلىك مەلۇمات بېرىدۇ. يەنە شۇ دەۋردە ئۆتكەن، مەھمۇت قەشـ-

قىرىنىڭ ساۋاقدىشى ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇۋاتقان تارىخچى ئالىم ئابدىغاپپار بىننى

ھۈسەيىن كاشغەرى (ۋاپاتى 1082 - يىل) مۇ «كاشغەر تارىخى»، «مەسكەنى

ئۇستا دىيان» (ئۇستازلارنىڭ تۇرۇشلۇق جايلىرى) ناملىق زور ھەجىملىك ئىككى

كىتاب يازغانلىقى مەلۇم. (بۇ كىتابلار دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن). دېمەك، IX-

ئەسىردىن كېيىنكى بارلىق مەنبەلەردە ھازىرقى قەشقەر رايونى كاشغەر دەپ ئاتال-

غان. كاشغەر ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدىمۇ ھەر خىل كۆز قاراشلار بار،

دوتسېنت سۇبىخەي يۇقىرىدىكى ماقالىسىدا تەھلىل يۈرگۈزۈپ، «بۇ ئاتالغۇ ئېھتى-

مال، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئېتىمولوگى-

يىسى ھەققىدە «جۇڭگونىڭ قەدىمكى يەر ناملىرى قامۇسى» (中国古今地名大辞典)

دا «خاش - كاش» سۆزى، «رەڭ» مەنىسىنى، «خار، غار» سۆزى، «خىش ئۆي»

مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، رەڭلىك خىشلاردىن ياسالغان ئۆيلەر كۆپ شەھەر مەنىسىدىن

كەلگەن دېگەنلەرنى دەلىل كەلتۈرۈپ، مەھمۇت قەشقىرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ-

لارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۈزۈندىلەر ئېلىپ «ئەپراپسىياپنىڭ پايتەختى «ئوردوكەنت»

ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىدۇ[22]. «قەشقەر شەھرى يەر - جاي نامىلىرىنىڭ

خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە، مىلادىيە VII ئەسىردە «kaxə — 尉犁»، VIII ئەسىردە

(Kashgiri) qiesh zpili—伽师祇离 ۋە (Kashgiri) «迦师佶黎» قاتارلىق ئىسىم-

لەردە خاتىرىلەنگەن... بەزى مۇتەخەسسىسلەر: «قاشقار» سۆزى تۈركچە - سوغدىچە

سۆز بولۇپ، «قاش» تۈرك تىلى، مەنىسى «قاش تېشى»، «قار» «سوغدى» تىلى. مەنىسى «جۇغلانغان جاي» ياكى شەھەر دېگەن مەنىدە، ئومۇم مەنىسى «قاش تېشى جۇغلانغان جاي» ياكى «قاش تېشىدىن ياسالغان شەھەر» دېگەن بولىدۇ[23] دەيدۇ. بۇلار ئېنىقلاشقا تېگىشلىك خىزمەت.

كاشغەر — ئاتالغۇسى ھەققىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بەزى قاراشلار بار، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «كاشغەر» پارس تىلى بولۇپ «كاشىنكار» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن. «كاش» (يېشىل، سىرلىق خىش)، «كار» ئىشلەنگەن يەنى «يېشىل كاش خىشلاردىن ياسالغان جاي» دېگەن مەنىدىن كەلگەن - دەيدۇ. بۇنداق قاراش كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى V، VI - ئەسىرلەرگىچە بولغان مەنبەلەردە «سولى» ئاتىلىپ، «سوغاباي»، «سويى ئۇلۇغ» دېگەن مەنىلەردىن كەلگەنلىكى ئەمەلىيەتكە يېقىنراق تەرىپى ئىكەنلىكى كىشىنى جەلپ قىلىۋاتقان ئىكەن، «كاشغەر» سۆزىمۇ ماھىيەتتە، سۇغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەشۇ مەزمۇنىدىن يىراقلاشمايدۇ. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە ئالتاي تىل سىستېمىسى شەرقىي سىبىرىيەنىڭ جەنۇبى قىسمىدىن كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىغىچە بولغان رايونلاردا ياشىغۇچى نۇرغۇن قەبىلە، مىللەتلەرنىڭ تارىختا شەكىللەنگەن ئومۇمى تىل قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇيغۇر، مۇڭغۇل، توڭگۇس، قىپچاق، خاككاس، ياقۇت، ئوغۇز تىل گۇرۇپپىلىرىغا ئايرىلغان. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىك قىسمىدا «غار» ئاتالغۇسى بولۇپ، بەزىسى ئىسىم، بەزىسى كۆچمە مەنىدىكى ئىسىم، بەدىئىي ئاتالما شەكلىدە قوللىنىلغان. موڭغۇل تىلىدا ھازىرغىچە «غار» سۆزى «قول» مەنىسىنى بىلدۈرگەن. مەسىلەن، بىزگە تونۇش بولغان سۆزلەردىن «جۇنغار» (سول قول)، بارۇنغار — (ئوڭ قول) مەنىلىرىدە كەلگەن. ھەتتا «غار» سۆزى «قانات، ھەربىي قوشۇنلارنىڭ يۈرۈش كالونىسى» مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. چىڭگىزخان قوشۇنلىرىنىڭ غەرپكە يۈرۈش قىلغان قوماندانى سوبۇتاي باشچىلىقىدىكى، «سول قول، سول قانات» قوشۇنلىرىنى «جۇڭغار»، جابانويون قوماندانلىقىدىكى جەنۇبى شىنجاڭ بويلاپ ماڭغان قوشۇنلىرىنى «بارۇنغار» (ئوڭ قانات، ئوڭ قول) دەپ ئاتىغان ئىدى. بۇ يەردىكى «غار» (قول) ھەربىي قوشۇنلارنىڭ كالونىنى بولۇپ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ياكى «دەريايى سەپ» مەنىسىدە قىياس قىلىشىمۇ مۇمكىن. قەدىمكى تۈركىي تىلدا ئەسكەرنى «چېرىك»، ھەربىي قوشۇنلارنى «سۇ» (su) دەپ ئاتىغان ئىدى. بۇ يەردە، قوشۇنلارنىڭ مېڭىشى «سۇ»، «دەريا» غا ئوخشۇتۇلۇپ شۇنداق ئاتالغان. بۇ سۆز ئىككى مەنىدە كەلگەن. بىرى ئېچىدىغان «سۇ» ئىككىنچىسى «قوشۇن»، «ئارمىيە» مەنىسىدە. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «يامغۇر شارقىراپ ياغدى»، «دەريا غارقىراپ ئاقتى» دېگەن شەكىللەردە كېلىدۇ. دەريانى ھەرگىز «شىرقىراپ ئاقتى، چىرقىراپ ئاقتى» دېيىلمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن «غار» سۆزى، «سۇ» مەنىسىگە يېقىن كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئەبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەئى تۈرك» كىتابىدا: شەرقى سىبىرىيەدە «ئانقارا-مۇرۇن دېگەن دەريا بار»㉔ دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر ۋە باشقا قەبىلىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئىزاھلايدۇ. بۇ يەردىكى «مۇرۇن» سۆزى موڭغۇل تىلىدا «دەريا» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. تاتار تارىخچىسى ھادى ئاتلاسوپ: ئەبۇلغازىنىڭ «ئانقارا مۇرۇن» سۆزىنى شەرھىيلەپ، ئەبۇلغازىنىڭ «ئانقارا مۇرۇن» دەپ كۆرسەتكەن دەريا ئىسمى ھازىر دۇنيا خەرىتىسىدە كۆرسىتىلىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى سىبىرىيەدىكى «ئانگارا» دەرياسىنىڭ ئەسلى ئاتىلىشى. رۇس تىلىدا «غ» تاۋۇشى بولمىغاچقا «گ» تاۋۇشىغا ئۆزگەرتىپ قوللانغان. «مۇرۇن» ئاتالغۇسى موڭغۇل تىلىدا «دەريا» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ»㉕ — دەيدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، قەدىمكى ئالتاي ۋە تۈركىي تىل سىستېمىسىدا «غار» سۆزى بەزىدە دەريا مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. شۇڭا «ئانغارا، ئانغار» سۆزلىرى «ئوڭ تەرەپتىكى دەريا — ئوڭغار دېگەن سۆزدىن كەلگەن دېيىش مۇمكىن. مانا شۇ مەنىدىن «كاشغەر» سۆزىمۇ «قاشغار» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن: «قاش» ئاتالغۇسى دەل ئۇيغۇر تىلى بولۇپ «قاش تېشى» نى بىلدۈرىدۇ. «قاش غار» بولسا «قاش تېشى بار دەريا» مەنىسىدىن كەلگەن — دېيىش مۇمكىن. تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتساق، ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ «ئوڭ تۇستۇك» (شەرق تەرەپ) قىسمىدىكى دەريا «ئوڭغار» ئاتالغان بولسا، «سول تۇستۇك» (غەرب تەرەپ) قىسمىدىكى دەريالارمۇ «سولى» ياكى «غار»، «قاشغار» ئاتالغان — دەپ قىياس قىلىمىز. تىللار كۆپىنچە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ تۇرغاچقا، ھەر قايسى دەۋرلەردە ھەرخىل ئاتالغان بولسا كېرەك.

بۈگۈنكى كۈندە ئىلىدا «قاش دەريا» سى. ئۆزبېكىستاندا «قاشقا دەريا»، قەشقەردىكى «قاشغار» ئاتالغۇلىرىمۇ «قاش تېشىدەك سۈزۈك سۈلۈق دەريا» مەنىلىرىدە ياكى «قاش تېشى بار دەريا »مەنىلىرىدە كەلگەن بولۇشى كېرەك. يۇقىرىدا «سولى»، «كاشغەر» ئاتالغۇلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە قىسقىچە ئىزدىنىش پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقتىم. ئىزدىنىش ھەقىقەتنى تېپىشتىكى دەسلەپكى قەدەمدۇر.

## يۇلتۇز كۆل — لوپنۇر

لوپنۇر — ھازىرقى كۈندە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 17·591 ئائىلىدە 72·420 نوپۇس سانىغا ئىگە بىر مەمۇرى ناھىيە. ئۇنىڭ خەنزۇچە ئىسمى «يۈلى» (伽师) دەپ ئاتالماقتا. بۇ ئىسىمنىڭ قايسى تىلغا مەنسۇپ، قانداق مەنىدە ئىكەنلىكى ھېلىغىچە نامەلۇم. «خەن كىتابى» — غەربىي جايلار تەزكىرىسىدە: «يۈلى دۆلىتى، پادىشاسى يۈلى شەھرىدە تۇرىدۇ. 1200 ئائىلە، 9600 كىشى. ئەسكەر سانى 2000

نەپەر دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردە سۆزلىنىۋاتقان «يۇلى شەھىرى» نىڭ ئورنى-مۇ بەزىلەرنىڭ پىكرىچە، قارا شەھەرگە يېقىن جايدا ئىكەنلىكى مەلۇم. 1898-يىلى (گۇاڭشۈي 24-يىل) لوپنۇر ناھىيىسى قايتىدىن تەشكىل قىلىنىپ ئىسمى «شىن جىن پىڭ دىڭ» (新近平定) ئاتالغۇسىدىن قىسقارتىلىپ «شىن پىڭ» (新平) ناھىيىسى دەپ نام بېرىلگەن. 1914-يىلى بۇ ئىسىم قايتا ئۆزگەرتىلىپ ئەسلىدىكى «يۇلى» نامى بېرىلگەن. ئۇ چاغدا بۇ يەرنىڭ نوپۇسى 837 ئائىلە، 4905 كىشى دەپ خاتىرىلەنگەن[26].

بۇ يەرنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئۇيغۇرچە نامى «لوپنۇر»، «كۆنچى» دەپمۇ ئاتىلىپ كەلمەكتە. «يۇلى» سۆزى بىلەن بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىسى ئوخشاش ئەمەس.

شىنجاڭدا ئىككى تۇرپان، ئىككى لوپ بار: بىرى كونا تۇرپان (قوجو)، ئىككىنچىسى، ئۈچ (ئاقسۇ) دىكى تۇرپان (ئۈچ تۇرپان)؛ بىرى، خوتەندىكى «لوپ»، ئىككىنچىسى، قارا شەھەر، كورلا يېنىدىكى «لوپ» — لوپنۇر. «لوپ» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ئېنىق ئەمەس، لوپ ناھىيىسىدىكى سانبۇلا، لاسكۇيا، زاڭگۇي، ھاڭگۇي، راۋاقپۇر يېزىلىرىنىڭ ئاتالمىسىغا قاراپ «لوپ» سۆزىمۇ قەدىمكى ساك تىلى بولسا كېرەك دېيىش مۇمكىن. «لوپنۇر» ئاتالغۇسىدىكى «نۇر» سۆزى، قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان موڭغۇل تىلىدا «كۆل» مەنىسىنى بىلدۈرگەن. شۇڭا، موڭغۇل تىلىدا «چىڭخەينى» نى «كۆك نۇر»، سايرام كۆلىنى «سارام نۇر» دەپ ئاتىماقتا. بەزى قىياسلارغا ئاساسلانغاندا، قوجو — كونا تۇرپاندىن بىر بۆلۈم كۆچمەنلەر ئۈچكە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن «ئۈچنىڭ تۇرپانى» (ئۈچتۇرپان) دەپ ئاتالغىنىغا ئوخشاش، بىر بۆلۈم كىشىلەر خوتەن لوپتىن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىدىن «لوپ» ئاتالغان بولۇشى كېرەك. «لوپنۇر» ئاتالغۇسى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە باشقا ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنمىغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا XI-ئەسىرلەردە بۇنداق ئاتالغۇ بولمىغان. مەھمۇت قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ «فەئل» (f'l) شەكلىدىكى ساكىنلىق سۆزلەر بابىدا:

«كۆل (kɵl) — كۆلچەك، سۇ يىغىلىپ قالغان يەر، «ئىسسىق كۆل» — (Isig kɵl) — بارسغاندىكى بىر كۆلنىڭ نامى. ئۇزۇنلۇقى 30 پەرسەخ[27]، كەڭلىكى ئون پەرسەخ كېلىدۇ. «kɵRun kɵl — كۆرۈك كۆل» — قەشقەر تاغلىرىدىكى «يىز» كۆلنىڭ ئېتى. ئەتراپى 30 پەرسەخ كېلىدۇ. «Sızin kɵl — سىزىڭ كۆل» — بۇ، يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش بىر كۆلنىڭ ئېتى بولۇپ، ئۇ، «koqnar saxi — قوچقار بېشى» غا يېقىن. «yulduz kɵl — يۇلدۇز كۆل» — بۇ، كۇچا بىلەن kɵnet (كۆڭۈت) ۋە ئۇيغۇر چېگرىسىدىكى بىر كۆلنىڭ ئېتى. «aykɵl — ئايكۆل» — بۇ، ئۈچ (uq) كە يېقىن بىر يەرنىڭ ئېتى. «tәriŋ kɵl — تەرىڭ كۆل» بۇ، «ikki ɵgüz — ئىك-

كى ئۆگۈز» چېگرىسىدىكى بىر كۆلنىڭ ئېتى. بۇ كۆللەردىن ھەر بىرىنىڭ يېرا-پى قىرىق ياكى ئوتتۇز پىرسەخ كېلىدۇ. تۈرك شەھەرلىرىدە مۇنداق كۆللەر كۆپ، مەن پەقەت ئىسلام شەھەرلىرىدىكى كۆللەرنىڭ چوڭلىرىنىلا كۆرسەتتىم.»[28] ... دەپ ئىزاھلايدۇ.

بىز يۇقىرىدىكى «كۆل» لۇغىتىنىڭ ئىزاھلىرىدىن شىنجاڭدىكى بىر قانچە كۆللەرنىڭ XI- ئەسىردىكى نامى، چوڭلۇقى، جۇغراپىيىلىك ئورنى قاتارلىق جەھەتلەردە بەزى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولالايمىز. جۇغراپىيە ئىلمىي تەتقىقاتچىلىرى «ئىسسىق كۆل» نىڭ XI- ئەسىردىكى چوڭلۇقى بىلەن ھازىرقى ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

«سىزىڭ كۆل» نى ئىلىدىكى «سايرام كۆلى»، «كۆرۈڭ كۆل» نى ئاتۇش تاغلىرىنىڭ ئۈستىدىكى «چېدىر كۆل» بولسا كېرەك-دەپ قىياس قىلىمىز. ئەمما «يۇلتۇز كۆل» نى بولسا، «كۇچا بىلەن كوكۇت ۋە ئۇيغۇر چېگرىسىدىكى بىر كۆلنىڭ ئېتى» دېگەن ئىبارىدىن دەل ھازىرقى كۈندە «لوپنۇر» دەپ ئاتىلىۋاتقان كۆلنىڭ XI- ئەسىردىكى ئەسلى نامى بولۇپ، بۇ نام مۇشۇ كۆلنىڭ تارىختىن بۇيانقى جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىغا ئاساسەن «يۇلتۇز كۆل» دەپ، توغرا، ئىلمىيلىققا ئۇيغۇن ھالدا قويۇلغان، ھازىرقى كۈندە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئىككى ئورۇندا «يۇلتۇز» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان، مەسىلەن، توقسۇ ناھىيىسىدە «چوڭ يۇلتۇز» كىچىك يۇلتۇز، قارا شەھەردىن تىكەس ناھىيىسىگە ئۆتىدىغان جايدا «يۇلتۇز» ناملىق يېزىلار بار. بۇ يەردە كۆل بارلىقى ئېنىق ئەمەس. بەزىلەر «يۇلتۇز كۆل» نى «باغراش كۆلى» دېيىشمەكتە. بۇنىڭغا يېتەرلىك ئاساس يوق. «يۇلتۇز كۆل» (لوپنور) نىڭ نېمە ئۈچۈن يۇلتۇزغا ئوخشۇتۇپ نام قويۇلغانلىقىنى تۆۋەندىكى دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلايمىز.

بىز ھازىرغىچە «لوپنۇر» (لوپ كۆلى) دەپ ئاتاۋاتقان بۇ كۆلنىڭ تەبىئىي قۇرۇلۇشى باشقا كۆللەردىن ئۆزگىچىرەك بولۇپ بەزىدە بىر پۈتۈن گەۋدە ئەمەس. 1914- يىلىدىكى تەكشۈرۈشتە لوپنۇرنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى 180 پارچە چوڭ-كىچىك كۆللەردىن ئىبارەت بولغان. بۇ كۆللەر بىر-بىرىگە تۇتاشقان ياكى چېچىلغان. بەزى ئاراللار بىر يېرىدە سۈيى بىر-بىرىگە ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. ھەر يىلى كۈنچى دەرياسىنىڭ سۈيى كەلگەن ۋاقىتتا كۆللەرنىڭ سۈيى تېشىپ بىر قانچە چوڭ-چوڭ پارچە كۆللەرگە ئايلىنىدۇ. قۇرغاق پەسلى ياكى كۈز كۈنلىرىگە يېقىن بۇ كۆللەر يەنىلا ئەسلىگە قايتىپ بىر-بىرىگە چېتىلغان ھالقىسىمان پارچە كۆللەرگە ئايلىنىدۇ. ئات ئۈستىدە تۇرۇپ يىراقتىن كۆزىتىپ ئايلانساق، گويا بىر قانچە ئۈن ئىنچىكە زۇمرەت رەڭلىك زىلال سۇلار تولدۇرۇلغان ئەينەك پىيالىلارغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئايدىڭ كېچىدە يىراقتىن نەزەر سالساق گويا ئاسماندىكى يۇلتۇزلا،



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بەرگە كۆچۈپ چۈشكەندەك چىمىرلاپ كۆرۈنىدۇ. شۇڭا XI - ئەسىردىن بۇرۇنمۇ بۇ كۆلنىڭ نامى ئىسمى جىسمىغا مۇۋاپىق «يۇلتۇز كۆل» دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك. ئۈرۈمچى خۇگېيەنچى كۆلىدىن چوڭراق بولغان كۆللەردىن 30 دىن ئارتۇغىراقى بار. شۇڭىدەك پۈتۈن «لوپنۇر» رايونىدىكى ئاھالىنىڭ ئولتۇراق-لاشقان جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىرىمۇ خۇددى «يۇلتۇز كۆل» نىڭ كۆرۈنۈشىگە ئوخ-شاش بولۇپ، كەڭ لوپ دالىسىدا يۇلتۇزلاردەك چېچىلغان. شىڭخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن 1913- يىلى بۇ يەر «شىن پىڭ» ناھىيىسى قىلىپ قۇرۇلغان چاغدا، نا-ھىيىگە قاراشلىق لوپ دالىسىدىكى تېرىلغۇ يەر-بوستانلىقلار 23 ئاھالە رايونىغا (كەنتكە) بۆلۈنگەن: قارا قۇم (ناھىيە ئورنى)، قاپقان (ناھىيە) بازىرىدىن 520 چاقىرىم، تىكەنلىك (بازاردىن 530 چاقىرىم) لاشىن، چوڭ كۆل، مانجا، ئاخا، تې-يىز كۆل، يېڭى كۆل، كۆزلەك، بۆشۈك ئاستى، باش ئاۋات، يامان خۇۋا، ئاق سوپۇ، توڭ چىكە، دوڭ قوتان، دۇرال، ئويمانكۆل ئايرىش، چوڭ سالودا، كىچىك سالودا، شاتمان، قاقما، كىنىر، چارا، ئۇلۇغ كۆل، قارچۇغا، داغلىق، يېڭى سۇ، قارىداي، يىكەن مۇجمەل، سوچىك - ئاق بولۇس، خاخاۋەن، گىرسلاق قاتارلىقلار بولۇپ بۇ جايلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئارىلىقى 20 چاقىرىمدىن تاكى 600 چاقىرىمغىچە بايا-ۋان بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. لوپنۇر چۆللىكىدە، بۇ يېزىلار بىلەن گىرەلىشىپ تۇرى-دىغان نۇرغۇن كۆللەر بار. (ئاساسى چوڭ كۆلدىن باشقا) بۇ ئاھالى ياشايدىغان كەنت-بوستانلىقلارنىڭ پۈتۈن لوپنىڭ ئايدەك دالىسىغا تارقىلىش ئەھۋالىمۇ گويا يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ. بۇ يەرنىڭ خەلقى تارىختا خېلى مەدەنىيەتلىك، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ئىلىم سەنئىتىگە ئېرىشكەن خەلق ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا. 1976- يىلى كۆنچى دەرياسى بويىدىكى بىر قەۋرىستانلىقتىن تېپىلغان جەسەتلەر ۋە قەۋرىستانلىقتىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى بۈگۈنكى كۈندىن ئاز دېگەندە، 4000 يىل بۇرۇن، بۇ يەردە خېلى مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ياشىغانلىقىنى ئىس-پاتلىدى㉙. يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارغا قاراپ ئالىم مەھمۇت قەشقىرى بىزگە يەتكۈ-زۈپ بەرگەن. «يۇلتۇز كۆل» دېگەن كۆل نامىنىڭ ئاتىلىشى ئەقىل تەقەززاسىغا ئۇيغۇن، ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق.

## كىڭۈت (Kiŋüt)، كاۋلى، كورلا

ھازىر كورلا، جەنۇبى شىنجاڭدىكى 44·392 ئائىلە، 192·270 نوپۇسلۇق بىر مەمۇرى ناھىيە (شەھەر).

كورلا — ئاتالغۇسى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار بار. بەزىلەر، «كولا» موڭ-غۇل تىلى، لاما دىنىدىكى راھىپلار ئىبادەت ۋاقتىدا ئىشلىتىدىغان، ئايلاندۇرسا

ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر خىل ياغاچتىن ياسالغان قورالنى «كوردى» دەپ ئاتايدۇ. «كورلا»، مانا شۇ «كوردى» دىن ئۆزگەرگەن دېسە، بەزىلەر ئۇيغۇر تىلىدىكى «كۆرۈڭلار» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. «قېنى مەرھەمەت ئىلىپ گۈزەل نەر سىلىرىمىزنى كۆرۈپ بېقىڭلار... دېگەنىدىن كەلگەن»(30) ـ دەيدۇ. ئەمما، «تەزكىرەئى خۋاجە ئاپپاق» ناملىق ئولىيازما ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا مۇنداق بىر ئەپسانە بايان قىلىنىدۇ؛

سەئىدىيە يەركەن خانلىقىنىڭ نۆۋەتتىكى خانى، ئىسمايىلخان تەسەۋۋۇپ پېشىۋاسى ئاق تاغلىق گۇرۇھىنىڭ باشلىقى ھىدايىتۇللا ئىشان خوجا ئاپپاقنى خانلىق مەنپەئىتىگە خىلاپ، خەلق تۇرمۇشىغا زىيانلىق، بۆلگۈنچىلىك، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلەردە بول- غانلىقى ئۈچۈن «خوجا ئاپپاق 36 سائەت ئىچىدە يەركەن ۋە پۈتۈن ئىلتە شە- ھەر زېمىنىدىن چىقىپ كەتسۇن، خىلاپلىق قىلسا، جازاغا تارتىلىدۇ» ـ دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. خوجا ئاپپاق بۇددا ـــ لاما دىنىنىڭ ھامىيسى تىبەتتىكى دالاي لاما ۷- دىن ياردەم سوراش مەقسىتى بىلەن يوشۇرۇنچە ئارقا يوللاردىن مېڭىپ كورلىغا يېتىپ بارغاندا، كورلا خەلقى ئۇنىڭ «ئىززەت»، «ھۆرمىتى» ئۈچۈن زور زىياپەت ئۆتكۈزۈپ كۈتۈۋالغان ئىمىش. بۇ، زىياپەتتە ئۈستىگە تولۇق قوي گۆشى بېسىلغان ئوخشىغان پولو ئېتىپ داستىخاندا قويغان ئىكەن، خوجا ھىدايىتۇللا ئاپپاق بۇ زى- ياپەتتىن گۇمانلىنىپ، تاماققا قول ئۇزاتمىغان. سەۋەپىنى سورىغاندا «بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ماڭا بولغان سۈيىقەستى بار. بۇنى سىلەرگە ئاللانىڭ مەرھەمىتى بىلەن ھازىرلا كۆرسىتىمەن دەپتۇ ـ دە، «تۇر ئەي مەخلۇق، جانىۋار! بۇ گۇناھكار بەن- دىلەرنىڭ ئاللانىڭ ئالدىكى ئاسىيلىقىنى پاش قىل» ـ دەپ دۇئاغا قول كۆتەرگەن ئىكەن، دەل شۇ چاغدا، پولو ئۈستىگە بېسىلغان گۆشلەرگە جان كىرىپ يوغان بىر مۈشۈك ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. شۇئان ئاپپاق خوجا قول كۆتىرىپ «بۇ يەرنىڭ خەل- قى ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلادىغىچە كۆزى كۆرمەس «كورلار» دىن بولغاي دەپ دۇئايى بەد قىلغانىمىش. شۇندىن كېيىن بۇ يەرنىڭ نامى «كورلار» دەپ ئاتالدى.

بۇ بىر ئەپسانە، خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەت. مۇشۇ ئەپسانىدىن شۇنداق بىر خاراكتېرلىك مەنىنى ئاڭلايمىزكى، خەلق مەنپەئىتىگە قارشى يامان نىيەت، يامان غەرەز بىلەن دالاي لاما ۋە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىدىن ياردەم سوراپ كېتىۋاتقان خوجا ئاپپاقنى كۆرگەن كورلا ۋەتەنپەرۋەرلىرى «مۈشۈك» گۆشىنى يېگۈزۈپ ئۇنى زەھەرلەش پاكى مۇسۇلمان ئېتىقادىغا خىلاپ ئىش قىلدى ـ دېگەن پاكىت بىلەن ئۇنىڭغا زەربە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولسا كېرەك، دېگەن چۈشەنچىگە كەل- تۈرىدۇ. ئالىم مەھمۇت قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «فەئەل» شەكلىدىكى ھەرىكەتلىك سۆزلەر بابىدا: kiŋüt ـــ كىڭۈت. ئۇيغۇر چېگرىسىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى(31) ـ دەپ ئىزاھلايدۇ. مۇشۇ كىڭۈت شەھىرىنىڭ ھازىر قايسى شەھەر ئىكەنلىكى

ھەققىدە ھەرخىل كۆز قاراشلار بار. بەزىلەر، ھازىرقى قارا شەھەر، دېسە، بەزىلەر، ھازىرقى ئورنى خاراپ بولغا تارىختىكى بىر شەھەر - دەيدۇ. مەھمۇت قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ كۆپ ئورنىدىكى ئىزاھلاش سۆزلىرىدە كىڭۈت سۆزىنى ئارىلاشتۇرىدۇ. بولۇپمۇ «يۇلتۇز كۆل» ئاتالغۇسىنى ئىزاھلىغاندا، كەلتۈرگەن «كۈچا بىلەن كىڭۈت ۋە ئۇيغۇر چېگىرىسىدىكى بىر كۆلنىڭ ئېتى» دېگەن ئىبارىسىدىن قارىغاندا، ئۇ چاغدىكى قارا خانىلار بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر چېگىرىسى «قارا شەھەر دەرياسى» بولۇپ، دەريانىڭ ئورۇمچى تەرەپتىكى قىرغىقى قاراشەھەر ئىدىقۇتقا تەۋە، دەريانىڭ يەنەبىر قىرغىقى كىڭۈت (كورلا) قارا خانىلارغا تەۋە ئىسلام چېگىرىسى بولسا كېرەك. چۈنكى، بۇ يەردىكى «ئاراموت قەبىلىسى» مۇ كىڭۈت يېنىدا㉜ - دەيدۇ. شۇنداقلا مەھمۇت قەشقىرى ئۆزىمۇ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگە ئۆتۈش يولىدا كىڭۈت يېنىدىكى خەلقلەر ئارىسىدا مېھمان بولغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.

«كىڭۈت» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى ھازىرچە ئېنىقلاش قىيىن — لېكىن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى پۈتۈن بىشارەتلەر ۋە XI- ئەسىردىمۇ «سۆيى»، «ھاۋاسى ياخشى»، «ئارمۇت» (ئاموت)، ئاربوز (تاۋۇز) ئىشلەپچىقىرىدىغان «ئاراموت» لەقىمى بار خەلقلەرنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا بولۇشىغا قاراپ «كىڭۈت» شەھرىنى ھازىرقى «كورلا» ئىدى دېيىشكە مەلۇم ئاساس يارىتىلىدۇ. «كىڭۈت» ئاتالغۇسى بىلەن «كورلا» ئاتالغۇسىنىڭ ئاھاڭداشلىقىمۇ ئانچە يىراق ئەمەس. بولۇپمۇ مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «ئار» ئاتالغۇسىنى «پۇررەك، جىگەررەڭ» دەپ ئىزاھلىغىغا قاراپ، ئاربۇز (تاۋۇز) نى جىگەررەڭ «بۇز»، ئارمۇت (ئاموت) نى، قىزغۇچقا مايىل، «مۇت» (جۇجۇلە) دەپ قاراشقا بولامدۇ؟ «ئاربۇز» دىكى «بۇز» بۇزۇقىراپ تۇرىدىغان، سىقىپ ئىچىشكە بولىدىغان جىگەر رەڭ مېۋە مەنىسىدە ئېلىنغان دېيىشكە بولامدۇ، ئېنىقلاشقا تېگىشلىك. مەھمۇت قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئەفئەل (əf'el) شەكلىدىكى ھەرىكىلىك سۆزلەر بابىدا «ئۇيغۇر» لۇغىتىنى ئىزاھلاپ:

... بۇ ئەلدە بەش شەھەر بار. ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددى كاپىرلار، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر «سۇلمى» sülmi (بۇنى زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان)، قۇچۇ (Kuqu)، جانبالىق (qanbalik)، بەشبالىق (bəxbalik)، يېڭى بالىق (yaŋi balik)»㉝ دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇ يەردىكى «سۇلمى» ئاتالغۇسى ھەققىدە چەت ئەل ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ بەزى ئالىملىرى «قارا شەھەر» دەپ مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكتە.

«كورلا» ئاتالغۇسى ھەققىدە ھەقىقەتكە يېقىنراق يەنە پەرەز شۇكى، ئالىم مەھمۇت قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاخىرى ھەرپى ئىللەتلىك (ي) سۆزلەر بابىدا:

كاۋلى — Kəvli — كويلا، دەريا ئېغىزى، بۇ ئۈچ سۆز كەنچەكچىدۇ»㉞ - دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىزاھلايدۇ. ئەرەپ گراماتىكىلىق قائىدە بويىچە «مۇسى» يېزىلىپ «مۇسا»، «ئەيسى» يېزىلىپ «ئەيسا» ئوقۇلغىنىغا ئوخشاش «كاۋلى» سۆزىمۇ «كاۋلا»، «كولا» ئوقۇلىشى مۇمكىن، شۇڭا ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن «كورلا» ئاتالغان بولۇشى كېرەك. ھازىرقى كورلا دەرياسىنىڭ جۇغراپىيەلىك كۆرىنىشى خۇددى تۆگمەننىڭ كويلىسىغا ئوخشاش تېز ھەم تار ئاقىدۇ. شۇڭا «كورلا» ئاتالغۇسى مەھمۇت قەشقىرى ئىزاھى بويىچە «كاۋلى — كاۋلا» سۆزلىرىدىن ئۆزگىرىپ، «كويلا، كورلا» دەپ ئاتالغان دېيىش مۇمكىن.

× × ×

يۇقىرىدىكىلەر پەقەت دەسلەپكى ئىزدىنىش. كەلگۈسىدە تۇرپان، قومۇل، ئىلى ئاتالغۇلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ۋە يەر ناملىرىنىڭ تارىخىنى كۆپچىلىك بىرلىكتە ئېنىقلىشىمىز مىللەت تەتقىقاتى ساھەسىدە خېلى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ چۈشىنىمىز.

## ئىزاھلار:

① خەلقئارادا بەزى ئالىملار «كۆك تۈرك» مەڭگۈ تاشلىرى ۋە مانى دىنىي دۇئاسى «خۇئاستۇت»نى ھېساب ئالماقتا، ئۇلار V – VI – ئەسىرلەرگە ئائىتتۇر.

② XIII – ئەسىردە يېزىلغان «سۇراخ» لۇغىتىنىڭ ئاپتورى جامال قارشى ئابدىغاپپارنىڭ «كاشغەر تارىخى»نى كۆرگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. پارىسچە تاش باسما 1850 – يىلى دېھلى

③ «تۈركى تىللار دىۋانى» 1 – توم 400 – بەت

④ چوكانىيار. بۇ ئىسىم، قەشقەردە ئىككى خىل ۋارىيانتتا «ياماندار» دەپمۇ يۇرتىلىدۇ ھەر ئىككىلىسى رابىيە – سەئىدىن پاجىئەسىدىكى «رابىيە» نىڭ ئۆزىنى سۇغا تاشلىغان ئۆستەڭ

⑤ «تارىخى ئەدىيان» 1918 – يىل نەشر 60 – بەت.

⑥ بۇلار چىرىيە ناھىيىسىدە

⑦ قارىقاش، ئىلچى، لوپ ناھىيىسىدە. ⑧ مۇسا سايرامىنىڭ ئىزاھى.

⑨ خوجا ھاشىمخان – دولان – مەكىت تەرەپلەردە ئۆتكەن

⑩ يەركەندە ھازىرغىچە ھەر خىل ئەزكىرە ۋە مازارلار تىزىملىكتىن قارىغاندا 50 دىن ئارتۇق ئىشانلار قەۋرىسى بار.

⑪ «تارىخ ئەمنىيە» موللا موسا سايرامى.

⑫ ئەسۋا بۇلكەھپ قىسسىسى ھەققىدە ئىسلام دىنى يەلسەپىسى بويىچە ئالاھىدە چۈشەندۇرۇشلەر بار.

⑬ تۇرپاننىڭ يەرلىك تەزكىرىسىدە ئىمىن سوفى چىڭ خاندانلىقىدىن ۋاڭلىق مەنسەپ ئېلىپ تۇرپان رايونىنىڭ سىياسى ھۆكۈمرانى بولغان.

⑭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر شەھرى يەر – جاي ناملىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ئۇيغۇرچە 3 – بەت، 1986 – يىل.

⑮ «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» خەنزۇچە 1984 – يىل 3- سان، 62 – بەت.

⑯ «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇرچە، 1985 – يىل 4 – ئىيول (11٠704 – سان) 5 – بەت.

⑰ «قەشقەر ھەققىدە ماتېرىيال» 1 – قىسىم، قەشقەر پېداگوگىكا شۆيۈەن نەشرى، 1980 – يىل.

⑱ «تۈركىي تىللار دىۋانى» خەلق نەشرىياتى 1 – توم، 512 – بەت.

⑲ « » » ئۇيغۇرچە نەشرى 2 – توم، 215 – بەت.

⑳ « » » 1 – توم، 512 – بەت.

㉑ شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى خەنزۇچە 1984 – يىل 3 – سان 68 – بەت.

(داۋامى 45 – بەتتە)

# ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئىلھام مەسىلىسى

## تۇرسۇن قۇربان

### 1

يازغۇچى — تىل سەنئەتكارى. ئۇ تىلنى ۋاستە قىلىپ، كۆركەم، جانلىق، ھەققىي بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىپ، ئىدىيىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ. يەنى مىللىي — ئەدەبىي تىلنى قورال قىلىپ، ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنىڭ بەدىئىي سۈرىتىنى سىزىپ، «ئىككىنچى تەبىئەت» (بىلىنىشكى) نى ۋۇجۇتقا چىقىرىدۇ. بۇ «ئىككىنچى تەبىئەت» بەدىئىي ئەسەر بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇنى ئۆز مەقسىتى ھەم گۈزەللىك غايىسى بويىچە ئۆزگەرتىدۇ. شۇڭا، يازغۇچىنىڭ ئىشى — بىر خىل جاپالىق، مۇرەككەپ، ئۆتكۈر ئىجادىي ئەمگەك. يازغۇچىنىڭ بىرەر تەسىرلىك ئەسەرنى يېزىپ ئېلان قىلىشى ۋە شۇ ئەسەر ئارقىلىق ئونمىڭلىغان كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىگەللىشى قۇرۇلۇش ئىنژېنېرىنىڭ بىر زور بىنانى كۆڭۈلدىكىدەك لايىھەلەپ، شۇ بىنانى قوپۇرۇپ كىشىلەرنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغاندەك مۇشكۈل ئىش، يازغۇچىنىڭ ئەمگىكى — ئۇنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر جەريانىدۇر.

ماركسىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى تەلىماتى شۇنداق قارايدىكى، ئەدەبىيات ئالاھىدە تىپتىكى ئىدېئولوگىيە شەكلى بولۇپ، ئۇ بەدىئىي ئوبراز ۋاستىسى ئارقىلىق دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا ئەدەبىيات دۇنيانى بەدىئىي جەھەتتىن تونۇش ۋە ئىگەللەشنىڭ ۋاستىسى. ئۇنىڭ دۇنيانى بىلىش ئۇسۇلى — ئوبرازلىق تەپەككۇر شەكلىدىن ئىبارەت. چۈنكى: ئىلمىي-نەزەرىيىۋى خاراكتېرلىق ئەسەرلەردە ئاپتور كونكرېتنى، ھېسسىي ماتېرىياللاردىن ئابستېراكتنى ئۇقۇم، چۈشەنچە، تەرەپلەرگە قاراپ ماڭىدۇ. لېكىن ئەدەبىي ئەسەردىكى تەپەككۇر جەريانى باشقىچە، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يازغۇچى باشتىن-ئاخىر ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن ئايرىلماي، ئابستراكتلىقتىن كونكرېتلىققا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. تامامەن، كونكرېتنى، ھېسسىي، جانلىق تۇرمۇش دېتاللىرىغا (پاكىتلىرىغا) مۇراجىئەت قىلىپ ئۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ھەم ئومۇملۇققا، ھەم خاسلىققا ئىگە بولغان بەدىئىي كۆرۈ-

www.uyghurkitap.com

ئۇشنى يارىتىپ كىشىلىك تۇرمۇش ھەقىقىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

دېمەك، يازغۇچى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىشتىن توختاپ قالماي ئىشلەيدۇ. شۇڭا، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىشتىن ئىبارەت خاس ئىجادىي مەنىۋى ئەمگەك. بۇ خىل ئەمگەك «مەرىپەت ئىلاھى بىلەن قەلبى باي①» بولغان، «ھەممىشە مەنا غەزنىسىدىن گۆھەر ئېلىش، خەلققە پەيزى بېغىشلاش ئۈچۈن نەزىم توقۇش ۋە نەزمىگە ۋەزىن بېرىش②» قا ئۆزىنى بېغىشلىغان ھەقىقى يازغۇچى — شائىرلارنىڭ قولىدىن كېلىدۇ.

يازغۇچى بەدىئىي ئوبرازنى ياخشى سىزىش ئۈچۈن ھامان ئۆزىنى ئوبرازلىق تەپەككۇر قاينىمىغا ئاتىدۇ. ئۇ بۇ چاغدا چوڭقۇر، باي ئوي-خىيالغا، قۇدرەتلىك تەسەۋۋۇرغا بېرىلىپ كېتىدۇ. يازغۇچى دەل مۇشۇنداق چاغدا، ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئۇ سىزماقچى بولغان بەدىئىي ئوبراز گەۋدىلىنىدۇ-دە، ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى قوزغۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ ئىلھامنىڭ قوزغۇلۇپ كەلگەن، خۇددى قىيانلىق دەريادەك جۇشقۇنلىغان، بۇنىڭ بىلەن بەدىئىي ئوبرازنى سىزىشقا ئىشلىتىلىدىغان تىل بوياقلىرى — جانلىق، ئىخچام، توغرا، ھېسسىياتلىق ۋە ئاھاڭدار سۆز-جۈملىلەر يازغۇچىنىڭ قەلبىدىن پونتاندەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان جىددى ۋاقىتتۇر.

ئەدەبىي ئەسەر شۇنداق پەيتتە يېزىلسا، ھەقىقى تۇرمۇش ۋە ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ. بۇنداق ئەسەردىكى ئوبراز شۇنچە ھېسسى، شۇنچە كونكرېتنىسى، شۇنچە جانلىق، تەبىئى، شۇنچە يېقىملىق ۋە شۇنچە غايىۋى بولىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىي ئىجادىيەت زاكاس ۋە توختامنامە بويىچە بولىدىغان ئەمگەك ئەمەس، بەلكى يازغۇچىنىڭ كەڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە ئىگە بولۇپ تۇرمۇش تەسىراتلىرى توپلىنىپ ئىلھامى كەلگەن پەيتتە بولىدىغان جاپالىق، ئەمما كۆڭۈللۈك ئەمگەكتۇر.

## 2

پىسخىلوگلار ۋە ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە ئىلھام ئىنسانلاردا ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىر خىل مەنىۋى ھالەتتىن ئىبارەت. ئىنسانلارغا خاس ئورتاق پىسخىك ھادىسە.

دۇنيادا ئەقلى-ھوشى بارلىكى ئادەم بىرەر نەرسىدىن سۆيىنىدۇ، بىرەر نەرسىدىن نەپرەتلىنىدۇ. شۇ جەرياندا ئۇنىڭدا ئىلھام پەيدا بولىدۇ. ئىلھام ھەممىلا ئادەمدە مەۋجۇت پىسخىكىلىق ھادىسە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئادەملەردىكى يۇقىرى-تۆۋەنلىك، كۈچلۈك ۋە كۈچسىزلىك دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ.

① ② ناۋايى «شائىرلار ھەققىدە»، («مەھبۇبول قۇلۇپ») ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1985 - يىل 7 - ئاي 1 - كۈنى سانى.

ھەر قانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن ئادەمدە بىر روھى كۈچ
بولۇش لازىم. بۇ دەل ئىلھامدۇر. ئىلھام غايىنىڭ باشلامچىسى. ئىلھام بولۇش
ئۈچۈن ماددى (جىسمانى) ئەركىنلىكلا بولۇش كۇپايە قىلمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى
ئادەمدە، بولۇپمۇ يازغۇچىدا يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىرادە (روھى) ئەركىنلىك بولىشى
كېرەك. ئادەمدە سۇنماس ئىرادە بولىدىكەن، ئۇ جىسمانى جەھەتتە زىيان — زەخ-
مەتكە ئۇچرىغان ھالەتتىمۇ ئىلھامدىن ئايرىلمايدۇ. يولىۇس فوچىك، مۇسا جىلىل،
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، تەۋپىق، ل. مۇتەللىپ قاتارلىق بۈيۈك يازغۇچى — شائىرلار
دۈشمەننىڭ قىيىن - قىستاقلىرى ئىچىدىمۇ ئىلھامدىن ئايرىلماي ئاجايىپ نادىر
شېئىرلارنى يازغان ئىدى.

يازغۇچى — شائىرلاردىكى، ئىلھاملىنىش كۈچلۈك ۋە قىزغىنلىق دەرىجىسى
يۇقىرى بولغان ئوبرازلىق تەپەككۇر شەكلىنى قوللىنىپ، تىل سەنئىتىنى يارات-
قانلىقى، بۇنىڭ بىلەن دۇنيانى بەدىئىي جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن
مۇناسىۋەتلىك.

يازغۇچى ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان تۇرمۇش ھادىسىسىنىڭ ماھىيەتلىك
قانۇنىيىتىنى بىلگەندىلا ۋە شۇ ماھىيەتلىك تۇرمۇش قانۇنىيىتىنى دەل، توغرا
چىن ئەكس ئەتتۈرۈش يولىنى ئەركىن تاللىغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنى ھەقىقى ئىجا-
دىيەت ئىلكىدە ھېس قىلىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىلھامى پارتلايدۇ. بۇ
مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىلھام، ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش داۋامىدا قوزغۇلۇپ تۇرىدى-
غان، بەدىئىي ئوبرازنىڭ يارىتىلىشىغا يول ئېچىپ بېرىدىغان. بەدىئىي دىت، بەدىئىي
تەسەۋۋۇر ۋە خىيالنى كۈچەيتىدىغان ۋە ئۇلارنى ۋەقەلىكلەرگە ئايلاندۇرىدىغان ئەڭ جىددى
ئەڭ ئۆتكۈر، ئەڭ قىيىن، ئەمما يازغۇچى ئۈچۈن كۆڭۈللۈك سىزىلغان روھى پائالىيەت-
تۇر. شۇنداقلا يازغۇچى ئىجتىمائى تۇرمۇش ھادىسىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ،
كېرەكلىك دېتاللارنى توپلاپ، ئۇلار ئۈستىدە مەنتىقى تەپەككۇر يۈرگۈزگەندىن
كېيىن، شۇ توپلانغان دېتاللارنى تاللاپ، مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆزى ياراتماقچى بولغان
بەدىئىي ئوبرازنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، يەنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا شۇ بەدىئىي
ئوبرازنىڭ روھى گەۋدىلىنىپ، يېزىقسىز ئەسەر پەيدا بولۇشقا باشلىغان ۋاقىتتا
قوزغۇلىدىغان ئىنتايىن جىددى، پارتلاش خاراكتېرىدىكى مەنىۋى ھەركەتتۇر. ياز-
غۇچىنىڭ ئۆزى مەنسۇپ بولغان دەۋرنىڭ ۋە مىللەتنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىنى،
شۇنداقلا باشقا قېرىنداش مىللەتنىڭ تۇرمۇشىنى، ئۇزاق مۇددەت، چوڭقۇر كۆزەتكەن-
لىكى، ۋەقەلىكلەر ۋە شەيئىلەرنى تەپسىلى ئانالىز قىلىپ، ئۇلارنى ماھىيەت جەھەت-
تىن ئىگەللىگەنلىكى — ئىلھامنى پەيدا قىلىدىغان ئوبيېكتىپ ماددى ئاساس. ياز-
غۇچىنىڭ ئېرسىيەت جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى، ئۇنىڭ سېزىمچانلىقىدىكى ئۆتكۈرلۈك،
خاتىرىسى، تىل - تەپەككۇرى جەھەتتىكى كۈچلۈكلۈك، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيت-

قاندا، ئۇنىڭ چوڭ مىڭە فۇنكسىيىسىنىڭ (خىزمەت پائالىيىتىنىڭ) ئىزچىل راۋان بولىشى، چوڭ مېڭىنىڭ ئىنكاسىي قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈن بولىشى ئىلھامنى پەيدا قىلىدىغان سۇبيېكتىپ ئاساستۇر. بۇ ئىككى ئاساسسىز ئىلھامنى پەيدا قىلىش ئىلھامنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ رېئالىستىك ئەدەبىيات ئىجادىيىتى ئۈچۈنمۇ، رومانتىك ئەدەبىيات ئىجادىيىتى ئۈچۈنمۇ ئورتاق قانۇنىيەت، مۇبادا يازغۇچى دايىم تۇرمۇش بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرسىمۇ، ئۇ ئاجايىپ تەسىرلىك ۋەقە — ھادىسىلەر ئىچىدە يۈرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا يازغۇچى — سەنئەتكارغا خاس يۇقىرى سېزىمچانلىق، يۇقىرى دىققەت، خاتىرە ئىقتىدارى، كۈچلۈك ۋە مول خىيال، قىياس، تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە چوڭ مىڭە، چوڭ مېڭە خىزمەت پائالىيىتى بولمىسا، بەرىبىر ئۇنىڭدا ئىجادىي ئىلھام قوزغالمايدۇ. بۇ ئىلھامنىڭ تالانت بىلەن ياكى بەدىئىي دىت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىلھام بولۇپ، بەدىئىي تالانت بولمىسا ئىلھاممۇ بەرىبىر قۇرۇق نەرسە بولۇپ قالىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان بەدىئىي «ماھارەت — يازغۇچى ئۆز يۈرىكىدە بار بولغان نەرسىلەرنى كىتابخانلارغا ناھايىتى ئېنىق ناھايىتى جۇشقۇنلۇق، ناھايىتى ئىخچام ۋە ناھايىتى ئاھاڭدار قىلىپ يەتكۈزۈپ بېرىشكە ماھىر بولۇش» (بورىس گورباتوپنىڭ سۆزى. ۋىرائىنېرنىڭ «ئىلھام ۋە ماھارەت» دېگەن ماقالىسىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «شىنجاڭ ئەدەبىيات — سەنئىتى» 1956 - يىل 12 - سان 68 - بەت) دېگەنلىكتۇر، يازغۇچىنىڭ تالانتى تىل تەسۋىرىدىكى گۈزەللىكتە، بەدىئىي قۇرۇلما تۈزۈلۈشىدىكى ئىخچاملىقتا، ئىدىيىۋى خاھىشىدىكى (پىكىردىكى) ئېنىقلىقتا نامايەن بولىدۇ. ۋىرائىنېر: تىل، ئىخچاملىق ۋە ئېنىقلىق مەسىلىسىنى «ماھارەت قىممىسىدە يىلتىز تارتقان ئۈچ "كىت" تۈر» (شۇ ماقالە، 68 - بەت) دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئىلھامنىڭ رولى يەنە شۇ يەردىكى بىرىنچىدىن، ئىلھام بەدىئىي ئوبرازنىڭ ھەقىقى بەدىئىي چىنلىقتا كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئوبراز سىستېمىسىنىڭ تەرەققىيات يولىنى يورىتىدۇ. ئىككىنچىدىن، يازغۇچىنىڭ فانتازىيىلىك كۈچىنى ئاشۇرۇپ، خىيالنى موللاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەدىئىي توقۇلمىنىڭ مۇكەممەل ۋە ئىشەنچلىك ۋەقەلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ھېسسىياتنى كۈچلەندۈرۈپ، ئۇلغايتىپ، بەدىئىي تەسۋىرنى لىرىك تۈسكە ئىگە قىلىپ كىتابخانلارنىڭ بەھرىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تۆتىنچىدىن؛ يازغۇچى — سەنئەتكارنىڭ ئۆز بەدىئىي قابىلىيىتىنى تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ ئەركىن جارى قىلىشىغا، مىللى تىل بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. ھەقىقى ئىلھام قوزغالغاندا يېزىلغان ئەسەر ھەقىقى بەدىئىي ئەدەبىيات بولىدۇ. بۇنداق ئەسەردە ھەم ئوبيېكتىپ ھەقىقەتكە ھەم سۇبيېكتىپ روھى دۇنياغا مۇۋاپىق بولغان بەدىئىي ئوبراز يارىتىلغان بولىدۇ.

بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە فانتازىيە ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ تولۇقلىغۇچىسى ۋە بەدىئىي ئوبرازنىڭ غايىۋىلىك جەھەتتىكى كۈچىنى ۋە تەسىرىنى شەكىللەندۈرگۈچىسى، ئىلھام، ئەشۇ تەسەۋۋۇر ۋە خىيالنىڭ قوزغاتقۇچىسىدۇر.

## 3

ئىلھام ھەممە يازغۇچىدا پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان مۇقەررەر نەرسە. لېكىن ئۇ يەنە بىر تەسادىپىي نەرسە. خاس نەرسە ۋە يارقىن نەرسە ئۇ، ھەدېگەندىلا قوزغىلىۋېرىدىغان روھىي پائالىيەت ئەمەس. ئىلھام شۇنداق بىر نەرسىكى، ئۇ بىر كۈنى كۈندۈزدە، ياكى كېچىدە، كەچتە، سەھەردە تەسادىپىيلا قوزغۇلۇپ، پارتلايدۇ، يازغۇچى بۇ ۋاقىتتا ئىنتايىن جىددىي ھالەتكە ئۆتىدۇ-دە، بۇ ۋاقىتنى ئىنتايىن غەنىمەت بىلىپ، قەلىمىنى جىددىي ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. شۇڭا بىز ئەمەلىي تۇرمۇشتا بەزى يازغۇچىلارنىڭ پويىزدا، ئايروپىلاندا، پاراخوتتا، ماشىنىدا، زىياپەت زالىدا، يولدا، تۈن-كېچىدە، ئىسسىق تومۇز كۈنى كۈندۈزدە، ئىش قىلىپ 24 سائەتنىڭ بىرىدە، قولىغا قەلەم ئېلىپ قىزغىن ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. ئىلھام، ھەممىلا يازغۇچىدا بولىدىغان ئورتاق روھىي ھالەت بولسىمۇ، لېكىن، ھەربىر يازغۇچىنىڭ ئىلھاملىنىش جەھەتتىكى خاسلىقى بولىدۇ. يەنى ھەربىر يازغۇچىدىكى ئىلھام ناھايىتى روشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا (خاسلىققا) ئىگە. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن يېتىلگەن يازغۇچىنىڭ تېما تاللاش، تېمىنى ئېچىش، باش تېمىنى بىر تەرەپ قىلىش، ئوبراز يارىتىش، تىل تەسۋىرى، مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. ھەربىر يازغۇچىدىكى ئىلھامنىڭ يارقىن خاسلىققا ئىگە بولۇشى، شۇ يازغۇچىنىڭ ياشاش شارائىتى، تۇرمۇش ئادىتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ئىجتىمائىي ئورنى، تەپەككۇر قىلىش ئالاھىدىلىكى، يېزىقچىلىق ئىستىلى، شۇنداقلا شۇ يازغۇچى مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، دەۋرنىڭ روھىي قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئىلھام، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تېمىسىنى بەلگىلەشتە، مۇھىم رول ئوينايدۇ. بەدىئىي ئوبراز تېمىنى ئاچىدىغان، باش تېمىنى يورۇتىدىغان ئامىل. يازغۇچى — شائىردا قوزغالغان ئىلھام ئەنە شۇ بەدىئىي ئوبرازنى يورۇتىدىغان نەرسە، شۇڭا ئۇ ناھايىتى يۇقىرى روشەنلىككە ئىگە، ئۇ يۇقىرى دەرىجىدە روشەن ۋە ئېنىق بولغاچقا (ئەگەر ئۇ ھەقىقىي ئىلھام بولغان تەقدىردە) بەدىئىي ئوبرازمۇ ئەڭ روشەن ۋە ئېنىق بولۇشتەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولالايدۇ.

بەدىئىي ئەسەرنىڭ يۈكسەك گۈزەللىككە ئىگە بولۇشى ئالدى بىلەن، ئۇنىڭدا سېزىلگەن بەدىئىي ئوبرازنىڭ گۈزەل بولۇشىغا باغلىق — بەدىئىي ئوبرازنىڭ گۈزەل بولۇشى — يازغۇچى — شائىرنىڭ تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدىكى گۈزەللىكنى تېپىپ، ئۇنى

www.uyghurkitap.com

دەۋر روھى، مىللەت روھىنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىلىك كۈچى بىلەن تەسۋىرلىشى يازغۇچى — شائىرنىڭ ئىستېتىك قارشى ۋە غايىسىنىڭ گۈزەل بولىشى ۋە شۇ گۈزەللىكنى ئوبرازدا گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بېلىنسكى مۇنداق دېگەن ئىدى: «مۇبادا بىر بەدىئىي ئەسەر پەقەت تۇرمۇشنى تەسۋىرلەش ئۈچۈنلا تەسۋىرلەپ، دەۋر روھىنىڭ كۈچلۈك سۇبيېكتىپ تۈرتكىلىك رولىنى ئۆتىيەلمىسە ئازاب-ئوقۇبەتلىك نالە - زار ياكى يۈكسەك دەرىجىدىكى يارقىن قەسىدە بولالمىسا، بىرەر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويالمىسا، شۇنداقلا بىرەر مەسىلىگە جاۋاب بولالمىسا، ئۇ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە نىسبەتەن ئەھمىيەتسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.» دەل دەۋر روھى، خەلق پىكرى، مىللەتنىڭ ئەقىدىسى ۋە روھى ئەڭ گۈزەل نەرسىلەردۇر. مۇشۇ گۈزەللىك تەرەپلەر بەدىئىي ئوبرازدا تولۇق، يارقىن گەۋدىلەنسە، بۇنداق ئوبراز ھەقىقى گۈزەللىككە ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل ئوبراز يارىتىلغان ئەسەرنى ھەقىقى گۈزەل ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەر پەقەت يازغۇچى قىزغىن ۋە مۇقەددەس ئىلھامغا ئېرىشكەندىلا مەيدانغا كېلىدۇ.

ئىلھام، بىر خىل پسىخىك پائالىيەت، شۇڭا ئۇنىڭ پەيدا بولۇپ پارتلىشى، سېھرى كۈچى ئادەملەرنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ۋە پسىخىك ئۆزگىرىش تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، بولۇپمۇ ئادەمنىڭ ئىقتىدار، سېزىم، دىققەت، خاتىرە، تىل - تەپەككۇر جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ۋە بۇ خىل پسىخىك ئاسلارنىڭ ئۆزگىرىش ھالەتلىرى ئىلھام مەسىلىسىدە چوڭ رول ئوينايدۇ. يۇقىرقى تەرەپلەردە ھەربىر ياش مەزگىلىدىكى ئادەملەرنىڭ ئۆز ئارا پەرقلىرى ۋە خاسلىقى بولغاچقا، ئىلھام ناھايىتى روشەن ھالدا خاسلىققا ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئىلھام، ئىنساننىڭ ھەممە ئۆمۈر باسقۇچلىرىدا پەيدا بولۇپ ياكى پارتلاپ تۇرىسمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سان ۋە سۈپەت دەرىجىسى ئۆز ئارا روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئىلھام چوڭ مېڭە فۇنكسىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، ئاجىزلىقتىن كۈچلۈكلۈككە، مۇرەككەپلىكتىن ئاددىيلىققا، كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىزلىققا قاراپ ماڭىدۇ.

ئادەمنىڭ پسىخىك يېتىلىشى تولۇق بولغان، مۇستەقىل دۇنيا قارىشى، ئىستېتىك غايىسى تىكلەنگەن، سەرگۈرلىكى ئاشقان، تالانتى راسا نامايەن بولۇۋاتقان مەزگىللەردە ئىلھامنىڭ پارتلىشى تېز، ئۆتكۈر، چوڭقۇر بولىدۇ.

ئادەمنىڭ (بۇ يەردە يازغۇچى — شائىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ياشلىق دەۋرى بىلەن ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرى ئىلھامنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە پارتلىشى تېز، پارتلاش كۈچى ھەيۋەت بولغان مەزگىللەردۇر. بەزى يازغۇچىلار ياشلىق دەۋرلىرىدە ناھايىتى گىنئال ئەسەرلەرنى يازغان. ئەلشىر ناۋايى ياشلىق دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئاجايىپ ئېسىل، غەزەل، مۇخەممەس، رۇبائىلارنى يېزىپ ئۇستازى ئابدىراخمان جامىنى ھەيرەتتە قالدۇرغان، ئەينى ۋاقىتتا ساپ ئۇيغۇر تىلى بىلەن غەزەل يېزىش-

نىڭ نەمۇنىسىنى ياراتقان ئىدى. ئۇنىڭ: «يىگىتلىك دۇردانىلىرى» بۇ تالانتلىق شائىرىمىزنىڭ ياشلىق مەزگىلىدە ئۇرغۇپ تۇرغان ئىلھامىنىڭ مەھسۇلى. ئەنگلىيە رومانتىك شائىرى بايرون، ۋېنگرىيە ئىنقىلابى شائىرى پېتوفىلارمۇ دۇنياغا مەشھۇر ئېسىل شېئىرلىرىنى 20 نەچچە ياش ۋاقتىدا يازغان. پۇشكىننىڭ «كاپىتان قىزى»، «پادىشاھ يېزىسىنىڭ خاتىرىلىرى»، «تۇتقۇن»، «دوبروۋسكى»، «بېلىقچى بوۋاي بىلەن ئالتۇن بېلىق ھەققىدە ھېكايە» دەل ياشلىق دەۋرىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن. پۇشكىننىڭ قىسقىغىنە 800 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، نەچچە ئون رومان، پوۋېست، ھېكايە يازغانلىقى، ئۇنىڭ ئىلھامىنىڭ قىزغىن، ئۆتكۈر ۋە مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بېلىنسكى، دوبرولىيوبوۋلارنىڭ ئۆلمەس گىنىئال ئەسەرلىرىمۇ دەل ئۇلارنىڭ ياشلىق دەۋرىدە يورۇقلۇققا چىققان.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا ل. مۇتەللىپ، ئا. ئۇيغۇرى، تەۋپىق، ز. قادىرى، ت. ئېلىيوف، ت. ئالماس، م. رەھىم، ق. ئىمىنلارنىڭمۇ بىر قىسىم ياخشى ئەسەرلىرى ياشلىق دەۋردە يارالغان.

ئەدەبىيات تارىخىدا بەزى مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ تولىسى يازغۇچى — شائىرلارنىڭ ئوتتۇرا ياش مەزگىلىدە، قېرىلىق مەزگىلىدە مەيدانغا كەلگەن ئىدى.

جۇڭگو ۋە دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىن قارىغاندا خېلى كۆپ ئۇلۇغ يازغۇچى — سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادى پائالىيىتى تاكى كۆزى يۇمۇلغىچە داۋاملاشقان. بۇنداق بولۇشىدا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش بىلىملىرىنىڭ موللىقى، بەدىئىي تەربىيىلىنىشىنىڭ ئۈزلۈكسىز بولغانلىقى، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنىڭ بېيىغانلىقى، تالانتىنىڭ مۇكەممەللەشكەنلىكى مۇھىم رول ئوينىغان. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇلارنىڭ ئىلھامى ئۈزلۈكسىز پارتلاپ تۇرغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئا. نىزارى، لېۋ. تولستوي، گومورولار تۈگىمەس ئىلھامغا ئىگە بولغان يازغۇچىلار ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاموس خاراكتېرلىك ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» نى قېرىلىق دەۋرىدە يازغان ئىدى. ئا. نىزارىنىڭ «رابىيە — سەيدىن» قاتارلىق بىر قانچە يىرىك داستانلىرىمۇ ئۇنىڭ قېرىلىق دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن. لېۋ. تولستويمۇ ئاخىرقى نەپسىگىچە يېزىقچىلىق ئۇستىلىدىن ئايرىلمىغان. گومورو 80 نەچچە ياشقا كىرىپ قالغان چاغلىرىدا ناھايىتى قىزغىن، جەڭگىۋار شېئىرلارنى يېزىپ يېڭى تارىخى دەۋرنى مەدھىيىلىگەن ئىدى. ئەمما شۇنىمۇ ئېيتماي بولمايدۇكى: ئادەم قېرىلىق دەۋرگە قەدەم قويغاندا جىسمانى ۋە ئەقلى جەھەتتىن ئاجىزلاپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، يازغۇچى بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ياشلىق ۋە ئوتتۇرا ياش مەزگىللىرىدىكىدەك پارتلاش خاراكتېرلىك ئىلھامغا ئىگە بولۇشى ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال ئەمەس، ئادەمنىڭ ياشلىق ۋە ئوتتۇرا ياشلىق مەزگىلى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياش مەزگىلى، ئەقلى يېتىلگەن، دۇنيا قارىشى ۋە غايىسى مۇقىملاشقان، تالانتى راسا نامايەن بولىدىغان مەزگىلدۇر، يازغۇچى مۇشۇ مەزگىلگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەدەم قويغاندا ئۇنىڭ ئەقلى ئۆلگۈيۈپ، تالانتى يۈكسەك بولىدۇ. شۇڭا يازغۇچىنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئىلھامى خۇددى باھار سۈيىدەك دولقۇنلاپ كېلىدۇ.

ئورغۇن تالانتلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى چۈشەندۈرىدىكى، يازغۇچى پەقەت تۇرمۇشتا مۇھەببەت ۋە نەپرەت تۇيغۇلىرىنى ھېس قىلالىغاندىلا ئاندىن ھەقىقى ئىلھامغا ئىگە بولىدۇ. يازغۇچى ھامان ھەقىقى ئىلھامنى ئۈمىت قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئىگە بولىشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ يالغان ئىلھامغا ئالدىنىپ قالماسلىقى كېرەك. ئەگەر يازغۇچى (تالانتلىق يازغۇچى بولغان تەقدىردىمۇ) يالغان ئىلھامغا ئالدىنىپ قالىدىكەن، ئۇ ھەقىقى تۇرمۇش پۇرىقى بار، توغرا تەپەككۇرلۇق ياخشى ئەسەرلەرنى يارىتالمايدۇ. بەلكى، بەزى كۆرۈنىشى چىن، ئەمما ماھىيىتى ساختا نەرسىلەرنى گۈزەل ۋە ھەقىقى پاكىت سۈپىتىدە يېزىپ قويۇشى مۇمكىن.

تۇرمۇشتىكى ھەممىلا رېئال ھادىسىلار ۋە پاكىتلارنىڭ ھەممىسىلا ماھىيەت چىنلىقىغا ئىگە بولۇشى ناتايىن. شۇڭا ئۇچرىغانلىكى، كۆرگەنلىكى نەرسىلەرنىڭ، ھادىسىلارنىڭ ھەممىنى چىن، ھەقىقى ۋەقەلەر دەۋرىشكە بولمايدۇ. بەزى تۇرمۇش پاكىتلار كۆرۈنۈشتە چىندەك بولغىنى بىلەن تۇرمۇشنىڭ ئۆز مەنتىقىسى، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تىپىكچىلىك پرىنسىپى بويىچە قارىغاندا، ئۇنىڭ ماھىيەت جەھەتتە چىن ــ ھەقىقى بولۇشى ناتايىن.

يازغۇچى شۇنى بىلىشى كېرەككى، رېئال تۇرمۇشتىكى كۆرۈنۈشى راس ئەمما ماھىيىتى ساختا پاكىتلارغا ئالدىنىشنىڭ ئۆزى يالغان ئىلھامنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يازغۇچى بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، پەقەت ھەقىقى، چىن، توغرا تەپەككۇرلۇق ئىلھام قوزغالغاندىلا يېزىش كېرەك.

4

ئىلھام ئالاھىدە تىپتىكى بىر خىل پسىخىكىلىق پائالىيەت، ئەمما ئۇ بەكمۇ سىرلىق نەرسە ئەمەس. ئىلھامنىڭ سېھرى كۈچى يەنىلا ئادەمنىڭ ئۆز ئىلكىدە. شۇڭا ئىلھام ئادەم قولغا كەلتۈرەلەيدىغان، ئادەم قېزىشىش تامامەن مۇمكىن بولغان نەرسە، ئىلھامنىڭ سىرى بەك يوشۇرۇن دېگەندىمۇ، بۇ سىر يەنىلا ئادەم ئەقلىدە، ئۇنى ئادەم ئاچالايدۇ! ئىلھام قانداقتۇر بىر ئىلاھى قۇدرەت بەخش ئېتىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى، ئوبيېكتىپ تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئىنسانلارغا تەقدىم قىلىدىغان نەرسىدۇر. بۇ ھەقتە لېۋ. تولىستوي قەتئىي قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئىلھام تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن، ھەمدە سەن قىلالايدىغان ئىش. ئىلھام قانچە روشەن بولسا ئۇنى تېخىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم».

ئىلھام، يازغۇچىنىڭ كۈتۈپ تۇرۇشىنى ساقلاپ تۇرمايدۇ. بەلكى ئىلھام يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش قايىنىمىغا بېرىپ، تۇرمۇشتىن تەسىرلىنىشى ئارقىلىق پەيدا بولى-

دۇ. ئىلھام، يازغۇچى ئۆزى ئامال قىلىپ ئىزلەپ تاپىدىغان نۇر. سوۋېت يازغۇچىسى ۋېرائىنبېر ئىلھامغا مۇراجىئەت قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئالغا! ئالغا! يەنە ئالغا! قېيىنچىلىقتا زادى بېرىلمەيلى! ئىلھامنى كۈتۈپ تۇرماستىن ئۇنى ئۆزىمىز تاپايلى» («ئىلھام ۋە ماھارەت»، «شىنجاڭ ئەدەبىيات — سەنئىتى» 1956- يىلى 12 - سان).

قانداق قىلغاندا ئىلھامنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟

1. يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشى، ھەر ۋاقىت تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇشى، ھەر تەرەپلىمە تۇرمۇش بىلىملىرىگە ئىگە بولۇشى — ئىلھامغا ئېرىشىشتىكى مۇھىم ئامىل. چۈنكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەم ئەدەبىيات — سەنئەتنىڭ بىردىن - بىر مەنبەسى ھەم ئىلھامنىڭ تۈپ مەنبەسىدۇر. كىشىلىك تۇرمۇش — جىمىكى تەپەككۇر پائالىيەتلىرىنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە جىمىكى تەسىراتنى ۋە ئىدىيەۋى ھېسسىياتنى قوزغاتقۇچى تۈپ ئاساسى ئوبيېكتىپ رېئاللىقتۇر.

ئەمەلىيەت — ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىن - بىر ئۆلچىمى. جىمىكى ئەمەلىيەت ئىچىدە — ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىدا قوزغالغان پائالىيەتلەر. ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلار دەل ئوبيېكتىپ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنىڭ بىۋاستە تەسىرى ئارقىلىق بولىدۇ. ئىلھاممۇ دەل يازغۇچى — سەنئەتكارنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىدا قوزغالغان روھىي پائالىيەت، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى ۋە كېلىش مەنبەسى — تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدۇر. بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىكەن، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە تۈرتكە بولىدىغان، بەدىئىي شەكىلگە «چوڭقۇر ھەقىقەتنى يوشۇرغان» (ئەيچىڭ)، يازغۇچىنىڭ كۆز ئالدىدا بەدىئىي ئوبرازنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان ئىلھامنىڭمۇ بىردىن - بىر مەنبەسى — تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئەلۋەتتە. چۈنكى «ئىلھام بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ مۇھىم ئامىلى، بولۇپمۇ بەدىئىي ئىپادىلەش جەريانىنىڭ مۇھىم شەرتى»، «ئىلھام، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى خاراكتېرلىق ئالاھىدە روھىي تۇيغۇنلۇق ۋە مۇنداق ئالاھىدە روھىي تۇيغۇنلۇق بىلەن باشلانغان تۇغرىدىن - تۇغرا ئىجادىي ئەمەلىيەتنى ئىبارەت» (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، «ئومۇمىي ئېستېتىكا» شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى 1985 - يىلى 173 - بەت) ئىلھام بەدىئىي ئىجادىيەتتە كەم بولسا بولمايدىغان بىر مۇھىم شەرت ئىكەن، مۇقەررەركى، ئۇ تۇرمۇش رېئاللىقىدىن سىرتتا تۇرىدىغان، قانداقتۇر دىن ئىلاھىي قۇدرەت ئاتا قىلىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى، ئۇ كىشىلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنىڭ مەھسۇلى، يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش ھادىسىلىرىدىن (كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىدىن) بىۋاستە تەسىرلىنىشىنىڭ نەتىجىسى، شۇڭا ئىلھام ھامان تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن بارلىققا كەلگەچكە، يازغۇچى ئىلھامنى تېپىش ۋە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشتە، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشكە، تۇرمۇشنى ھەر تەرەپلىمە

ئۆگىنىشكە، تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ ئۇنىڭ ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىقىپ ئىگەللەشكە توغرا كېلىدۇ.

2. يازغۇچىنىڭ سەزگۈر بولۇشى، ھەممە نەرسىگە دىققەتتە بولىشى، ئۆزىنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرۇشى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى داۋاملىق ئىشلەش ھالىتىگە كەلتۈرۈپ تۇرۇشى — ئىلھامنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتى، بۇ يازغۇچى تۇرمۇشتا ۋە ئىجادىيەتتە كۈچلۈك تەلەپچان بولىشى كېرەك دېگەنلىكتۇر.

ۋېرائىنبېر «ئىلھام ۋە ماھارەت» دېگەن ماقالىسىدا: «ئۆزەڭنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرۇشۇڭ لازىم. ئۆزەڭنى ئىشلەش ھالىتىگە كەلتۈرۈش يېتەرلىك بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش زۆرۈر» («شىنجاڭ ئەدەبىيات — سەنئىتى» 1956 - يىل 12 - سان 79 - بەت) دېگەن ئىدى. بۇ يەردىكى كۆزىتىش — يازغۇچىنىڭ ئۆزىنى ھەمىشە ئىشلەش ھالىتىگە كەلتۈرۈپ تۇرۇشىغا، ئىلھامنى ئىزدەشكە، ئىلھامدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىشقا قارىتىلغان. يازغۇچىنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرۇشى مۇنداق مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىپ تۇرۇشى — ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆزەتكەنلىكىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. ئەگەر يازغۇچى سەزگۈر بولمىسا، تۇرمۇشقا ۋاقتىدا چۆكەلمەيدۇ. تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ۋە تۇرمۇشتىكى ئىستىقباللىق شەيئىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا بايقىيالمايدۇ - دە، ئىلھامدىن قۇرۇق قالىدۇ. يازغۇچى سەزگۈر بولمىسا، تۇرمۇش دېتاللىرىنى ئېنىق ۋە ئىشەنچلىك قىلىپ تەسۋىرلىيەلمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن «ئېنىق بايان قىلىنمىغان نەرسە مۇجمەل تۇيغۇلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشەنچسىز ئىكەنلىكىگە گۇمانلىنىش ئاساسىنى تۇغدۇرىدۇ». شۇڭا «پوئېتنىڭ ئەسەرنىڭ تۇرمۇشقا سىڭىپ كېتىشى ئۈچۈن ئەنە شۇ تۇرمۇشقا سۆزسىز ئىشىنىش كېرەك. تۇرمۇشقا ئىچكىرىلەپ كىرىشىمىز ۋە تۇرمۇشقا خۇددى ئۆيىمىزدىكىدەك ئورنىشىۋېلىشىمىز كېرەك». (ۋېرا ئىنبېر «ئىلھام ۋە ماھارەت»). (2) ئىجادىيەتنىڭ ئومومى يۈزلىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا نىسبەتەن سەزگۈر بولۇش — يازغۇچىنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىپ ئۆزىنى دائىملىق ئىشلەش ھالىتىگە كەلتۈرۈشنىڭ بىر مەزمۇنى. بۇنىڭدا يازغۇچى ئۆزى مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ ۋە دەۋرنىڭ ئەدەبىيات — سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات — يۈزلىنىشىنى، يەنى قايسى تېمىلارنىڭ ئاكتىۋئاللىقىنى، قايسى خىلدىكى ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن ئەدەبى ئۇسلۇبىنىڭ بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ قايسى خىلدىكى ئەسەرلەرگە تاقەززا ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ زوقلىنىش تەلىپىنىڭ ئۆزگىرىشىنى سەزگۈرلۈك بىلەن ھېس قىلىپ تۇرۇشى ۋە ئۇنى پۇختا ئىگەللەپ تۇرۇشى زۆرۈر. (3) ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى، ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ خەلق ئىچىدىكى تەسىرىنى ۋە ئاقىۋىتىنى، ئۆزىنىڭ كەسپى ئىقتىدارىنىڭ قانداقلىقىنى ۋە بۇ خىل ئىقتىدارنىڭ دەۋر ۋە مىللەتنىڭ تەلىپىگە لايىقلىشىش دەرىجىسىنى بىلىپ تۇرۇشى —

يازغۇچىنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىپ، ئۆزىنى دائىملىق ئىشلەش ھالىتىگە كەلتۈرۈشىنىڭ يەنە بىر مەزمۇنى. مۇبادا يازغۇچى يالغۇز ئومۇمى تەرەپكە سەزگۈر بولۇپ، ئۆز ئىشىغا نىسبەتەن سەزگۈر بولمىسا، يەنىلا ھەقىقى ئىلھامغا ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭا يازغۇچىنىڭ ھەر ۋاقىت سەزگۈر بولۇشى، ئەقىل - بىلىمىنى ئېچىشقا كۈچ سەرپ قىلىشى — ئۇنىڭ دائىملىق ئىشى بولىدۇ. يازغۇچى ئۆزىنىڭ سىزىمچانلىقى، دىققەت، خاتىرە ئىقتىدارى بىلەن تىل — تەپەككۇر قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. چۈنكى، يازغۇچىنىڭ سىزىمچانلىقى قانچە يۇقىرى، دىققەت، خاتىرە قابىلىيىتى قانچە كۈچلۈك بولسا، ئۇ شۇنچە سەزگۈر، دىتلىق ۋە قابىلىيەتلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ تىل - تەپەككۇر ئىقتىدارى قانچىكى يېتىلسە، ئۇنىڭ ئىلھامى ئۈزۈلمەستىن پارتلاپ، سەزگەن ۋە ھېس قىلغانلىرىنى دەل جايىدا، جانلىق قىلىپ ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. يازغۇچى سەزگۈر بولغاندا ئىلھام بىلەن تىلنى زىچ بىرلەشتۈرەلەيدۇ.

مەلۇمكى: تىل، ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئامىلى ۋە بىرىنچى ماتېرىيالى، شۇڭا سۆز - جۈملىلەرنى تاللاش ۋە تاۋلاش، ئۇلارنى جاي - جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇش — بەدىئىي ئوبرازنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا — تىل مەسىلىسى بىر جاپالىق ئەمگەكنى تەلەپ قىلىدۇ. (4) يازغۇچىنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىشى ئۇنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدا ياخشى، ئەپلىك، نورمال كەيپىيات يارىتىشقا ماھىر بولۇشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كەيپىيات — ھەممە خىزمەتلەرنى نەتىجىلىك ئىشلەشنىڭ مەنىۋى سەيناسى. «ياخشى مەنىۋى كەيپىيات ئىلھامنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر». (ۋىرائىنىبىر) ئىجادىيەتتە بىر ياخشى مەنىۋي كەيپىيات يارىتىپ، يازغۇچى شۇ ياخشى مەنىۋى كەيپىيات ئىچىدە ئىشلەش — ئىلھامنىڭ ئۈزلۈكسىز قوزغۇلۇپ، بەدىي تەسۋىرلەرنىڭ راۋان بولۇشىنى، بۇنىڭ بىلەن بەدىئىي ئوبرازنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا يازغۇچى ئىمكانىيەت يار بەرسە ئۆزىنىڭ روھى كەيپىياتى، تۇرمۇش شارائىتى ۋە جۇغراپىيەلىك شارائىتى ئۆز ئىجادىيىتى ئۈچۈن پايدىلىق ئەپلىك بولغان شارائىتتا ئىشلىشى لازىم. ياخشى مەنىۋى كەيپىيات ھازىرلانمىغان چاغدا زورىقىپ يازماسلىقى لازىم. زورمۇزور يېزىلغان ئەسەر ھەقىقى چىنلىققا، تەبىئىلىككە، گۈزەللىككە ئىگە بولالمايدۇ. «شېئىرنى زورمۇ زور يازسىڭىز خەق ئۇنى ئوقۇغاندا جەزمەن تېخىمۇ زورمۇزور ئوقۇيدۇ. (ئەيچىڭ). (5) يازغۇچىنىڭ ۋاقىتقا نىسبەتەن سەگەك بولۇپ، ھەر بىر ۋاقىتنى ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشى — يازغۇچىنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىپ، ئۆزىنى ئۈنۈملۈك ئىشلەش ھالىتىگە كەلتۈرۈشىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى. يازغۇچى — شائىرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ۋاقىت — ئىجادىيەت، ۋاقىت — ئەسەر، ۋاقىت — بەدىئىي ئوبرازدۇر. شۇڭا يازغۇچىنىڭ ۋاقىت كۆز قارىشىنى تولىمۇ ئىلمى، تولىمۇ ئېنىق بولۇشى، ۋاقىتقا نىسبەتەن پوزىتسىيەسى، جىددى ۋە قاتتىق بولۇشى تەلەپ قىلىن-

www.uyghurkitap.com

دۇ. بۇ بىر تەرەپ. يەنە بىر تەرەپ شۇكى، يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت جەدۋىلىنى ئۆز ئادىتىگە ئاساسەن ئادەتتە ئىلهامى تېز پارتلاپ كېلىدىغان ۋاقىتقا توغرىلاش كېرەك. شۇنداقلا ئىشلەش ۋاقتى يازغۇچىنىڭ ئىلهامىنىڭ قانداق ھالەتتە كېلىشىگە قاراپ بەلگىلىنىشى زۆرۈر. بەزى يازغۇچىلارنىڭ ئىلهامى سەھەردە پارتلايدۇ، بەزىلەرنىڭ كەچتە پارتلايدۇ. ھەربىر يازغۇچى ئۈچۈن ئىجادىيەتنىڭ ئالتۇن ۋاقتى بولىدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. (6) باي، كۈچلۈك تەسەۋۋۇر ۋە خىيالغا ئىگە بولۇش — يازغۇچىنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىپ، ئۆزىنى ئىشلەش ھالىتىگە كەلتۈرۈشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. ئەمىلى تۇرمۇش (ئوبيېكتىپ تەرەپ) دىن يازغۇچىدىكى كۈچلۈك، باي تەسەۋۋۇر، خىيالى (سۇبيېكتىپ تەرەپ) ئىلهامنى پارتلىتىدىغان ئامىلدۇر. بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە خىيال بولمىسا ھەقىقىي ئىجادىيەتمۇ بولمايدۇ. خۇددى گېگېل ئېيتقاندەك: «ھەقىقىي ئىجادىيەت بەدىئىي تەسەۋۋۇر ھەرىكىتىدۇر». («ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» 1 - قىسىم، خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ سىفەن داشۆ نەشرىياتى 1984 - يىلى 210 - بەت) تەسەۋۋۇر ۋە خىيال ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ بىر قانۇنىيىتى، يەنى بىر خىل ئىستېتىكىلىق قانۇنىيەت. شۇنداق ئىكەن بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ روھى تۈرتكۈسى بولمىش ئىلهامنى تەسەۋۋۇر ۋە خىيالسىز چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس. يازغۇچى ئىجادىيەت جەريانىدا قانچە چوڭقۇر قانچە ئۆتكۈر تەسەۋۋۇر ۋە خىيال قىلسا، ئۇنىڭ تۇرمۇش پاكىتلىرى توغرىسىدىكى ھېس ۋە ئەقلى تونۇشى شۇنچە چوڭقۇر بولىدۇ - دە، ئۇنىڭ تەسىرلىنىشى تېز، قىزغىن بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىلهامنىڭ پارتلىشى ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

3. يازغۇچى ھەقىقىي ئىلهامنى قولغا كەلتۈرۈشتە، يۇقىرى بەدىئىي دىتكە ئىگە بولۇپ، تالانتلىق بىلەن ئىشلىشى، كۆپ مەشىق قىلىشى، كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈشى لازىم.

بەدىئىي دىت — يازغۇچىغا خاس ئىجادى كۈچ. ئۇ ھامان تالانت بىلەن بىرگە بولىدۇ. ئىلهام بولسا تالانتقا زىچ مۇناسىۋەتلىك مەنىۋى پائالىيەت. ۋىرائىنبىر: «ئىلهام ئۆزىنى ئىشقا، يارامىلىق ھالەتكە كەلتۈرۈشكە ماھىر بولۇشتۇر» («ئىلهام ۋە ماھارەت» «شىنجاڭ ئەدەبىيات — سەنئىتى» 1956 - يىل 12 - سان 75 - بەت) دەيدۇ.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ. «ئىلهامسىز ھەقىقىي ئىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ماھارەت شۇ ھەقىقىي ئىشنىڭ يىمىشىدۇر، ئەمما ئۆز نۆۋىتىدە ئىلهامنىڭ ئۆزى ئىشنىڭ نەتىجىسىدۇر» (يۇقۇرقىغا ئوخشاش). بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىش مۇمكىنكى، يازغۇچى ئىلهامنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يۇكسەك ۋە ئۆتكۈر بەدىئىي دىتقا، تەبىئىي تالانتقا، ئىجاتكارلىق روھقا ئىگە بولۇشى زۆرۈر. بۇ يەردىكى ماھارەت يازغۇچىنىڭ بەدىئىي دىتى بىلەن تالانتىغا قارىتىلغان.

دېمەك. ماھارەت ھەم يازغۇچىنىڭ ھەم ئىستىدا دىتىنى، چىۋەرلىكىنى ھەم

يازغۇچىنىڭ يېزىقچىلىق تېخنىكىسىنى كۆرسىتىدىغان تەرەپتۇر. ئەگەر يازغۇچى دىت-لىك، ماھارەتلىك بولسا رېئاللىقنىكى ماھىيەتلىك ھادىسلارنى ۋاقتىدا ھېس قىلىپ ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىدۇ-دە، ئىلھامى پارتلاپ، ھېسسىياتى تېشىپ، سۆز-جۈملىلىرى مارجانداك تىزىلىپ كېتىدۇ.

تالانت — بىر خىل تەبىئىي تۇغما نەرسە، شۇنداقلا تىرىشچانلىق بىلەن قول-غا كېلىدىغان نەرسە. يازغۇچى كۆپ ئەجىر قىلسا، كۆپ مەشق قىلىپ بەرسە ئۇنىڭ تالانتى شۇنچە ئۆتكۈرلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىلھامى توختاۋسىز قوزغۇلۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر بىر كىشىدە مول تۇرمۇش بىلىمى بولۇپ، يازغۇچىغا خاس بەدىئىي دىت، بەدىئىي تالانت بولمىسا، ئۇنىڭدا بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە خىيال، بەدىئىي تە-پەككۇر بولمايدۇ. ئەگەر بىر كىشىدە بەدىئىي تالانت ۋە تۇغما بەدىئىي دىت بولمىسا تىرىشچانلىق ۋە كۆپ مەشق قىلىشى بولمىسا ئۇنىڭدىكى بەدىئىي دىت كۈندىن-كۈنگە تۆۋەنلەپ كېتىشى تۇرغان گەپ. شۇڭا كۆپ ئىشلەش، كۆپ مەشق قىلىش تالانتنىڭ ئالدىنقى زۆرۈر شەرتى. شۇنداقلا بۇ ئىلھامنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ئالىملار ۋە كلاسسىك يازغۇچىلار تالانت بىلەن تىرىشچانلىقنىڭ مۇناسى-ۋەت مەسىلىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان. ماركس: «تالانت — تىرىشچانلىقتۇر» دېگەن. دارۋىنمۇ: «مەندە گەۋدىلىك چۈشىنىش قابىلىيىتى يوق، باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان پاراسىتىممۇ يوق، پەقەت سېزىش قابىلىيىتى جەھەتتە ئوتتۇرىدىكى كىشىلەردىن يۇقىرىراق تۇرۇشۇم مۇمكىن» دېگەن ئىدى. دارۋىننىڭ يۇقىرىراق تۇرۇشاتقان تەرىپى دەل ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىدۇر. ۋىرائىنبىر ئۆزىنىڭ: «ئىلھام ۋە ماھارەت» دېگەن ماقالىسىدا ئۇلۇغ رۇس سەنئەتكارى ستانىسلاۋسكىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلاپ: «ئىلھام سىرتتىن ئەمەس بەلكى ئەمگەك بىلەن ئادەم-نىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن كېلىپ چىقىدىكەن» («شىنجاڭ ئەدەبىيات سەنئىتى» 1956-يىل 12-سان 76-بەت). دەيدۇ. بۇ يەردىكى ئەمگەك دەل تىرىشچانلىقنى، ئەجىر قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ۋىرائىنبىر ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاش-تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلھام سىرتتىن كەلمەيدۇ... يېزىش، ھەر كۈنى يېزىش كې-رەك. ھەممە ئىش شۇنىڭدا». بۇ يەردە ئۇ ئىلھامنىڭ غايىپتىن ئەمەس بەلكى، جا-پالىق ئويلىنىش، تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق قولغا كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ن. ئوستروۋسكىي ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلاپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «مەن بىرلا نەرسىگە ئىشىنىمەنكى، ئىلھام ئەجىر بىلەن كېلىدۇ. يازغۇچى، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەربىر قۇرغۇچىسى ھەر قانداق شارائىتتا ۋە ھەر قانداق كەيپىياتتا ئەمگەك قىلغىنىدەك ھالاللىق بىلەن ئىشلىشى لازىم. چۈنكى ئەمگەك بارلىق كېسەل-لەرنى ساقايتىدىغان دەۋادۇر».

4. يۇكسەك دەرىجىدىكى ئۇمىتۋارلىق ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ — ئىشىنىش

— ھەقىقىي ئىلھامنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كاپالىتى. ئەبۇنەسىر فارابىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە جەددىي ئىشلەپ 100 نەچچە پارچە ئىلمىي، ئەدەبىي ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان. ناۋائىي «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» ۋە «مۇھاكىمە تۇل لۇغاتەيىن» دېگەن ئىككى يىرىك ئەسىرىنى 62 يېشىدا يازغان. لېۋ. تولستوي ئۆزىنىڭ «مەن سۈكۈتتە تۇرالمايمەن» دېگەن ئەسىرىنى 82 يېشىدا يازغان بولسا، نېمىس شائىرى دىراماتورگى ھىنرىخ ھېينى «فائۇست» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى 81 يېشىدا يېزىپ چىققان. ئەنگلىيە دىراماتورگى شوبېرنا 93 يېشىدا «زورمۇ زور تىمشىلاغان كىنايىلەر» ناملىق سەھنە ئەسىرىنى يازغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يازغۇچىسى، دىراماتورگى زۇنۇن قادىرى 70 ياشتىن ھالقىغاندىمۇ ئىجادىيەت ئۈستىدە جەددىي ئىشلىمەكتە.

يازغۇچى ھەر قانداق شارائىتتا ئۇمتۇۋار بولسا، ئۆز-ئۆزىگە ئىشەنسە، ئۇنىڭ تالانتى ئاجىزلاشماسلىقى ئىلھامى توختاپ قالماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا كلاسسىكلار بۇ مەسىلىدە ناھايىتى ئېنىق قاراشتا بولغان. روسىيە يازغۇچىسى تۇرگېنېپ ئۆز تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ: «يازغۇچى كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بولۇشى كېرەك. يازغۇچى ئاخىرىغىچە مەردانە مېڭىۋەرسۇن. دولقۇنلار تا كۆمۈپ كەتكىچە بېشىمىزنى ئېگمىز كۆتۈرۈپ تۇرىمىز» (ۋېرائىنېر «ئىلھام ۋە ماھارەت» تە كەلتۈرۈلگەن نەقىل) دېگەن. ۋېرائىنېر يازغۇچىلارغا خىتاپ قىلىپ: «نە ياشلىقىمۇ، نە قېرىلىقىمۇ يول قويماسلىق كېرەك» دېگەن. ئۇمتۇۋار بولۇش ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش مۇنداق تۆت مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) ئالدى بىلەن يازغۇچى ئۆز ئىشىغا، ئۆز ئېتىقادىغا، ئۆز قابىلىيىتىگە، ئۆز ئىلھامىغا ئۇمىت باغلىشى ۋە ئىشىنىشى كېرەك. (2) ئەڭ مۇھىمى يازغۇچىدا ئۆز مىللىتىگە، ئۆز خەلقىگە، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن زور ئۇمىت ۋە مۇستەھكەم ئىشەنچ بولۇشى زۆرۈر. بۇ تالانت ۋە ئىلھامنى موللاشتۇرىدىغان، كۈچەيتىدىغان مەنىۋى قۇدرەت. چۈنكى، يازغۇچى خۇددى بىلىنسكى ئېيتقاندەك يالغۇز تالانتلىق يازغۇچى بولۇپلا قالماي يەنە خەلق يازغۇچىسى، مىللىي يازغۇچى بولالىشى لازىم. (3) يازغۇچى كەلگۈسىگە نىسبەتەن يۈكسەك ئۇمىت ۋە ئىشەنچ روھىدا بولۇشى كېرەك. يەنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يالغۇز رېئالىزملا بولۇپ قالماي يەنە رومانتىزممۇ بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ تالانتى كۈچلۈنۈپ ئىلھامى ئۇلغىيىپ تۇرىدۇ. (4) يازغۇچىدا ئۆزى تاللىغان ژانىرنىڭ ياكى تۈر قانۇنىيىتىگە نىسبەتەن ئۇمىت ۋە ئىشەنچ بولۇشى كېرەك. مەلۇمكى ئەدەبىيات ژانىر ۋە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. بىر تەرەپتىن ھەر قايسى ژانىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ھەر قايسى ژانىرلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا باغلىنىشىمۇ بولىدۇ. يازغۇچى بۇ تەرەپلەرنى ئېنىق بىلىپ پۇختا ئىگەللىگەندىلا ئىلھامنى ياخشى باشقۇرۇپ ئۆز ئىزىغا سالالايدۇ.

# ھىجرىيە ۋە مىلادىيە كالىندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

(چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن جەدۋەل بىلەن كۆرسىتىلدى)

| ھىجرىيە يىل تەرتىۋى / مىلادىيە يىل تەرتىۋى / ئاي ئىسمى / ھىجرىيە ئاي تەرتىۋى | 951 | | | 952 | | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1544 - 1545 | | | 1545 - 1546 | | | |
| | كۈنلەر | مىلادىيە ئايلىرى | ھەپتە | كۈنلەر | مىلادى ئايلىرى | ھەپتە | |
| 1 | 25 | 3 | 3 | 15 | 3 | 1 | ھەر ئىككى كالىندارنىڭ |
| 2 | 24 | 4 | 5 | 14 | 4 | 3 | كۈن، ھەپتىلىرى ئوخشاش |

## ھىجرىيە يىلىنىڭ ئاي ئىسىملىرى ۋە تەرتىۋى

| | |
|---|---|
| Əlmuḩərrəm | 1. ئەلمۇھەررەم |
| Səpər | 2. سەپەر |
| Rəbiul əwwəl | 3. رەبىئۇل ئەۋۋەل |
| Rəbiussani | 4. رەبىئۇسسانى |
| Jamadiyəl əwwəl | 5. جامادىيەل ئەۋۋەل |
| Jamadiyəl ahir | 6. جامادىيەل ئاخىر |
| Rəjəp | 7. رەجەپ |
| Xə›ban | 8. شەئبان |
| Ramazan | 9. رامازان |
| Xəwwal | 10. شەۋۋال |
| Zulkə'də | 11. زۇلقەئدە |
| Zulḩijjə | 12. زۇلھەججە |

www.uyghurkitap.com

| 191 | 951<br>1544—1545 | 952<br>1545—1546 | 953<br>1546—1547 | 954<br>1547—1548 | 955<br>1548—1549 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 25.3.3 | 15.3.1 | 4.3.5 | 21.2.2 | 11.2.7 |
| 2 | 24.4.5 | 14.4.3 | 3.4.7 | 23.3.4 | 12.3.2 |
| 3 | 23.5.6 | 13.5.4 | 2.5.1 | 21.4.5 | 10.4.3 |
| 4 | 22.6.1 | 12.6.6 | 1.6.3 | 21.5.7 | 10.5.5 |
| 5 | 21.7.2 | 11.7.7 | 30.6.4 | 19.6.1 | 8.6.6 |
| 6 | 20.8.4 | 10.8.2 | 30.7.6 | 19.7.3 | 8.7.1 |
| 7 | 18.9.5 | 8.9.3 | 28.8.7 | 17.8.4 | 6.8.2 |
| 8 | 18.10.7 | 8.10.5 | 27.9.2 | 16.9.6 | 5.9.4 |
| 9 | 16.11.1 | 6.11.6 | 26.10.3 | 15.10.7 | 4.10.5 |
| 10 | 16.12.3 | 6.12.1 | 25.11.5 | 14.11.2 | 3.11.7 |
| 11 | 14.1.4 | 4.1.2 | 24.12.6 | 13.12.3 | 2.12.1 |
| 12 | 13.2.6 | 3.2.4 | 23.1.1 | 12.1.5 | 1.1.3 |

| 192 | 956<br>1549 | 957<br>1550 | 958<br>1551 | 959<br>1551—1552 | 960<br>1552—1553 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 30.1.4 | 20.1.2 | 9.1.6 | 29.12.3 | 18.12.1 |
| 2 | 1.3.6 | 19.2.4 | 8.2.1 | 28.1.5 | 17.1.3 |
| 3 | 30.3.7 | 20.3.5 | 9.3.2 | 26.2.6 | 15.2.4 |
| 4 | 29.4.2 | 19.4.7 | 8.4.4 | 27.3.1 | 17.3.6 |
| 5 | 28.5.3 | 18.5.1 | 7.5.5 | 25.4.2 | 15.4.7 |
| 6 | 27.6.5 | 17.6.3 | 6.6.7 | 25.5.4 | 15.5.2 |
| 7 | 26.7.6 | 16.7.4 | 5.7.1 | 23.6.5 | 13.6.3 |
| 8 | 25.8.1 | 15.8.6 | 4.8.3 | 23.7.7 | 13.7.5 |
| 9 | 23.9.2 | 13.9.7 | 2.9.4 | 21.8.1 | 11.8.6 |
| 10 | 23.10.4 | 13.10.2 | 2.10.6 | 20.9.3 | 10.9.1 |
| 11 | 21.11.5 | 11.11.3 | 31.10.7 | 19.10.4 | 9.10.2 |
| 12 | 21.12.7 | 11.12.5 | 30.11.2 | 18.11.6 | 8.11.4 |

# Journal of Xinjiang University

## (Philosophy and Social Sciences, Uighur Edition)

No. 3. 1986 (Total: No. 27)


## CONTENTS


An Important Problem of Augmenting the Quality of Education of the Minority Nationalities ........................................ *Akem J. ppar* 1

The Necessity of Strengthening the Ideologcal and Political Work of the University ........................................ *Sem.il Niyaz* 9

Philosophy Should Also Be Reformed .............. *Abduxukur Muhammat'imin* 19

The Dialectical Unity of Planned Economy and Commodity Economy ........................................ *Jalalidin Pazil* 34

Study the Thought of «Grasping Construction in One Hand and the legal System in the Other» ........................................ *Rahman Niyaz* 40

On the Problem of the Clssification of Sciences .............. *Mamtili Dani* 46

The Spread of Christianity into Xinjiang and Historical Relics of Christianity ........................................ *Kahar Barat* 58

Yang Zengxin and Islamism in Xinjiang ...................... *Wei Changhong* 84

An Inquiry into Some Place Names ............................ *Ablimit Rozi* 108

The Problem of Inspiration in Literary and Artistic Creation ........................................ *Tursun Kurban* 127

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

新疆大学学报（哲学，社会科学维文季刊）

(پەسىللىك ژۇرنال)

1986 - يىل 3 - سان .

(ئومۇمىي 27 سان)




ئۈرۈمچى خەلق باغچىسىدىكى قىزىل سومرۇق كۆنگەي راۋىقى
(1922 - يىلى ياسالغان)


نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

مۇشتىرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى پوچتاخانىلار

باسقۇچى: شىنجاڭ داشۆ باسما زاۋۇدى

تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

ش. ئۇ. ئا. ر. ژۇرناللارنى تىزىملاش ئورنىنىڭ كىنىشكە نومۇرى: 321

ۋاكالەت نومۇرى: 13 — 58

باھاسى: 0.50 يۈەن